TANGRITAG TANGRITAG TANGRITAG

ـقىپ ئاستىدىكى ئوخـ

ـمىڭۋا خىياللىرى ، ئاداۋامى

ـبوۋاي ۋە توغراق (ھېكايـ

ـساس ھېيتى ئەسەرلىرىدىن

1996

3



# تەڭرىتاغ





باش دىرېكتور: مەخمۇت قادىر

تانسخانا ئىچى



كۆسەن مېھمانخانىسى، تانسخانا، رېستوران ۋە ئىتتىپاق سودا سارىيى



رېستوران



مېھمانخانا

# كۇچا يېمەك-
# ىچمەك مۇلازىمەت
# شىركىتى

مەزكۇر شىركەت مېھمانخانا (كۆسەن مېھمانخانىسى)، سودا سارىيى (ئىتتىپاق سودا سارىيى)، تانسخانا ۋە رېستورانلارنى بىر گەۋدە قىلغان ئۇنىۋېرسال شىركەت بولۇپ، كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرى ۋە ئۈرۈمچى — قەشقەر تاشيول بويىغا جايلاشقان. ئۇ سىزنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى ئەڭ ياخشى ئارامگاھىڭىز بولالايدۇ.

ئادرېسى: كۇچا ناھىيىسى يېڭىشەھەر تېلېفون: 7124350، 7124351 (0997)

www.uyghurkitap.com



شېق سۆيگەن ئۆزۈلەس ئېقىن

ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1996 - يىل 3 - سان

ئومۇمىي 56 - سان

## مۇندەرىجە

### پوۋېست

تەقىپ ئاستىدىكى مۇھەببەت ........ توختى ئايۇپ 1

### ھېكايىلەر

تىك ئۇچاردا كەلسەڭلار ............ مەتقاسىم ئابدۇراخمان 44
قىز، قوناقگۈلى ۋە سىم-سىم يامغۇر (ئىزلەنمە ھېكايە) ......... ئەكبەر سالىھ 56

### ئەدەبىي ئاخبارات

موسكۋا خىياللىرى ........... نەبىجان تۇرسۇن 62
دەنچاك ۋە ئالتاي ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى...لوپەن، نيۇبوچىك
ئابدۇسالام ئابلىز، نىياز ئەمەت تەرجىمىسى 81

### شېئىرلار

بەلكىم ............ داۋۇتجان سەئىدىن 41
كېچە ۋە كۈندۈز ھەققىدە رىۋايەت ......... ھاجى مىرزاھىد كېرىمى 41
ئوغۇل-قىزىسى يۈرىكىدە ............ مۇھەممەتجان سادىق 42
ئىككى شېئىر ......... ئىمامبەردى ھاجى ھىلالىدىن 43
قار ياغدى بۇ يىلمۇ، سەن يوق يېنىمدا ......... ساداقەتجان ھاجى 43

### نەسرلەر

ئىككى نەسر ......... ئاسىيە ئابدۇرېھىم 60
ئىككى نەسر ......... نۇرمۇھەممەت ھاشىم 61

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

قەيسەر تۇرسۇن، ئەخەت كەلپىن ئىنسانى، مەڭلىك كېرەم (ياۋا)، ئابدۇخېلىل ئابدۇشۇكۇر، نۇرئامىنەم ئەھەت، مۇھەممەتياسىن ئوسمان، مۇھەممەتتۇرسۇن ھامۇت، ئابدۇكېرىم ئەبەي نۇسرەتگۈل ئالماس.................................. 52

## گېزىت - ژۇرناللاردىن

بوۋاي ۋە توغراق (ھېكايە) ................................پەخىرىدىن مۇسا 95
«بوۋاي ۋە توغراق» ھەققىدە (ئوبزور) ...................... ئەسقەر ياسىن 100

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن

سىماس ھېينى ئەسەرلىرىدىن ............ مۇختار مەخسۇت تەرجىمىسى 102

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ...................................................... 109

مۇقاۋا 1 - بەتتە: ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن قىز.

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى پەرھەت ئىبراھىم، ئابلىمىت ئابلىزلا ئىشلىگەن.



| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) | مەبىبۇللا مۇھەممەت |
| مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: | پولات ھېۋزۇللا |
| مۇھەررىرلەر: | ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر) |
| | سەنەۋەر تۇمەر، ئالىم خالىدىن |
| مەسئۇل كوررېكتور: | خەلچەم ئابلىمىت |




(پوۋېست)

**توختى ئايۇپ**

## 1

ئەتراپ قويۇق تەپتىدىن ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان، سايىداش ئۈچۈن يول چېتىدە بىرەر تۈپ مايماق جىگدىسىمۇ بولمىغان كەڭ كەتكەن دەشت-شورلۇقتا پىيادە مېڭىش ئۈچۈن قاتتىق چىدام ۋە تاقەت كېرەك.

قىزىل تراكتور ھەم ئېغىر كۈتەك ھارۋىلارنىڭ تولا مېڭىشىدىن كاتاڭلىرى چوڭقۇرلىشىپ، توپىلىرى پورپاڭلىشىپ كەتكەن كونا يولدا توپىلىنىڭ رېزىنكە چەمدىن گۈللۈك ئىز قالدۇرۇپ بىر خىل سۈرئەتتە كەلمەكتە ئىدى. يول گاھىدا خۇددى يىلاننىڭ قۇم ئۈستىدە قالدۇرغان ئىزىدەك ئەگرى-بۈگرى كۆرۈنسە، گاھىدا ئېگىز دۆڭلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۈچۈن خۇددى ئۇنىڭغا ئوراپ قويۇلغان ئارغامچىدەك يېرىم چەمبەر شەكلىدە دائىرە ھاسىل قىلغانىدى. يولدىكى پورپاڭ، بوزرەڭ توپا ئارىسىدا قوي-ئۆچكىلەرنىڭ ئۇششاق، قاپقارا قۇملاقلىرى؛ كالا، ئېشەكلەرنىڭ دەسسەپ چەيلەنگەن تېزەكلىرى كۆرۈنەتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى يانتاق، يۇلغۇنلارنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت توپا باسقان، شاخلىرى كۆتمەكلەشكەن. قايسىبىرلىرى ھارۋا چاقى ھەم ئات، ئېشەكلەرنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلەنگەن، بەرگلىرى سۇنغان، قۇرىغان، باش-ئايىغى يوق، گاھى يەرلىرى شوردىن ئاقىرىپ كەتكەن، بوزرەڭ، ئاتىراڭغۇ چۆل خۇددى ئۆلگەندەك... ئۆلۈپ مەڭگۈ نەپەستىن قالغاندەك شۇنچىلىك سۈرلۈك ھەم قورقۇنچلۇق... پەقەت ئۇ يەر-بۇ يەردە غوجمەك-غوجمەك بولۇپ ئۆسكەن يانتاق بىلەن يۇلغۇنلا بۇ زېمىندىكى بىردىنبىر ھاياتلىق بەلگىسى بولۇپ كۆكىرىپ تۇرىدۇ. چۆل — ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ جۇغلانمىسى. بۇ يەردە ھەمىشە ئاشۇ ئىككى خىل مەۋجۇتلۇق ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق ئېلىشىش داۋام قىلىپ تۇرىدۇ.

ئېغىر سومكىسىنى گاھ ئوڭ، گاھ سول مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان قىز بىردىنلا ئاشۇلار توغرۇلۇق مۇلاھىزە قىلىپ قالدى. ئۆلگەن دۇنيا... سەن ئۇنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتقىنىڭدا سېنى ئىختىيارسىز سۈر باسىدۇ، تەنلىرىڭ جۇغۇلدايدۇ. لېكىن ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىنتايىن بىخەتەر. ئەڭ خەتەرلىكى ھاياتىڭغا زامىن بولۇش ئۈچۈن زەھەرلىك خەنجىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرغىنى يەنىلا ھاياتلىق دۇنياسى... ئاھ، شۇ تاپتا ئاشۇ مۇھەببەتلىك دۇنيا نېمە بولۇپ كەتتى؟ شەھەرلەرچۇ؟ يېزىلارچۇ؟...

بولدىلا، قىزنىڭ شۇ تاپتا بۇ ھەقتە ئويلىغۇسى، ئۇنى ئەسلىگۈسى يوق. ئادەملەر بولمىغان بۇ ھاياتسىز چۆللۈكتە بىر دەم بولسىمۇ ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تىنجىپ قالدى. جىددىيلىشىش ھەم ۋەھىمىدىن چىڭ تارتىلغان راۋاب تارىدەك تىرىسلاپ كەتكەن ئەسەبلىرى ئەمدى بىردىنلا بوشىشىپ راھەتلىنىپ قالدى. لېكىن ئۇنى شۇ تاپتا تەشۋىش-ۋەھىمىگە سېلىۋاتقىنى خۇددى مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قەلئە خارابىسىدەك ئېگىز دۆڭ، كۆجۈم-كۆجۈم يۇلغۇنلۇق... خۇددى بىر توپ بەتبەشىرە مەخلۇقلار دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن ئالتاغىل ۋارقىرىشىپ يۈگۈرۈشۈپ چىقىدىغاندەك، خۇددى بىر بۇلاڭچى يۇلغۇننىڭ ئارقىسىدىن لوككىدە قوپۇپ، پىچىقىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالغانچە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىدىغاندەك... قىز يۇلغۇن ھەم ئېگىز دۆڭلەرگە چۆچۈپ-چۆچۈپ قارايتتى. قورققانسېرى قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇنىڭ قاش-كىرپىكلىرىنى بوزرەڭ توپا باسقان، لەۋلىرى قۇرۇغان، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە چىپكىم-چىپكىم تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى. ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ ھارغىنلىق ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن پۇتلىرىنى ئاران-ئاران يۆتكەپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا بىرەر يۇتۇم سۇ بولسىمۇ ئۇچراپ قالسا-ھە! جىق ئەمەس، ناھايىتى بىر يۇتۇم!... ئۈمىدسىزلەنگەن قىز لەۋلىرىنى يالاپ قويدى-دە، شۇئان شۈركىنىپ كەتتى. ۋاھ، نېمىدېگەن ئاچچىق! خۇددى بىر پارچە تۇز ئۇيۇتمىسىنى يالىۋالغاندەك...

بايا يىراقتا، ناھايىتى يىراقتا يېلىنجاپ تۇرغان سۇس تۇمان ئارىسىدا كۆك قارامتۇل بولۇپ كۆرۈنگەن بىر پارچە دەرەخزارلىق ئەمدى خىيلىلا يېقىنلاپ قالغان، ئەمدى ئۇنىڭدىكى ياپيېشىلچىلىقنىلا ئەمەس، دەرەخزارلىق ئارىسىدا قاتار كەتكەن ئاقۇش ئۆيلەرنى، ئېگىز سېپىلنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. قىز بىردىنلا غەيرەتلىنىپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئۈستىنى ياۋا چاتقال بىلەن ئاقۇش شور باسقان قاقاس سۇسىز چۆللۈك يىراق-يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ ياتقان بۇ سىرلىق زېمىن ئۈستىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بۇ بىر پارچە ياپيېشىلچى-لىق تۇنجى كۆرگەن ئادەمگە خۇددى چۆچەك-لەردىكىدەك مۆجىزىكار، ئەلۋەك ماكان بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئەمما بۇ يەر قىز ئۈچۈن [illegible] ئەمەس، بۇ يەر ھەر كىم ئاڭلىسا يۈرىكى جىغىلدىتىدىغان، قورقۇنچ ھەم ۋەھىمىگە سالىدىغان سىرلىق ماكان، تەكلىماكاننىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى.

قىز بۇ يەرگە يېقىنلاپ كەلگەنسېرى يۈرىكى ئىختىيارسىز بىر خىل قورقۇنچتىن جۇغۇلداپ كەتتى، ئۆزىنى بۇ يەرگە تامامەن يات، ھىمايىسىز، ئاجىز، بىچارە ھېس قىلىپ قالدى.

يول بويىدىكى كۆكتاتلىقتا بېشىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە قاپقارا كىيىنگەن، ياشانغان ئىككى ئادەم ئىشلەۋاتاتتى. قېشى ئېگىز ئۇستەڭ بويىنى ياقىلاپ، كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىشقان يەنە شۇنداق ئادەملەر ئۆتۈپ كېتىشتى. بۇلار يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيگەن، مۇسكۇللىرى چىڭ ياش يىگىتلەر ئىدى. لېكىن قىز ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى قوپال، كۆرۈمسىز تىكىلگەن قارا رەڭلىك كىيىمدىن ئۇلارنىڭ سۇ تۇتقىلى چىققان جىنايەتچىلەر ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى.

يولنىڭ غەرب تەرىپىگە رەڭلىك سىرلانغان ئاقۇش بىنا ئالدىدا ساقچىلار ھەم ھەربىيلەر مېڭىپ يۈرۈشەتتى. ھەركىم ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. بىنانىڭ ئالدىدا ۋاسكېتبول مەيدا-نى... گار بىلەن بىر توپ تېرەك ئارىسىغا تارتىلغان تانىغا يېڭىلا يۇيۇلغان ھەربىيچە كىيىملەر يېيىلغان. «چاڭبۇ دېگىنى ئېھتىمال مەشەدە بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى قىز بۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ.

يولنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، ئەتراپىدا بىر توپ دەرەخمۇ بولمىغان بىر پارچە ئوچۇقچىلىقتا ئېگىز تۇرمە سېپىلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «تۇر-مە... ئۇنىڭ ئىچى قانداقراقكىن؟ جىنايەتچىلەرنى تار، زەي، قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سولاپ قويۇشىدۇ ھەقچان، — ئۆزىدىن ئەللىك مېترچە يىراقلىقتىكى ھەيۋەت ھەم سىرلىق كۆرۈنىدىغان تۇرمە سېپىلىغا جۈرئەتسىزلىك ھەم قورقۇنچ ئىچىدە قاراۋېتىپ ئىچىدە ئۆكسۈپ كەتتى قىز، — بۇ نەچچىنچى تۇرمە ھېسابلىنىدىكىن؟ ئۇ مەشەدە تۇرامدىكىن؟» قىز ئۆز گۇمانىدىن ئۆزى ئۈمىدلىنىپ، ئادىل ھازىرلا بىر ياقتىن قارا

www.uyghurkitap.com

رەڭلىك كىيىم بىلەن چىقىپ كېلەرمىكىن دەپ، يولدا ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان، تۇرمە دەرۋازىسىدىن كىرىپ-چىقىۋاتقان جىنايەتچىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

ناتونۇش ماكان، يوچۇن ئادەملەر...

قىز چاڭبونىڭ قاتار كەتكەن بىنالىرىنى ئارىلاپ، نەچچە ئىشىككە دوقۇرۇپ، جىنايەتچىلەرنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئىشخانىسىنى خېلىدىن كېيىن تاپتى. ئىشخانا ئالدىدا ھارۋىلىق، ئېشەكلىك، ۋېلسىپىتلىق كەلگەن ئادەملەر كۆپ ئىدى. ھەممىسى مىسكىن ھەم رايىشلىق بىلەن ئىشىككە تەلمۈرەتتى. قىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىپ ئۆزىگە كېلىدىغان نۆۋەتنى كۈتۈپ تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بايىقى ۋەھىمە، قورقۇنچ دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىدا يۈرىكىدە تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ بولمايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىق، ئۈمىد ۋە تەشنالىق تۇيغۇسى ئەۋج ئۇرماقتا. ئاھ، ئۇ ھېلىلا ئۆزىنىڭ مەھبۇس قەدىردانى — ئادىلنى كۆرىدۇ. ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتىدۇ... ئۇ چاغدا ئۇ قانداق بوپ كېتەر؟ خۇشاللىق، ئالەمچە خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتەرمۇ؟ ياق، ئۇ يىغلىماسلىقى، كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش تۆكمەسلىكى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، تۇتقاندىمۇ خۇددى كۆرەش-پىپەن قىلىنغان، سوئال-سوراقلا تارتىلغان چاغلىرىدىكىدەك چىڭ تۇتۇۋېلىشى كېرەك. بىراق ئۇ، ساقچىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلەرنىڭ ئالدى بىلەن تونۇشتۇرۇش خېتىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بايىقى خۇشاللىقلىرى نەگىدۇر يوقالدى. بىردىنلا تەشۋىش-ساراسىمىگە چۈشۈپ، يانچۇقىنى قۇرۇقتىن قۇرۇق يەنە ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

— ئېسىڭىزدە بولسۇن! — بۇ، رەسمىيەت بېجىرىۋاتقان ساقچى قۇلىقى ئېغىرراق، ھاسا تاياقلىق دۆك بوۋاينىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى سىنچىلاپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بوۋايغا سۆزلەۋاتقان چاغدىكى ئۇنلۇك ئاۋازى، — ئوغلىڭىز بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا ئىككى مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ سۆزلىشىسىز، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئىككى مېتىر! تىنچ-ئامانلىق سورىشىسىز، ياخشى ئۆزگىرىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىسىز. باشقا ھەرقانداق گەپ مەنئىي قىلىنىدۇ، ۋاقتى ئوتتۇز مىنۇت. قائىدىگە خىلاپلىق قىلىدىكەنسىز، كېيىنكى قېتىمدا كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ!

— ئانچە-مۇنچە تاپقان-تەرگىنىمنى ئېلىپ كېلىۋىدىم، قوبۇل قىلارمۇ بالام؟

— يېمەك-ئىچمەك قوبۇل قىلىنىدۇ، كىيىم-كېچەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

— ۋاي بالمەي... ئاڭلىسام ئۈچىسىدىكى كىيىملىرى بەك سەتمىش، خۇددى توك قاغىغا ئوخشاپ قالغانمىش. مەن ئۆمرۈمدە ئوغلۇمغا ئۇنداق كىيىم كىيدۈرۈپ باقمىغان، شۇڭا قاراڭغۇ بازاردىن مىڭ تەسلىكتە رەخت بېلىتى سېتىۋېلىپ بىر قۇر كىيىم تىكتۈرۈپ كەلگەن.

— ئوغلىڭىز دېگەن ھازىر جىنايەتچى، بىلەمسىز! — ساقچى بوۋايغا سەۋرسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى، — قارا كىيىم كىيمەي توي كىيىمى كىيسە بولامتى ئەمسە! رەسمىيىتىڭىزنى تۇتۇڭ، قېنى مېڭىڭ!

ھودۇقۇپ كەتكەن بوۋاي ئىچىدە نېمىنىدۇر پىچىرلايتتى، قەغەز تۇتقان قولى تىترەيتتى، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىدە بىر خىل جىددىيلىك ۋە ھاياجانلىنىش ئىپادىسى پىلىلدايتتى. بۇ، ئۇنىڭ ساقچىنىڭ سۆزلىرىگە بولغان نارازىلىقمۇ، ياكى ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن قىلىۋاتقان شۈكرى-قانائىتىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

«كۆرۈشتۈرۈشتىمۇ قاتتىق تەرتىپ بار ئىكەن-دە! مەيلى، ئىككى مېتىر ئارىلىقتا كۆرۈشتۈرسىمۇ دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولسىلا مەيلى ئىدىغۇ» بىئاراملىق ھەم تەشۋىش ئىچىدە پىچىرلىدى قىز.

نۆۋەت ئەمدى يېشى قىرىقتىن ھالقىغان، بېشىغا نىمكەش تور رومال سالغان ئايالغا كەلدى.

— بۇ دادىڭىزنىڭ تونۇشتۇرۇشكە نىغۇ؟ — ساقچى تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى ئۇياق-بۇياققا چۆرۈپ ئايالغا ئەيىبلەش ئاھاڭىدا سۆزلەيتتى، — ئۆتكەن قېتىمدا نېمىدېگەن مەن سىزگە؟

— گۇگۇشېدىن ئەكىلىڭ دېگەن، ئەمما
مۇشۇ قەغەزنىمۇ بەك تەستە ئالدىم، ئۇكام.
ساقچى قەغەزنى تۇتۇپ بىرئاز ئويلىنىپ
ئولتۇرۇپ كەتتى. «ئەمدى مەن قانداق
قىلارمەن؟ ئىشىم چاتاق ئوخشايدۇ» ئىچىدە
پىچىرلىدى قىز دېمى ئىچىگە چۈشۈپ.
— خەير، بوپتۇ، يىراقتىن كەپسىز، —
ساقچىنىڭ ئەمدى بوشىغان، مۇلايىم ئاۋازى
ئاڭلاندى، — كېيىنكى قېتىم گۇگۇشېنىڭ
تونۇشتۇرۇشىنى ئەكەلمىسىڭىز كۆرۈشتۈرۈلمەيدۇ
جۇمۇ، بۇ گەپ ئېسىڭىزدە بولسۇن.
«يىراقتىن كەلگەنلەرگە ئېتىبار بېرە-
لمەيدىكەن-دە، — بىر خىل سۇس ئۈمىد ئىچىدە
پىچىرلىدى قىز، — مەن ئەڭ يىراقتىن، نەچچە
كۈنلۈك يولدىن كەلگەندىكىن...»
قىزغا خېلىدىن كېيىن نۆۋەت كەلدى. ئۇ
بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئۈمىدسىزلىك،
تەشۋىش، ۋەھىمە ۋە بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە
دېمى بوغۇلۇپ نەپەسمۇ ئالالماي قالدى.
— تونۇشتۇرۇش... — دېدى ساقچى
قولىنى سوزۇپ. قىز ئارتۇقچە تەمتىرەشتىن
تىلى قېتىپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ
تۇرۇپ قالدى.
— قېنى، تونۇشتۇرۇشىڭىزنى چىقىرىڭ، —
تەكرارلىدى ساقچى.
— يولدا پىشكەلچىلىككە ئۇچراپ تونۇشتۇرۇش-
نى يوقىتىپ قويغانىدىم.
— تونۇشتۇرۇش بولمىسا كۆرۈشتۈرۈلمەيدۇ،
ئەمىسە بۇياققا ئۆتۈڭ.
—يېرىم يولدا يوقىتىپ قويدۇم. ئارقامغا
قايتىشقا مۇمكىن بولمىدى، بۇدا بىر قېتىم
غەمخورلۇق قىلسىڭىز، — دېدى يېلىنىش ئىچىدە
راستىنى ئېيتىپ.
— كىم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىڭىز؟
— ئادىل ئابدۇراخمان بىلەن، ئۈرۈمچىدىن
ئېلىپ كېلىنگەن. ئۇ بۇ يەردە 3-جۇڭدۈيگە
تەقسىم قىلىنغانىكەن.
— نېمىڭىز بولىدۇ ئۇ؟
— ئېرىم.
— ئۆزىڭىزچۇ؟ كىم بولىسىز؟ نېمە ئىش
قىلىسىز؟
— ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىمەن، ئىسمىم
ئادىلە.
— ئادىل، ئادىلە... گۈل گۈلگە كەلگەن
قوشماق ئىسىملاركەنغۇ بۇ؟ — ساقچى قىزىقسى-
نىپ يەڭگىل كۈلۈمسىرىدى، — توختاپ تۇرۇڭ
ئەمىسە.
ساقچى ئىشخانىنىڭ يەنە بىر بۆلۈمچىسىگە
كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا يېنىپ چىقتى.
— باشلىققا ئېيتتىم، مۇمكىن بولمايدىكەن،
سىز ئەڭ ياخشىسى يېنىپ بېرىپ تونۇشتۇرۇش
ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى ئۇ.
— ماڭا رەھىم قىلىڭ، نەچچە كۈنلۈك
يىراقتىن كېلىشىم... — قىزنىڭ ئاۋازى
ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى، كۆز چاناقلىرىدا
ياش لىغىلداپ تۇراتتى.
— يىراقتىن كەلگىنىڭىزنى بىلدىم. بىراق
تونۇشتۇرۇشىڭىز بولمىسا نېمە ئامال؟ قېنى
ئەمىسە بىر چەتكە ئۆتۈڭ.
ئادىلە گەپلىرىنى دېيىشكە ئۈلگۈرەلمەيلا
كەينىدىن كەلگەنلەر ئۇنى ئىتتىرىپ چەتكە
چىقاردى. ئۇ ئەمدى ئۇگە-ئۇگىلىرىنى سىرقى-
رىتىپ ئاغرىتىۋاتقان ھارغىنلىقنى، قورسىقىنىڭ
ئاچ، ھەتتا يېنىدىكى ئۆستەڭدىن بىر يۇتۇم
سۇ ئىچىشى كېرەكلىكىنى ئۇنتۇغان. ئۇ جاھان-
دىن، ھاياتلىقتىن ھەممە ئۈمىدلىرى ئۈزۈلگەن
ئادەمدەك بوشىشىپ بىنا يېنىدىكى تېرەككە
يۆلىنىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ نېمە
قاباھەت؟ ئۇ، بۇ يەرگە يەتكۈچە نېمە
كۈنلەرنى كۆرمىدى؟ دۇنيانىڭ ئۇ تارتمىغان
يەنە قايسى جاپاسى قالدى؟ ئەجەبا بىر
پارچە تونۇشتۇرۇشنىڭ يوقلۇقى ئۈچۈنلا مىڭ
كىلومېترلاپ يىراقتىن ئارزۇلاپ كەلگەن ئېرى
بىلەن كۆرۈشتۈرۈلمەسە-ھە! راستىنلا كۆرۈش-
تۈرۈلمەسمۇ؟ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىرەر
ئامالىمۇ تېپىلماسمۇ؟ بولمىسا ئۇ مۇشۇ چۆل
سەھرادا ئۆلگەنگە باراۋەر بولىدۇ. ئۆلگەن
ئادەم كەلگەن يولىغا يېنىپ كېتەلەمدۇ؟
يولدا كېتىۋاتقان ئىككى ساقچى ئادىلەنى
كۆرۈپ بىر-بىرىگە قاراشتى، ئاندىن ئالدىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كېلىشتى:

— نېمە ئايالسىز؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىز؟

— ئېرىم بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنىدىم.

— رەسمىيەت بېجىردىڭىزمۇ؟

— تونۇشتۇرۇشۇم يولدا يۈتۈپ كېتىپتۇ، ئۇ بولمىسا كۆرۈشتۈرۈلمەيدۇ، دەيدۇ. تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتىكى مەقسەت مېنىڭ سالاھىيىتىمنى بىلىشقۇ. مەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىمەن، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن، ئەسكى ئايال ئەمەس، ئېرىم بىلەن كۆرۈشتۈرسەڭلار، يېرىم سائەت ئەمەس، ئون بەش مىنۇت بولسىمۇ مەيلى ئىدى.

— قوپۇڭ ئورنىڭىزدىن! — ئاقسېرىق، ئورۇق، ئېگىز ساقچى قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى، — گەپلىرىڭىزگە قارىغاندا ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن سېپسىق زىيالىيكەنسىز-دە! ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئەڭ كۆپ چاتاق تېرىۋاتقانلار ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر. شۇڭا بۇنداقلاردىن ئالدىمىزغا كېسىلىپ كەلگەنلەر ئازمۇ؟ ئېھتىمال سىز بۇ يەرگە ئەكسىلئىنقىلابىي ئالاقە باغلاش ئۈچۈن كەلگەنسىز. سومكىڭىزدىكى نېمە؟

ئادىلە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سومكىنى چىڭ تۇتقىنىچە كەينىگە شوخشىدى.

— سىز خەلق ساقچىسى تۇرۇپ ماڭا بوھتان چاپلىماقچىمۇ؟ مېنى بوزەك قىلماقچىمۇ؟ — ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

— ئەمىسە بۇ يەردىن تېز يوقىلىڭ! غەيرىي ئادەملەرنىڭ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشىغا رۇخسەت يوق. بۇ يەر سەيلىگاھ ئەمەس، تۈرمە. بىلدىڭىزمۇ!

«ئۇلار ماڭا ياردەم قىلارمىكىن، شەپقەت كۆرسىتەرمىكىن» دەپ ئۈمىدلىنىپ تۇرغان ئادىلە ساقچىنىڭ جىددىي ۋارقىرىشىدىن بىردىنلا تەشۋىشكە چۈمدى. «راستىنلا سومكامنى تارتىۋېلىپ ئاختۇرارمۇ-ھە؟ راست، ئاختۇرسىلا چاتاق. بۇلار پەقەت ئادىلىغىلا مەنسۇپ بولسىمۇ ساقچىلارنىڭ گۇمان-شۈبھىسىنى قوزغايدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسىلەر...» ئادىلە ئۆز خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ، سومكىنى راستىنلا ئۇلار كېلىپ تارتىۋالىدىغاندەك ئىككى قوللاپ قۇچاقلىدى-دە، چوڭ يولنىڭ ئايىغىغا خۇددى يۈگۈرگەندەك مېڭىپ كەتتى.

كۈن غەربكە قايرىلغان، بارغانسېرى قويۇقلىشىپ پەسكە ساڭگىلىشىۋاتقان قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا گاھىدا ئۇنىڭ سارغۇچ نۇرلىرىلا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئازاب، دەرد-ئەلەم ۋە ھارغىنلىقتىن سەزگۈلىرى تېلىپ، بىر خىل گاراڭلىق ئىچىدە كېتىۋاتقان ئادىلە شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەتراپتا ئەتىگەندىكىدەك تۈپتۈز كەتكەن قاقاس چۆللۈك ئەمەس، مىسىرنىڭ ئەل ئېھرامىنى ئەسلىتىدىغان ئېگىز، ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. ئەتراپىدا ياپيېشىل قومۇشلۇقلار، ئۈستىدە غۇجمەك-غۇجمەك بۆك يۇلغۇنلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئادىلە چۆلدە كېتىۋاتقان چاغدىكى ئاتەشلىك قىزىق ھاۋانىڭ ئەمدى بىردىنلا سالقىنلىشىپ، بۇرنىغا نەمخۇش ھاۋانىڭ ئۇرۇلۇشىدىن يېقىنلا يەردە ئۇپۇقنى يۇتۇپ كەتكەن قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا پات-پات ئاڭلىنىۋاتقان گۈلدۈرمامىنىڭ ھەيۋەتلىك، يىراقتىكى جۇغۇلداتقۇچى قورقۇنچلۇق ئاۋازىدىن ئۇزۇنغا قالماي تاراسلاپ قۇيۇلىدىغان قارا يامغۇرنى جەزم قىلدى-دە، بىردىنلا قورقۇنچ، تەشۋىشكە چۈشۈپ، قەدىمىنى تېزلىتىشكە باشلىدى. بىراق ئۇ شۇ تاپتا نەگە باردۇ؟ قايسى پىنھان ماكاندا پاناھلىنىدۇ؟ ئۇنىڭ ھەسرەتلىك بۇ يۈرەك نالىسىغا بېشى ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرغان قارا بۇلۇت ئارىسىدا تاراقشىپ تۇرغان گۈلدۈرماما ئۆزىنىڭ زېمىننى لەرزىگە سالغۇچى ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىشى بىلەن جاۋاب بەردى.

## 2

يامغۇرنىڭ خۇددى قارا بورانىدەك گۈرۈلدەپ ھەيۋەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، ئۈينىڭ كونا تاملىرىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن، ئۆزگە خۇددى ئاسماندىن تاش ياغقاندەك تاراسلاپ چۈشۈشىدىن قورقۇپ بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ

www.uyghurkitap.com

قالغان موماي، ئۆگزىدىن ئۆتكەن تامچا دەسلەپتە كاڭغا، پەگاغا، ئوچاق بېشىغا چېپىلداپ چۈشۈپ، ئاندىن شۇرقىراپ قۇيۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن بىردىنلا پايپېتەك بولۇپ ئۆي ئىچىدە ئۇياق-بۇياققا يۈگۈردى. داس، تەڭنە، كورا، ئاياقلارنى①شۇرقىراپ تامچا قۇيۇلۇۋاتقان يەرگە قويدى. گۈلدۈرماما خۇدانىڭ غەزىپى دېيىشىدۇ. مۇنداق قارا يامغۇرمۇ دېھقان ئۈچۈن بىر ئاپەت-تە! بۇ، تىكەندەك يالغۇز موماي ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ تەشۋىش-قورقۇنچتىن پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى گاھ تورۇسقا، گاھ تامغا تىكىپ «ياغاچ بېسۋالارمۇ؟ تام ئۆرۈلۈپ چۈشەرمۇ؟» دەپ ۋايىم يەيدۇ. ھېلىدىن ھېلىغا ئاياق، كورا، تەڭنە، داسقا تولغان يامغۇر سۇلىرىنى بوسۇغىدىنلا شارقىرىتىپ تۆكىدۇ. ئۇنىڭ ئارامى بۇزۇلغان، قېرىغاندا خۇددى جەبرائىلنىڭ شەپىسىدەك دەھشەتلىك بولۇپ تۇيۇلىدىغان قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن دېمى كېسىلىپ نەپەسلىرى خىرقىراپ قالغان...

تۆكلىرى ھەممىشە پارقىراپ تۇرىدىغان، سەمرىپ پاخلاندەك يوغىناپ كەتكەن كادالڭ تاغىل مۈشۈكلا بۇ ئۆيدە ئەڭ خاتىرجەم. ئۇ سىرتتا شارقىراپ يېغىۋاتقان قارا يامغۇردىن بىخەۋەر. بۇلۇڭدىكى كات ساندۇق ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغان يوتقان-كۆرپە ئۈستىدە تۈگۈلۈپ خورۇلداپ ئۇخلىماقتا. بېشىنى يوتقاننىڭ تېخىمۇ ئىسسىق يېرىگە تىقماقتا. ئۇ مومايىنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر سادىق ھەمراھى، ئۇ شۇ تاپتا مومايغا ئۆزىنىڭ ۋەھىمە ئىچىدىكى مياڭلاشلىرى، قورقۇنچ ئىچىدىكى ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرۈشلىرى بىلەن ئەمەس، خاتىرجەملىكى، ھوزۇرلۇق ئۇيقۇسى بىلەن ھەمراھ.

مومايىنىڭ ئىچىدە خۇدانى مىڭ قېتىم يادلاپ قىلغان ھەسرەتلىك ئىلتىجاسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىنمىكىن، خۇددى جاھاننى يالماپ يۇتۇپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك ئەلپازى بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن قارا يامغۇر بىرپەس داۋام قىلغان قەھرى-غەزەپلىك ھۆركىرىشىدىن كېيىن ئاستا-ئاستا پەسلەپ ياۋاشلاپ قالدى. ئۆي ئىچىمۇ بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئىنشائاللا، ھېلىمۇ ياخشى توختىدى... ياغىسىمۇ قانداق قىلاتتى موماي؟ ئەمدى ئىنەك بىلەن موزايغا قاراپ بېقىشى، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك، ئىنەك يامغۇرغا چىلىشىپ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ موزىيىچۇ؟ سوغۇقتىن شۈمشەرەپ پەيلىرى تارتىشىپ كەتكەندۇ ھەقىچان. ھەر ئىككىسى بىكار مۆرىمەيدۇ، ئانىسى ئاچلىقتىن، بالىسى سوغۇقتىن...

موماي ئىشىكتىن چىقىپ تام ياقىلاپ ماڭماقچى بولدى، ھويلا يامغۇر سۈيىدىن ئەكچىپ خۇددى بولدۇرغان خېمىردەك يۇمشاپ كەتكەنىدى. ئۈزۈم تېلى ئاستىغا يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيى كىچىككىنە كۆلچەكتەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئەمدىلا تەم كىرىشكە باشلىغان ئۈزۈم ساپاقلىرىدىن، يوپۇرماق ھەم تال بەرگىلىرىدىن ھېلىمۇ چېپىلداپ يامغۇر سۈيى ئېقىۋاتاتتى. بولۇتلار تارقاپ بۆلەكچە ئېچىلىپ كەتكەن كۆك ئاسمان خۇددى ھازىرلا يۇيۇپ سۈرتۈلگەن ئەينەكتەك پاكىز ھەم تازا ئىدى. ئۇپۇق ئۈستىدە غايەت زور ئوت شاردەك چاقناپ تۇرغان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدا پارچە-پارچە بولۇپ لەيلەپ يۈرگەن قات-قات بۇلۇتلار خۇددى شەلپەردەك تاۋلىنىپ قىزىرىپ كۆرۈنەتتى. نەمخۇش، سالقىن ھاۋادىن ئۈنگەن قىغنىڭ چىرىگەن ھىدى كېلەتتى. يامغۇرنىڭ ئۆگزىدىن سىرغىپ چۈشۈشىدىن ئۇ يەر-بۇ يەرلىرى قىلىچ بىلەن كەسكەندەك تىلىنىپ كەتكەن كونا تام ھازىرلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئىدى...

موماي ئۆي بىلەن يول ئارىلىقىغا يانداپ سېلىنغان، ئەتراپى ئاق تىكەن بىلەن قاشالانغان ئېغىل شاخشىنى ئېچىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئېغىلنىڭ چەت تېمى يېنىدىكى سۆگەت تۈۋىدە دۈگدىيىپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئادىلەنى كۆرۈپ قالدى. موماي ئۈچۈن تامامەن ناتونۇش بولغان بۇ قىز يىگانە-يالغۇز سۆگەت تۈۋىدە سومكىسىنى تىزىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا زاڭقىنى تىرىگىنىچە شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. يالاڭ كۆڭلىكى بەدىنىگە

① ئاياق — يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان ھېجىر قاچا.

چاپلىشىپ كەتكەندى. يامغۇردا ھۆل بولۇپ چۈۋۈلۈپ كەتكەن چاچلىرىدىن ھېلىمۇ يامغۇر سۈيى ئېقىۋاتقاندەك قىلاتتى. موماي يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا باردى-دە، بىلىكىدىن تارتىپ تۇرغۇزماقچى بولدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، تالادا قاپسىز-دە، مۇشۇ يامغۇردا. ئورنىڭىزدىن قوپۇڭ، نەدىن كەلگەن؟ قاياققا كېتىۋاتقانتىڭىز؟

ئادىلەنىڭ نە جاۋاب بەرگۈدەك، نە ئورنىدىن تۇرغۇدەك ھالى يوق، بەدىنى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. گەۋدىسى كۈچسىز دىرىلداپ تىترەپ تۇراتتى. لەۋلىرى كۆكىرىپ، چىرايى تاسادىپىي كېسەل تەگكەندەك تاتىرىپ كەتكەندى. موماي ئۇنى كۆتۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيگە ئېلىپ كىردى. كاڭنىڭ قۇرۇق يېرىگە كۆرپە سېلىپ ياتقۇزدى-دە، ئىنەك بىلەن موزايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىراپ ئاشقا تۇتۇش قىلدى.

ئۈگرە قىلىپ ئوخشىتىپ ئەتكەن ئىسسىق ئاش ئادىلەنى ئاستا-ئاستا ئۆزىگە كەلتۈردى. ناتونۇش، ئەمما چىرايى پەرىشتە سۈپەت، چىرايلىق قېرىغان ئانا ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ ئۇنىڭغا ئاشنى كۆپرەك ئىچكۈزۈش ئۈچۈن پايپېتەك بولماقتا. «ئەمدى قانداقراق تۇرىسىز؟ ماغدۇرىڭىزغا كېلىۋاتامسىز؟» دەپ سورىماقتا. بۇ ناتونۇش ئەمما نەقەدەر يېقىملىق ئاۋاز-ھە! خۇددى يىراقتا قالغان ئانىسىنىڭ مېھرىلىك ئاۋازىدەك، تېگى-تېگىدىن بىر خىل مېھرى-مۇھەببەت سىرغىپ تۇرىدۇ... تالا قاراڭغۇ... توغرا تام ئۈستىدىكى جىنچىراق پىلىكىدىن قاپقارا ئىس چىقىرىپ تۈتمەكتە. ئۇنىڭ لىپىلداپ تۇرغان قىزغۇچ، گىرىمسەن شولىسىدا ئۆي ئىچى غۇۋا يورۇپ تۇرىدۇ. بىساتسىز ئۆي، كاڭدا ئۇ يەر-بۇ يەرلىرى يىرتىلغان، يىرتىقلىرىدىن داق يەر كۆرۈنۈپ قالغان ئەسكى كىگىز، كونا يوتقان-كۆرپە، قۇراق تەكىي، پەگادا كەتمەن، بىگەن، پالتا، قوزۇقتا غەلۋىر، ئۆتكەمە. ئويۇقتىكى چىنە-قاچا، ئىشىك يېنىدا چوقچىيىپ تۇرغان كوزا، قاپاق... بۇ نەرسىلەر ئادىلە ئۈچۈن تېخىچە ناتونۇش ھەم يېڭى. چۈنكى ئۇ بۇ ياقا يۇرتتا باشقىلارنىڭ ئۆيىگە تۇنجى كىرىشى ئىدى... بىراق بۇ تەئەللۇقلار ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئائىلە بىساتىدەك شۇنچىلىك ئۆز ھەم ئىللىق كۆرۈنمەكتە. ئۆي نامرات، كونا ھەم قاراڭغۇ، ئەمما ئۇ ئادىلە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، بىباھا بولغان مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ ئىللىقلىقى بىلەن تولغان...

موماي قازان-قومۇچلىرىنى يۇيۇپ يىغىشتۇرۇپ بولغىچە ئادىلە ئىسسىق ئاشتىن كېيىن ئېزىلىپ، ئۇگە-ئۇگىلىرىدىن قوزغىلىپ پۈتۈن بەدىنىگە تاراۋاتقان شېرىن ئۇگدەك ئىچىدە تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ مومايىنىڭ چاقىرىشلىرىغا جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، موماي قارا چىراغنى كۆتۈرۈپ يېقىن ئەكىلىپ ئادىلەنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ ئۇزۇنغىچە قاراپ كەتتى. قىز ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ھەم لاتاپەتلىك ئىدى. «ئاھ، خۇدا، كۆز تەگمەسۇن، خۇددى قىزىم زۆھرەنىڭ ئۆزىلىغۇ... ئاللا ئىگەم، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسان، بېشىنى ئېغىر كۈندىن خالاس قىل، چۈنكى بۇنداق ئادەمدىن ساڭا ئاسىيلىق، بەندىگە يامانلىق كەلمەيدۇ. ئەنە، ئۇنىڭ دىلىنىڭ ئاق، غۇبارسىزلىقىنى چىراي-رۇخسارى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ...» خۇددى يىراقتىكى قىزىنى كۆرگەندەك بولۇپ ئىچ-ئىچىدىن مەستلىكى كېلىپ كەتكەن موماي ئادىلەگە خېلىغىچە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مەززىلىك ئىسسىق ئاش ھەم ئۇيقۇدىن لەززەت، ئاراملىق تېپىپ، قېنى مەڭزىگە تېزلا تېپىپ چىققان قىزنىڭ چىرايى كىشىنىڭ ئەقلى لال بولغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل، لاتاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان تاڭ غۇنچىسىدەك جىلۋە قىلىپ ھال رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان لەۋلىرى ئاللىكىمگە نېمە توغرۇلۇقتۇر پىچىرلاپ سۆزلەۋاتقاندەك ئاستا مىدىرلايتتى. بۇرنى تۈپتۈز ساقىپ چۈشكەندەك ئىدى، دولقۇنلۇق چاچلىرى يېيىشىپ تۇرغان كەڭرى پېشانىسىدىن، قاپاقلىرىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان بوستان كىرپىكلىرىدىن كىشىگە ئادەتتىن تاشقىرى يېقىملىق

www.uyghurkitap.com

تۈيۈلۈپ، ئۆتكۈر جەزبە ۋە ئۇماقلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. موماي ئۇنىڭغا قارىغانسېرى يىراقتىكى قىزى يادىغا يېتىپ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى. موماي شۇ قىزنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلەتكۈسى كېلىپ، ئادىلەنىڭ تەكىيگە يېيىلىپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەپ مەڭزىنى، پېشانىسىنى سىلاپ قويدى، سىلاپ قويدى-يۇ، چۆچۈپ كەتتى. پېشانىسى ئوتتەك قىزىق، نەپەسلىرىمۇ قىزىق ئىدى. ئۇ بىرئازدىن كېيىن كۆچسىز ئىڭراپ ئۇياق-بۇياققا تولغىنىشقا، جۆيلۈشكە باشلىدى. موماي شۇئانلا جەزم قىلدى، يامغۇردىن سوغۇق ئۆتكەن گەپ.

مەيلى ئۇ كىملا بولمىسۇن ئۇنىڭغا ئانىدەك كۆيۈنۈشى، دەردىگە دەرمان بولۇشى كېرەك. مومايغا ئەمدى ئۇيقۇ نەدە؟ ئۇ لۆڭگىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ كېپچە قىزنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇزۇمنىڭ تۆگىلىرىنى تاللاپ سىقىپ، ئادىلەنىڭ قېقىلىپ سىلكىنىپ تۇرغىنىغا قارىماي زورلاپ ئىچۈردى. شۇنىڭدىن شىپا تاپتىمكىن، قىزنىڭ قىزىتمىسى خېلىلا ياندىغاندەك بولدى. ئەمما ئۇنىڭ ماڭغۇدەك، تالا-تۈزگە چىققۇدەك ھالى يوق ئىدى. موماي ھايال ئۆتمەي خۇددى ئاخشامىدىدەك ئېغىزغا تېتىغۇدەك سۇيۇقئاش قىلدى.

— رەھمەت ئانا، سىلىگە كۆپ رەھمەت. ئەمدى مەن ماڭاي، — دېدى ئادىلە ئاشتىن كېيىن.

— نەگە؟ مۇشۇ ھالىڭىز بىلەنما؟ — داستىخانلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان موماي نېمىندۇر كۆڭلىگە كەچۈرگەندەك كاڭنىڭ بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى، — ياقەي، ماڭسىڭىز ئۈزۈلۈپ قالىسىز... ئەمدى ھال-ئەھۋالىڭىزنى سوراي، نەدىن كېلىشىڭىز؟ نەگە كېتىۋاتىسىز؟

ئادىلە دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى. نېمە دېسە توغرا بولار؟ مۇشۇ ئاق كۆڭۈل مومايغا ھەممە يۈرەك سىرلىرىنى، ھەسرەتلىرىنى تۆكسە، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئانىلارچە ھىمايىسىگە ئېرىشسە... ئەمما ئادىلە دەرھال بۇ قارارىدىن ياندى.

— ئۈرۈمچىدىن تۇغقان يوقلاپ كېلىشىم ئىدى.

— ۋاي-ۋۇي... ئەجەپ يىراقتىن كەپسىز. ئاڭلىسام ماشىنىدا ماڭسا ئىككى-ئۈچ كۈنلۈك يول دەيدىغۇ ئۇ يەرنى؟

— ھەئە، ناھىيەدىن ئىككى كۈنلۈك يول. ئاتا-ئانام ئاغرىقچان بولغاچقا، دادام ئۆتكەن يىلى، ئاپام بۇ يىل ئەتىيازدا تۈگەپ كېتىپ ئۆزۈم ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالدىم، — ئادىلە سۆزلەۋېتىپ مومايىنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتقىنىدىن ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ، ئاغزىنى ئېچىپ قالغىنىدىن خىجىل بولۇپ ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، — ئىش تېپىپ جېنىمنى باقاي دەپ كوچىمۇ-كوچا نەچچە ئاي قاتىرىدىم. ئەمما ماڭا ئىش چىقمىدى. ئاپامنىڭ مۇشۇ ناھىيەدە پوچتىخانا ئالدىدا خەتچىلىك قىلىدىغان بىر ئاكىسى بولىدىغان، ئىلاجسىز شۇ تاغامدىن پاناھلىق تىلەپ ئىزدەپ كەلدىم. ناھىيەدە نەچچە كۈن ئىزدىدىم.

— قانداق بولدى؟ تاپالىدىڭىزمۇ؟

— ئۆيىنى تاپتىم، ئەمما ئۆيدە ھازىر باشقىلار ئولتۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە تاغام نەچچە يىل ئىلگىرى مەشەگە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنىكەن.

— ئىسمى نېمىدى تاغىڭىزنىڭ؟

— سەلىم ئەپەندى.

— سەلىم ئەپەندى؟ — موماي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ كىملەرنىدۇر بارماقلىرىدا ساناپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى، — بىزنىڭ بۇ داۋىگە شەھەردىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلەردىن خېلى بار. ئېزىز تەمبۇر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سازچىسى ئىكەنمىش، يەنە تۇرەك موزدۇز، نىياز ماشىنىچى، ھېكىم باققال، يەنە ئاياغتىكى شودۇيدە سايىم كىگىز... بار-يوقى مۇشۇلا، سەلىم ئەپەندى دەپ ئادەم يوققۇ بۇ يەردە؟ — موماي ئادىلەگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ قاراۋېتىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى، — توختاپ تۇرىڭا، تاغىڭىز قوشنا داۋىلەرگە تۆۋەنگە چۈشكەن بولغىيمىدى-يا؟ ئۇلار سىزگە داۋىنى نېمە

دەپ بەرگەندى؟ ئارا ئۆستەڭمۇ؟

— شۇنداقراق دېگەندەك قىلغان، توغرا، ئارا ئۆستەڭ، — ئالدىراپ تەخمىنەنلا جاۋاب بەردى ئادىلە.

— ئۇنداق دېگەن بولسا خاتا دېمەپتۇ. بۇ يەرنىڭ ئىسمى ئارا ئۆستەڭ، ئاياغدا يەنە دادىيلەر كۆپ، يېڭىسار، قارا ئېقىن، يۇلغۇنلۇق، قاراڭغۇ...

— تاغام شۇ يەرلەردە بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى ئادىلە ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ، — شۇ يەرلەرگە بېرىپ ئىزدەپ باقايمكىن.

— ياق، ياق، شۇمۇ دېگىنىڭىزمۇ؟ تاغىڭىز مۇشۇ گۆڭشې تەۋەسىدىلا بولسا بۈگۈن تاپمساق ئەتە تاپىمىز. سىز بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىڭ، يامغۇردا زۇكام تەگكەن گەپ سىزگە. ھېلى يۇمغاقسۈت سىقىپ بېرىمەن، ۋىيەي، قاراڭا پۇتلىرىڭىزغا... قاپىرىپ نېمە بولۇپ كەتكەن؟... يولدا قانچىلىك قىينالغانسىز بىچارە قىزىم...

ئادىلە بۇ مومايىنىڭكىدە تۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن خۇشال، ئىچ-ئىچىدىن خۇشال ئىدى. تۈنۈگۈنكى ياغقان يامغۇردىن ئىشىك ئالدىدىكى ئۈزۈم بارىڭى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى گۈللۈك، كۆكتاتلىق باشقىچە ياشىرىپ، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۈزۈم تىلى ئاستىدىكى كۆلچەك بولۇپ كەتكەن يامغۇر سۇلىرى بىر كېچىدىلا سىڭىپ كەتكەن. ھويلىدىن، ھويلا ئالدىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ ھارۋا يولدىن، ئۇنىڭ نېرىسىدا يېيىلىپ ياتقان قارامتۇل چۆللۈكتىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلەتتى. ئۆگزىدە كەپتەرلەر بوقۇلدىشاتتى، ياپپېشىل باراقسان سۆگەت شاخلىرى ئارىسىدا ئاق قوشقاچلار تىنىمسىز چۇرۇلدىشاتتى. ئەتراپ جىمجىت، نەمخۇش ھاۋا شۇنچىلىك پاكىز ھەم تازا... ئادىلە ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ جەزبىدار خاسلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ راھەت...

موماي ئىنەك ساغىمەن دەپ ئۆيدىن ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنىڭ سىرلىرى چۈشكەن كونا كورىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كالا ئېغىلىدىكى يامغۇر سۇلىرى تېخى سىڭىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى، ئوت-چۆپ قالدۇقلىرى ھەم قىغ چىرىندىلىرى ئاياغ ئاستىدا مىچىلدايتتى. ئەتراپتىن چىرىگەن قىغ ھەم سۈيدۈك بىلەن ئىنەكتىن بىقسىپ تاراۋاتقان تەر ھەم ياغنىڭ قاڭسىق پۇرىقى كېلەتتى. ئادىلە مومايىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي مومايغا ياردەملەشمەكچى بولۇپ چالا-بۇلا ئەمدۈرۈلگەن موزاينى ئارغامچىسىدىن تۇتۇپ تۇردى. موماي زوڭزىيىپ كورىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ، ئىنەكنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ، چىڭقىلىپ كەتكەن ئەمچىكىگە خام قايماق سۈرتتى-دە، ئىككى قوللاپ سېغىشقا باشلىدى. ئاپئاق سۈت خۇددى ئىككى تال مەشۇت يىپتەك كورىغا سوزۇلۇپ چۈشەتتى. كورا ئىچىدىن كوركىرىغان رېتىملىق ئاۋاز كېلەتتى. يالپاق مۈڭگۈزلۈك تاغىل ئىنەك گويا ئەمچىكىنىڭ بوشاپ، چىڭقىلىش ئازابىدىن قۇتۇلۇپ راھەت تېپىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ، كۆشە-گىنىچە جىمجىت تۇراتتى.

بىر چاغدا بىر كىمنىڭ يول تەرەپتىن خۇددى ياغسىراپ كەتكەن ھارۋا چاقىنىڭ غىچىلداشلىرىدەك سەت، يېقىمسىز، قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھۆ خاچا! ھوي ھۆرىخاچا! بارمۇ سىز؟

— سايىت تاز، — دېدى موماي ئاچچىقى بىلەن غۇدۇڭشۇپ. سايىت تاز ھويلىنىڭ شاخشىسىنى قايرىپ ئېچىپ ھويلىغا كىردى. ئېغىلغا بويۇنداپ قارىدى.

— زادى سىزنىڭ مۇشۇ ئىنىكىڭىزنى مۇسادىرە قىلمساق، — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن، — ئەزالار خامانغا يىغلىغلى نېكەم؟ سىز بولسىڭىز غېمىڭىزدە يوق ئىنەك سېغىپ ئولتۇرىسىز.

— مۇسادىرە؟ ۋاي ئاتامەي... مۇسادىرە قىلىڭ، زادى سىزنىڭ قولىڭىز تەگمىگەن مۇشۇ ئىنىكىم قالدىغۇ! — موماي ئىنەكنى سېغىشتىن توختاپ، ئورنىدىن قوپۇپ ئۇنىڭغا كايىپ سۆزلىگىلى تۇردى، — ئەمدى چىقمەن، دۈينىڭ ئىشىنى مەنلا كۆتۈرگە ئالمىغاندىمەن؟

— شالىڭىزنى چاچماڭا! — ۋارقىرىدى

تاز تويتەك كۆپۈپ، — دۆينىڭ ئېشىنى
يىگەندىن كېيىن چىقسىز! چىقماسلىقا نېمە
ھەددىڭىز؟ قېرىكەن دەپ يۈز قارىسا سۆزلە-
ۋېرىدا! قېنى چاققان بولۇڭ! ئارىڭىزنى
ئېلىۋېلىڭ، ئۆلەنچىلەرنى يىيىپ قورىتىمىز.

موماي موزاينى بوشىتىپ قويىۋەتتى. ئاچ
موزاي ئېتىلىپ كېلىپ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن
تىزلىنىپ، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىدە قالغان ئاخىرقى
رىسقى-نېسىۋىسىنى شولۇپشىتىپ ئېمىشكە
باشلىدى. موماي سۈت بىلەن تولغان كورىنى
كۆتۈرۈپ، ئادىلەگە قاراپ:

— يۈرۈڭ، كىرىپ كېتەيلى، — دېدى.
ئىش ئالدىراش دەپ ۋايساپ تۇرغان سايىت
تاز ھېلىغىچە ھويلىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك
ئەمەس ئىدى. ئۇ ئادىلەنىڭ باش-ئايىغىنى
خۇددى ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك ئاچكۆزلۈك بىلەن
تىكىلىپ قارىماقتا. ئۇ ئېغىلدىن چىقىپ ئۆيگە
كىرىپ كېتىۋاتقان موماي بىلەن ئادىلەنىڭ
ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئىشىك ئالدىغىچە كەلدى.
سېرىق، كوتەك بۇرۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ
ھاياسىزلىق بىلەن ھىجايدى:

— ئۆيىڭىزگە مېھمان كەلگەنمۇ-نېمە؟
بولغاي، بولغاي... كىم بولىدۇ بۇ سىڭىل،
ھۆرىخاچا؟

ئادىلە تەشۋىش ئىچىدە قورۇنۇپ ئالدىراپ
مومايغا قارىدى.

— نەۋرە قىزىم، شەھەردىن يوقلاپ كەپتۇ،
— موماي پەرۋاسىز، ئاۋازى خاتىرجەم ئىدى.
— تونۇشتۇرۇش بىلەن كەپتىمۇ؟
— تونۇشتۇرۇش؟ يولىڭىزغا مىڭلىك-ھە، لاۋزى-
لاشماي... مېنىڭ ئۆيۈمگە ئوغرى-قاراقچى كېلەمدۇ-
كەن؟ تۇغقىنىم كەلسىمۇ بولمامدىكەن؟

سايىت تاز مومايىنىڭ بۇ ئاچچىق كايىشلىرى-
دىن خاپا بولۇپ كەتمىدى. ئەكسىچە بىردىنلا
مۇلايىملىشىپ، چېقىر كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ:

— ئاپلا، كۆڭلۈمنى چۈشەنسىڭىزچۇ ھۆرىخاچا،
مۇنداقچىلا سوراپ قويدۇم، يامىنى يوق. مېنىڭلار
كېلىپ سوئال-سوراق قىلىپ يۈرمىسۇن دېدىم-دە!
ئۇلارنى ياخشى بىلىسىز، ئۆيىڭىزگە بۇ مېھماننىڭ
كەلگىنى ھاشىم بەنجاڭنىڭ قۇلىقىغا يەتمەي

قالامدۇ، بۇ چاغقا؟ بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويسەڭ،
شەھەردىن كەلگەن قىز نەۋرىسكەن، تونۇشتۇرۇ-
شى بارئىكەن دەيمەن، — دېدى ۋە ئادىلەك
يالت قىلىپ قاراپ قويدى-دە، ئارقىسىغا ياندى.
ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ھۆرىخاچا، بولۇڭ
ئەمسە! — دەپ توۋلىدى.

ئۆزىنى شۇنچە جۇرئەتلىك، قورقۇمسىز
ھېسابلاپ يۈرگەن ئادىلە ئەمدى نېمە
بولىدىكىن؟ قانداقتۇر بىر گۇمانسىراش، تەش-
ۋىش، كۆڭۈلسىزلىك ئۇنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە
سالماقتا. سايىت تازنىڭ بايىقى شەھۋانىيلارچە
كۆزنى قىسىپ كۈلۈشلىرىدىن قانداقتۇر بىر
شۇملۇقنى سەزمەكتە.

موماي ھويلىدىكى قازاننى چايقاپ كورىدىكى
سۈتنى قۇيدى. ئوچاق يېنىدىكى يۇلغۇننى
ئوچاققا تىقىپ ئوت يېقىشقا تۇتۇندى. تۇنۇگۈنكى
يامغۇردا ئەم تارتىپ قالغان يۇلغۇن ئوچاقتا
پىرسىلداپ ئاستا كۆيمەكتە. ئېڭىشىپ ئوتنى
پۈۋلەۋاتقان مومايىنىڭ كۆزلىرىگە ئىس كىرىپ
كۆزلىرىدىن غۇرقىراپ ياش قۇيۇلماقتا. ئۇ بىر
ياقتىن ئوتنى پۈۋلەپ، بىر ياقتىن يېشىنى
ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ سايىت
تازنى بولۇشىچە قاغاپ تىللىماقتا.

— كىم بولىدۇ ئۇ ھۆرىخان ئانا؟ — سورىدى
مومايىنىڭ جاپاسى ئۇچۇن ئىچى ئۆرتىنىپ نېمە
قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ تۇرغان ئادىلە.

— كىم بولاتتى، جېنىم قىزىم، شودۇي-
جاڭ... — موماي ئىستىن قېقىلىپ يۆتەلدى.
نەپەسلىرى بوغۇلۇپ بىردىنلا خىرقىراپ
قالدى، — شودۇيجاڭمەن دەپ جاھاننى
بېشىغا كىيىپلا يۈرىدۇ. كۆرىسىز تېخى ئۇنىڭ
ئەسكىلىكىنى... توخۇ پۇقى ئۇ! مەرەز
توخۇ پوقى! خەقنى ئانىي تاپقىنى تاپقان.
تووا دەيمەن... شودۇيجاڭلىقتا بىزنىڭ
دۆيدە مۇشۇ تازدىن باشقىسى تېپىلماسمۇ؟
ئەمەل دېگەن كىمگىلا بولسا... كوچىدىكى
ئوغرى، قەلەندەرگىمۇ يارىشىدىغان ئوخشاي-
دۇ... تېخى ئەككى يىلنىڭ ئالدىدا كېپىنى
تىزىدىن ئاشماي دۆينىڭ قوتقۇزۇش ئېشىنى
يەپ جېنىنى بېقىپ يۈرگەن. شودۇيجاڭ

بولۇۋېدى، بۇ پىتلىق سالپىنىڭ ھالى! نى-نى خەقنى يارا تمايدۇ-تېخى!

ئادىلە ئوچاق ئالدىغا كېلىپ، يۇلغۇنلارنى ئۇشتاپ ئوچاققا بولۇشچە سېلىشقا باشلىدى.

— يۇرۇڭ، سىز ئۆيگە كىرىپ مىجەزىڭىز ياخشىلانغىچە يېتىڭ، — دېدى موماي، — سۈتنى ئۆزۈم قاينىتىمەن. سۈت قاينىتىش خۇددى تەرسا ئادەمنى يۇمشاق گەپ بىلەن ئېرىتكەنگە ئوخشاش، سۈتنى بوش ئوتتا پۇۋلەپ-پۇۋلەپ ئاستا قاينىتىمىز.

بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، پۇتلىرى تىترەپ ئارانلا مېڭىپ يۈرگەن ئادىلە ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى كۆرپىگە تاشلىدى. موماي خېلىدىن كېيىن سوۋۇغان سۈتلەرنى قاچا-قۇچىلارغا ئۇسۇپ تاختا بېشى ھەم ئويۇقلارغا تىزدى-دە، ئارىنى كۆتۈرۈپ، ئىنىكىنى يېتىلەپ خامانلىققا يۈرۈپ كەتتى. ئۆيدە يالغۇز قالغان ئادىلە كۆرپە ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئەمما بېشىدا ئۇنىڭ ئارامنى بۇزۇپ باش-ئايىغى يوق ئېغىر خىياللار خۇددى تۇماندەك سوزۇلۇپ يۈرەتتى...

موماي ئۆيگە چۈشتىمۇ كەلمىدى، پەقەت پېشىنىدىن ئۆتكەندىلا ھويلا شاخشىنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغىنى، ئاندىن مومايىنىڭ ئىنەكنى ھەيدىگەن، ئۇنىڭغا جۆنۈپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەمدى كەلدىڭىزمۇ ئانا؟ — دېدى ئادىلە ئۆيدىن چىقىپ، مومايىنىڭ ئۆشنىسىدىكى بىر كۆتۈرەم ئوتنى ئېلىۋېتىپ.

— ئىنەكنىم، سايىت تازىنىڭ ۋاقتىدا بىزگە ئاراملىق بولامدىغان، — موماي كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتتى. ئاندىن ئېغىزىدا ئاندا-ساندا قالغان كاماك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئادىلەگە قاراپ مېھرىبىلىك كۈلۈمسىرىدى، — قانداقراق تۇرىسىز؟ چۈشتە ئىسسىقسىز قويدۇم-دە سىزنى، ئەستا، سەت بولدى...

— ياقەي، ئۇنداق بولامدىغان، مانا ئەھۋالىم خېلىلا ياخشى.

ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدىكى كونا كارىۋاتتا كىگىز سېلىنغان، ھويلا-ئارام پاكىز سۈپۈرۈلگەن، ئورۇن-كۆرپىلەر قايتىدىن رەتلىك تىزىلىپ چىنە-قاچىلار يۇيۇپ كۆمتۈرۈلگەن... خاماندىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەن موماي بۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلى ۋاللىدە ئېچىلىپ، ھاردۇق چىققاندەك بولۇپ قالدى. « يائاللا، چوڭ شەھەرنىڭ ئادەملىرى دېگەن باشقىچە بولىدىغان ئوخشايدۇ، چېچەن، ئەقىللىق... كىچىككىنە ئىشلىرى بىلەنمۇ ئادەمنى سۆيۈندۈرۈشلىرى... بوپتۇ، ھەركىمنىڭ ياخشىلىقى ئۆزى بىلەنغۇ، كۆز تەگمىسۇن، ياخشى قىزدەكلا تۇرىدۇ. قېرى جېنىمدا يالغۇزچىلىق تارتىپ تۇرغاندا بالا قىلىۋالغۇدەك...»

موماي كوزىدىكى سوغۇق سۈتنى قاچىدىكى قېتىققا قوشۇپ ئىككى قاچىغا دوغاپ قىلدى ۋە تېخى يېقىندىلا ياققانلىقى بىلىنىپ تۇرغان يۇمشاق زاغرىنى ئىككىيلەن دوغاپقا سېلىپ ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشتى. مۇزدەك، سوغۇق، ئاپئاق دوغاپ، قېتىغا كاۋا توغرالغان يۇمشاق زاغرا... ئۇنىڭ ئۆزگىچە تەمى شۇنداقمۇ ياكى قورساق ئېچىپ تۇرغاچقىمۇ، شۇ قەدەر يېيىشلىك، شۇ قەدەر مەززىلىك...

— سىزگە يولدا ئىسسىق ئۆتۈپ، ئاندىن يامغۇردا بىراقلا سوغۇق تەگكەن گەپ، — دېدى موماي كۆكتاتلىقتىن بىر تۇتام يۇمغاقسۈتنى يۇلۇپ چىقىپ، ئۇنى يۇيۇپ ئۇششاق توغراپ قېتىققا مىلەپ، — ئۇنىڭ داۋاسى مۇشۇ، سېسىقكەن دېمەڭ، بۇرنىڭىزنى ئىتتىۋېلىپ غوپ-غوپ ئىچىۋېتىڭ.

ئادىلە ئۆمرىدە ئىچىپ باقمىغان بۇ غەيرىي پۇراقلىق نەرسىنى مومايىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا قېقىلىپ، سىلكىنىپ تۇرۇپ ئىچتى. بۇنىڭدىن كۆڭلى ئارامغا چۈشكەن موماي قېتىق ئۇيۇتۇلغان چىنىلەرنى ئۈستى-ئۈستىگە دەستىلەپ، ئاندىن ماتا رەخت بىلەن چىگدى-دە، كالچىنى يەڭگۈشلىدى، بېشىغا ياغلىق چىگدى.

— قېتىقلارنى ئاپىرىپ سېتىۋېتىپ كېلەي، — دېدى ئۇ مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ.

— نەگە، بازارغىمۇ ئانا؟

— ۋاييەي، شۇ تاپتا بازار دېگەن نە؟ يېرىم كۈنلۈك يول، لوگەيدۈيگە ئاپىرىمەن. ئۇنىڭ ئۈچىنچى جۇڭدۈي دەيدىغان يېرى ئۆيگە

يېقىنراق. نەدىن كەلدىڭ؟ نېمىشقا ساتتىڭ؟
دەيدىغان سوئال-سوراقمۇ، ئۇياقتا ئاپار،
بۇياقتا تارت دەيدىغان غەلۋە-غەۋغاسىمۇ يوق،
ئۇ يەردىكى خەق قېتىق ئىچىۋالغانغا خۇش،
مەن سېتىۋالغانغا...

موماي دەستىلەكلىك قېتىقلارنى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن غەرب تەرەپكە سوزۇلغان چىغىر يول بويلاپ كالىچىنى شاقىلدىتىپ، توپىلىق يولدا سۇس ئىز قالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

«ئۈچىنچى جۇڭدۈي... ئاھ، مەن زارىقىپ تەلمۈرگەن ماكان... — ئىچىدە شىۋىرلىدى مومايىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىققان ئادىلە يۈرەك ھاياجىنىنى تەستە بېسىپ، — ئادىل بىلەن ئەمدى دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولارمۇ؟»

چىغىر يول ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر پارچە قوناقلىقتىن، ئۇنىڭدىن نېرىراقتىكى قاتار كەتكەن پاكار جىگدىلىكتىن ئۆتسىلا كەڭرى يېيىلىپ ياتقان ئوچۇق دالا ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كېتەتتى. ئۇ دالا ئادىلە تۈنۈگۈن مېڭىپ ئۆتكەندىكىدەك ئاقۇش شورلۇق ئەمەس ئىدى، ياۋا ئوتلار ھەم توتاش كەتكەن بۈك چاتقال بىلەن كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن خېلىلا يىراقتا ئېگىز قۇم بارخانلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. ئۈچىنچى جۇڭدۈينىڭ چوقۇم ئاشۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

قاتار جىگدىلىكتىن ئۆتكەندىمۇ كۆڭلەكلىرى پىلدىرلاپ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان موماي ھايال ئۆتمەي يېشىل چاتقاللىق ئىچىدە غايىب بولدى. ئاھ، نەقەدەر رەھىمسىز بۇ تەقدىر! مانا، ئۇلار ئىككىسى يېقىنلا يەردە، ئەمما ئۇلار ئادەملەرچە دىدارلىشىش ئەركىدىن، ۋىسال شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم... «مېنىڭ يىراقتىن نەچچە كۈنلۈك يول بېسىپ كەلگەنلىكىم، ئۆزگە يېقىنلا بىر يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىم كېچىدىن بۇيان ئۇنىڭ چۈشىگە ئايان بولدىمىكىن؟ ئوڭ قاپقى تارتتىمىكىن؟ سەندىن ئايلىناي چۆل شاملى، مېنىڭ خەۋىرىمنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بارساڭ، ھەسرەتلىك ئاھىمنىڭ ئوتلۇق ھارارىتىنى ئۇنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرساڭ...»

چۆل شاملى خۇددى ئۇنىڭ يۈرەك ئىنتىلىشىگە ھەمدەرد بولغاندەك مەيىن يەلپۈنۈپ چاچلىرىنى ئەركىلىتىپ ئوينىدى. يېنىدا «چۇۋ-چۇۋ» قىلىپ سايرىغىنىچە لىپ-لىپ قىلىپ سەكرەپ ئايلىنىپ ئۆتكەن بوز تورغاي بىردىنلا قاناتلىرىنى قېقىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى-دە، غەرب تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى...

## 3

ئادىلە ئەتىسىدىن باشلاپ بېشىنىڭ قېيىپ زىڭىلداپ ئاغرىشىمۇ، پۇت-قوللىرىنىڭ سىرقىراپ تېلىشلىرىمۇ توختاپ بەدىنى بىردىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئەمما يەنە بىر تەشۋىش ئۇنى ئارامسىزلاندۇراتتى. «ئۇزۇن تۇرۇۋەرسەم موماي نېمە دەپ ئويلاپ قالاركىن؟ ساقىيىپ ماغدۇرىڭىزغىمۇ كەلدىڭىز، تاغىڭىزنى ئىزدىمەك-چى بولسىڭىز خوش ئەمەسمە، يولىڭىز بولسۇن دەپ قالامدىكىن؟» دەپ ۋايىم يېيىشكە باشلىدى ئۇ. ئەمما مومايىنىڭ گەپ-سۆزلىرى ھەم چىراي-تۇرقىدىن ئۇنداق خىياللار ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىدىغاندەك ئەمەس.

«شەھەردىن ھۆرىخاننىڭ قىز نەۋرىسى كەپتۇ» دەپ ئەتراپتىن قولۇم-قوشنىلار كىردى. سايىت دۈيجاڭمۇ ئاخشام يوقلاپ بىر ئىشنى باھانىلەپ ھويلىغا كىرىپ بىرھازا ئولتۇرۇپ موماي قوغلىغىدەك بولغاندىلا چىقىپ كەتتى. ئۆزىچە كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ نىمىلەرنى ئويلاپ كەتتىكىن قوشنىلار، ئادىلەنى بىرەر قېتىم كۆرەر-كۆرمەيلا ھۆرىخاننىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتقىلى تۇردى:

— يائاللا، قارىسىلا، نەۋرىلىرىنىڭ ئەقىللىق، قائىدىلىقلىقىنى، سىلىنى كۆرگىلى ئاتايىتەن شەھەردىن كەلگىنىنى...

— شۇنى دېسىلە، تەربىيە كۆرگەن باللار ئەمەسمۇ.

— لايىقى بارمىدۇ، يوقمىدۇ-ھە؟

— بىلمەيدىكەنمەن، شۇنى سورىماپتىمەن قوشنام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەستا... دېمەي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، دەي دېسەم تىلىم... ئەجەب قىز قىلىۋالغۇم كەپكەتتى، ئەجەب قىز قىلىۋالغۇم كەپكەتتى... نېمە دەر؟ سەھرالىق دەپ ياراتمامسىمۇ-ھە؟ ئۆزلىرى بىلىلا، بىزنىڭ ئوغلۇمۇ قالتىس بەلەن بالا بولغان بولمىسا...

بۇنى ئاڭلاپ مومايىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى:

— يائاللا قوشنام، نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم كەلسە بولىدۇ بۇ سەھرايى قىيامەتكە. ئوغۇللىرى بەك بەلەن بالا بولغان، ئىشچان، ئەدەپلىك، لېكىن كۆڭۈللىرىگە تەگمىسۇن، نەۋرەم مېنى دەپ كەلگەن بىلەن ئۇنداق گەپنى ئاڭلىسا ئەتىلا كېتىمەن دەپ پىشنى قېقىپ چىقار.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئۇلار دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، — خاپا بولمىسىلا، قارىساق تومۇچۇقتەك قىز. كۆزىمىز چۈشۈپ قالدى قارىسىلا.

موماي شۇ كۈنى كەچتە خۇيتەن نامىزدىن يېنىپ ئۇخلاش ئۈچۈن كۆرپە ئۈستىگە يانپاشلىنىپ يېتىۋېتىپ بۇ ئىشنى ئادىلەگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى.

ئادىلە مومايىنىڭ ئايىغىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يۇمشاق مۇجۇپ تۇتۇۋاتاتتى. جېنى راھەت تېپىپ، ئۇگە-ئۇگىلىرى يايراپ كەتكەن موماي بىردىنلا جانلىنىپ ئۆزىچە خىرىلداپ كۈلدى:

— تۇۋا، بۇ خەقلەرمۇ قىزىق، ئۆز ھالى-كۈنى بىلەن ھېسابلاشماي سىزگە كۆز تاشلاپ كەتكىنىنى، گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان بولسىڭىز...

— نېمە دەيدىكەن ئۇلار؟

— نېمە دەيتتى؟ قىز قىلىۋالساق دەيدۇ-دە!

— ۋاي ئاللا! — تىزلىرىغا شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ئادىلە، — ئەمسە مېنى سىلىدىن تارتىۋالمىز دەپتۇ-دە!

— شۇنى دېمەمسىز... سەت تازلىرىغا تېخى... كۆڭلىنى ئاياپ قالدىمغۇ، بولمىسا گېلىغىچە تويغۇزاتتىم شۇنداق دېگىنىگە!

— كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ دېگەن گەپ بار. شۇنداق دېگىنىگىمۇ رەھمەت.

— شۇنداق بولسىمۇ ھەركىم ئۆز ھالى بىلەن ھېسابلاشسا بولىدۇ، — موماي راستىنلا خاپا بولغان بولسا كېرەك. ئادىلە كېچە قاراڭغۇلۇقىدا مومايىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگىنى بىلەن ئۇنلۇك-ئۇنلۇك چىقىۋاتقان ئاۋازىدىن شۇنداق جەزم قىلدى، موماي راستىنلا خاپا بولغاندەك ئىدى، — شۇ تاپتا بۇ سەھرايى قىيامەتتىن تويمىغان كىم بار؟ قىش-ياز، كېچە-كۈندۈز تۈگىمەيدىغان ئېغىر ئىش-ئەمگەك، قورساقتا بىرىدىغىنى چاشقان پوقى ئارىلىشىپ كەتكەن سېسىق قوناق، دارامەتتە قولغا تېگىدىغىنى دەپتەردىكى قۇرۇق پۇلۇڭ. مەنغۇ قېرىدىم، مەيلى، تۇغۇلغان يۇرت، تۇتقان-قويغىنىم بار دېمىسە ئالللاقاچان قېچىپ كېتەتتىمغۇ ئۇلار بۇ يەردىن. ئۆزى جاق تويۇۋاتقان يەرگە شەھەردىن قىز كېلەرمىش تېخى! سىز بولۇۋىدىڭىز نەچچە كۈننىڭياقى كۆڭلۈم توق. بىرەر يەردىن تاغىسىنىڭ خەۋىرى بوپ قالسا كېتىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن، —

مومايىنىڭ ئەمدى بىردىنلا ئاۋازى تىترەپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ يىغلىماقتا ئىدى، — ياشاۋاتقان يېرىمىز مانا مۇشۇنداق چۆل سەھرا، بۇرۇنلاردا بۇنچىلىكمۇ ئەمەس ئىدىغۇ، نېمىسى نېمە بولدىكىن، بارغانسېرى رودىپايلىشىپ كەينىمىزگە دەسسىگىلى تۇردۇق. مەنغۇ يەيدىغاننى يەپ، كىيىدىغاننى كىيىپ بولغان خوتۇن. لېكىن ئالمادىس ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، قېشىمدا مياڭلايدىغان مۇشۇكتىن باشقا نېمەم بار؟ قىزىم بولسا يىراقتا، ئۇنىڭمۇ بېشىغا بىر ئۆي كىيىكلىك، ئايدا بىرەر قېتىم كېلىدۇ. بىر كېچە قونار-قونماي ئۆيىگە ئالدىرايدۇ... قېرىغاندا شۇغۇ، ھاياتلىقىمدىن ئەمەس، ئۆلۈمىمدىن ئەنسىرەيمەن. ئۆلسەم ئېگىكىم چېتىقسىز قالارمۇ؟ قوشنىلارغا خەۋەر قىلىدىغان ئادەم يوق، ئىت-مۇشۇكلەرگە يەم بولارمەنمۇ؟...

موماي ئەمدى ئىچ-ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلىدى. ئادىلە مومايىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى ئاڭلاپ:

— يىغلىمىسىلا جېنىم ئانا، مانا مەن بارغۇ

يانلىرىدا. قىزلىرىنىڭ ئورنىدا قىزلىرى، سىلىگە ئەمدى ئۆزۈم قارايمەن، — ئادىلە شۇنچىلىك دېيەلىدى ئۇمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

تال بارىڭى ئاستى... ئەجەب سالقىن خۇش ھاۋا... زېمىن بىر كۈنلۈك ھايات دىشۋارچىلىقى ئۈچۈن سوكۇلداپ ھارغاندەك، قاپقارا تۈن لىباسىغا ئورىلىپ، ئېزىلىپ ئۇيقۇغا كەتكەن، ئەتراپتىن پەقەت چېكەتكىلەرنىڭ تىنىمسىز چىرىلداشلىرى بىلەن پاشا-كۇمۇتىلەرنىڭ سۇس غىڭىلداشلىرى، ئېغىلدىكى ئىنەكنىڭ پات-پات ئېغىر پۇشۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. موماي ئادىلەنىڭ تەسەللىسى بىلەن كۆڭلى غەم-تەشۋىشتىن ئەمىن تاپقاندەك بىر ئازدىن كېيىنلا ئاۋازى پەسلەپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بۇ ئارامبەخش، خىلۋەت كېچىدە پەقەت ئادىلەلا ئۇيقۇدىن بىدار. ئۇ ئۈزۈم ياپراقلىرى ئارىسىدىن پىلىلداپ كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئاسمان تىنىق، يۇلتۇزلار شۇنچە روشەن، يارقىن نۇر ئىچىدە چېقىنداىتتى... ئادىلە مومايىنىڭ بۇ خىلۋەتخانىسىدا پاناھلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولدى. بەندىسىنى كۆزىدىن ئايرىغان بىلەن ھاسىسىدىن ئايرىمايدىكەن خۇدايىم! تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرى ھېلىقى ساقچىنىڭ ئالدىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، جاھاندا بىر بار، بىر يوق بولۇپ يېنىپ چىققان چاغدا ئاپئاق شورلۇق سەھرا يولىنىڭ ئۇنى تىنچ، ئاسايىشلىق، نامرات ئەمما ئۆز ئۆيىدەك مېھرلىك مۇشۇ خىلۋەتخانىغا باشلاپ كېلىشىنى ئويلىغانمىدى؟ مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزگىچە ھاياتنىڭ مۆجىزىلىك ئىزناسى خۇددى ياپراقلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈۋاتقان يۇلتۇزلاردەك پىلىلدىماقتا... مۇمكىن بولارمۇ-ھە؟ شۇنداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ جانبازلارچە باسقان ئۈمىدلىك ئىزدىنىش قەدىمى نېمە بىلەن توگەللىنەر؟ بۇ يول ئۇنى نەگە باشلاپ بارار؟ پالاكەت-پىشكەللىككەمۇ ۋە ياكى ۋىسال بەختىگىمۇ؟... ئۇ ۋۇجۇدىنىڭ ھۇجەيرە-ھۇجەيرىسىدىن بىردىنلا ئۆتتەك ھارارەت كەبى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر خىل قىزغىن

ھەم گاراڭلىق سەزگۈسى ئىچىدە يۈرۈن ھېچقانداق كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەن ئاجايىپ مۆجىزىكار ئىلاھى مەۋجۇتلۇق ئۈستىدە تۇيۇ[illegible] قالدى. بۇ ئىلاھ ئۇنىڭ نەزەرىدە خۇددى ھۆرىخان موماي ھەر قېتىمقى نامىزىدا ئۇنلۇك مۇناجات قىلغانىدەك، كەڭ ئالەمدىكى جىمى مەۋجۇداتلىقنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى ھۆكۈمران، ئاجىزلارغا كۆيۈنگۈچى شەپقەتلىك پاسىبان ئىدى.

— شەپقەتلىك ئۇلۇغ خۇدا، ئۇنىڭ تۆھمەت بالاسى ئىچىدە تارتقان زۇلۇم-سەتەملىرى ئۈچۈن، يامغۇردەك تۆكۈلگەن ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىم ئۈچۈن ئاجىز بەندىڭگە شەپقەت قىلغىن...

بۇ ئىلتىجانىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن يۈرىكى ياپراقتەك تىترەپ، ئۈنسىز كۆز ياشلىرى تەكيى ئۈستىگە تاراملاپ تۆكۈلدى...

موماي ئىشنىڭ شۇنچىلىك قاتلاڭ-ئالدىراشچىلىقىغا قارىماي ئىنەكنى كۈندە بىر قېتىم سېغىشنى ئۇنتۇمايتتى. يەپ-ئىچىپ ئاشقان قايماق-قېتىقلارنى ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم لوگەيدۈيگە ئاپىرىپ سېتىپ كېلەتتى، ئادىلە ئامال قىلىپ لوگەيدۈيگە موماي بىلەن بىللە بېرىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى-دە، موماي بىر كۈنى قايماق-قېتىقلارنى ئىككى دەستە قىلىپ ياغلىق بىلەن چىگىۋاتقان چاغدا:

— بۈگۈن مەنمۇ بىللە بارسام مىكىن، قېتىقلار كۆپ تۇرىدۇ، يولدا قىينىلىپ قالىلا ھەقىچان، — دېدى.

— ھېچقىسى يوق، كۆنۈپ قالغانمەن دەڭا، بۇنچىلىك ئىشقا سىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرەمدىغان؟

— قېتىقلارنى كۆتۈرۈشكەچ مەنمۇ بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلەي دېگەن...

— مەيلى ئەمسە، — دېدى موماي قېتىقلارنى چىگىپ بولۇپ، — ئەسلىدىغۇ لوگەيدۈي دېگەننىڭ كۆرۈپ كېلەي دېگۈدەكمۇ ھېچ نەرسىسى يوق. نەگىلا قارىسىڭىز جىنايەتچى، كىيىملىرى ئارۋاڭ-سارۋاڭ... بىر قارىسىڭىز ئىچىڭىز ئاغرىيدۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەم ئەمەسمۇ، بىر تۇرۇپ تۇۋا دېگىڭىز

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ.

ئادىلە قېتىقلارنى ئىككى قولىدا ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈپ موماي بىلەن بىللە لوگەيدۆي تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. يول چېتىدىكى قوناقلىق خېلى يەرلەرگىچە سوزۇلغانىدى. كۆپكۆك ئېگىز غوللىرىغا چاپلاشقان كۆكباشنىڭ ئۇچىدا پوررەك پۆپۈكلىرى كۆرۈنەتتى. قوناقلىق تەرەپتىن پات-پات ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئىسسىق، تىنجىق هاۋادىن قوناق دېنىنىڭ پۆپۈكلىرىنىڭ تونۇش هىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. قاچانلاردىدۇر هارۋا ماڭغان، هارۋىنىڭ كونا ئىزلىرى ئورنىغا ئەمدى ياۋا ئوتلار ئۆسۈپ كەتكەن چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياntaق، قومۇش، سېرىقبۇيا، يەنە ئاللىقانداق پاكار چاتقاللىقلار ماڭغاندا پۇتقا شىپىلداپ ئۇرۇلاتتى، تىكەنلىرى سانجىلاتتى. ئۇچىسىغا ئېتىكى ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۇششۇققىنىچە ئىشتان كىيىۋالغان هۆرىخان موماي بۇلارغا پەرۋا قىلمىغاندەك كالىچىنى شاقىلدىتىپ مېڭىپ كەلمەكتە. ئەمما ئوچۇق پاقالچىكىگە نېپىز پايپاق تارتىۋالغان ئادىلەنىڭ پۇتلىرى تىكەنلەرنىڭ ئۇرۇلۇپ سانجىلىشىدىن خۇددى ئوت ئالغاندەك ۋىژىلداپ ئېچىشماقتا ئىدى، «كېيىنكى قېتىمدا چوقۇم شىم كىيىۋېلىشىم كېرەك ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئادىلە. ئۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا چېپىلغان كونا ئېرىق بويىدىكى قاتار كەتكەن جىگدىلەرگە ئەقلى لال بولغىنىچە ھەۋەس-قىزىقىش ئىچىدە قاراپ كەتتى. تىكەنلىك شاخلاردا پىشىپ سارغىيىپ كەتكەن سانجاق-سانجاق ئۇششاق جىگدىلەر قۇياش نۇرىدا خۇددى مارجاندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى.

— ۋاي-ۋۇي، بۇ جىگدىلەرنى! — كېتىۋېتىپ خۇشاللىقىدىن تولۇقلۇشۇپ ئادىلە، — كېيىن دۆيدىن يىغىۋالامدۇ بۇلارنى؟

— ياقەي، قاغا جىگدىنى نېمە قىلىدۇ يىغىپ؟ — دېدى موماي كۈلۈپ، — ئەمما-زە، قىش كۈنلىرى ئۇماچ بىلەن قوناق نانغا سالسا قالتىس مەززىلىك چۈمۈلۈك!

ئاندىن كېيىن ئۇ ئاچارچىلىق يىللىرىدا دېهقانلارنىڭ قاغا جىگدە توگۈل كۈرۈك پۆپۈكى، قوناق مەدىكى دېگەنلەرنىمۇ ياغۇنچاقتا ئۇن قىلىپ تارتىپ-تالىشىپ يەپ كەتكەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قومۇش، يانتاق، ئاق تىكەن ھەم بۈك يۇلغۇنلۇق كەڭ يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇلار بۈك يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا كىرگەن هامان ئەتراپتىكى هېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى. يۇلغۇنلار ئېگىز ھەم قويۇق ئىدى، ئارىسىدا تېرىلىرى قارا، سارغۇچ، ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچچە كېلىدىغان كەسلەنچۈكلەر يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئاللىقاياقتا نېمىلەرنىڭدۇر پالاقشىشلىرى، چىرقىرىدىغان، بوقۇلدىغان، غاقىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. يۇلغۇنلۇق ئارىسىدا سۈر بېسىپ، ئالدى-كەينىگە قورقۇنچ بىلەن قاراپ ئارانلا كېتىۋاتقان ئادىلە بۇ ئاۋازلاردىن تېخىمۇ قورقۇنچ، ۋەھىمىگە چۈشۈپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى، موماي بولسا گويا بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىمىغاندەك خاتىرجەم پۇسۇرلاپ كەلمەكتە ئىدى.

— يائاللا، نېمىنىڭ ئاۋازلىرى بۇ ئانا؟ ئەجەب قورقۇنچلۇق.

— قورققۇدەك نېمىسى بار؟ ئۇ تەرەپ سازلىق، — دېدى موماي جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتىپ، — ئۇ يەردە يىلبويى كەتمەيدىغان ياۋا قۇشلار كۆپ، غاز، ئۆردەك، هاڭگىرت، چۆمگەك دېمىسىز، تۇرنا، ئاق چاپاق دېمىسىز، يېنىغا بارسىڭىز كۆرىسىز، قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىدا قىم-قىم ئۈزۈشۈپ يۈرگەن...

مومايىنىڭ تېخى سۆزى تۈگىمەيلا ئالدىدىكى يۇلغۇن تۈۋىدىن بىرنەرسە «پارت» قىلىپ ئېتىلىپ چىقتى-دە، تاق-تاق قىلىپ سەكرىگىنىچە قېلىن يۇلغۇن ئارىسىدا غايىب بولدى. ئادىلە ئۇنىڭ مۈڭگۈزدەك تىك كۆتۈرۈلگەن كەڭ قۇلاقلىرىنى، ئاقۇش توپارەڭ گەۋدىسىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدى.

— توشقان! توشقان! — ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ھەم خۇشاللىنىش، ھەم ئەندىكىش ئىچىدە توشقان قېچىپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ.

بىرپەستىن كېيىن يۇلغۇنلار پەسلەپ، ھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز قۇم بارخانلىرى كۆرۈندى. نەمخۇش، شورتاڭ توپىلىق چىغىر يول ئەمدى ئاقۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇمساڭغۇ يولغا ئايلاندى. ئادىلە ئىچىدە ھېسابلاپ كۆردى، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئورنى ئۆرۈمچىدىكى خەلق مەيدانىنىڭ چوڭلۇقىچىلىك كېلەتتى، ئېگىزلىكى تۆت-بەش قەۋەتلىك بىنادىن كەم ئەمەس ئىدى...

ئادىلە ئۆمرىدە كۆرمىگەن، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئۆزگىچە تەقلىتىكى سىرلىق ماكان... ئۇ قۇچىقىدا سىرى تېخىچە ئادەملەرگە مەلۇم بولمىغان قانچىلىك مۆجىزىلەرنى يوشۇرۇپ ياتىدىكىن؟ تەبىئەت ئاپىرىدە قىلغان بۇ غايەت چوڭ پىرامىدانىڭ ھەممىسىلا قۇممىكىن؟ ياكى ئۇنى ئاسمان-پەلەك غادايتىپ تۇرغان باشقا نەرسىلەرمۇ بارمىكىن؟...

ئادىلە بايا توغرا تەخمىن قىلغانىكەن، ئىككىلەن ئۇشۇققىچە قۇم كېچىپ قۇم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ ئوچۇقچىلىققا چىقىشىغا ئالدىدا سالالاشتۇرۇلغان رەت-رەت ئېتىزلار، ئۇنىڭدىن نېرىراقتا تۇرمە سېپىلى كۆرۈندى. ئادىلە يۈرىكىنىڭ سارا سىملىق دۈپۈلدەشلىرىنى تەستە بېسىپ موماينىڭ يېنىدا ئەتراپقا زەن سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇغدايلىرى ئورنۇۋېلىنغان كەڭ كەتكەن سالا ئېتىزلىقتىن كېيىن قوغۇن، تاۋۇزلۇق ھەم كۆكتات ئېتىزى كۆرۈندى. ئۇلار ھايال ئۆتمەي تۈرمە سېپىلى يېنىغا يېتىپ كېلىشتى-دە، قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىدىن ئون مېتىرچە يىراقلىقتىكى يالغۇز توغراق سايىسىگە كېلىپ توختىدى. موماي ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى يېشىپ، دەستىلەكلىك قېتىقنى ئالدىغا قاتار تىزىپ قويدى. خىشلىرىنىڭ ئەسلىدىكى رەڭگى يامغۇر، شامالدا ئۆچۈپ كونىراشلىرىدىن سېپىلنىڭغا خېلى يىللار بولغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان تۈرمە سېپىلى ئېگىز ھەم ئۇزۇن ئىدى، دەرۋازا ئۈستىگە ياغاچ بوتكىدىن ئورنىتىلغان كۆزەتخانىدا ئاپتومات تۇتقان ياش ئەسكەر ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. بۇ يەردە ئىككى خىل دۇنيا تەڭلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئىككى خىل دۇنيانى پەقەت مۇشۇ ئېگىز، قېلىن تۈرمە سېپىلىلا ئايرىپ تۇراتتى. ئاھ، قورقۇنچ، قاباھەت بىلەن تولغان سىرلىق دۇنيا! ئادىل شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن

يىراقتىن بولسىمۇ دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولالامدىكىن؟

سېپىلنىڭ نېرىقى چېتىدىكى كۆلدىن ھارۋىغا جايلاشتۇرۇلغان يوغان تۆمۈر تۇڭغا سۇ تولدۇرۇپ تۈرمە ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقان قارا ئىشتانلىق، ئۈستىبېشى يالىڭاچ بىر جىنايەتچى موماي بىلەن ئادىلە تەرەپكە ھەۋەس بىلەن قاراپ:

— قېتىق!... قېتىق كەپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى-دە، سېپىل ئۈستىدىكى ئەسكەرگە:

— دوكلات، بەنجاڭ! مەن كەلدىم! — دەپ قويۇپ، ھارۋىنى سۆرىگىنىچە تۈرمە ئىچىگە ئالدىراپ كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي جىنايەتچىلەر:

— دوكلات بەنجاڭ! قېتىق ئالىمەن! — دەپ توۋلاپ قويۇپ بىردىن-ئىككىدىن قاچا-قورىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشلارمۇ، قېرىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قارا كىيىملىك، يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيگەن، تاقىرباش كىشىلەر بولۇشلىرىغا قارىماي چىراي، گەپ-سۆز ھەم تەققى-تۇرقىدىن ئۇيغۇرلاردىن باشقا، بىرلىرىنىڭ قازاق، بىرلىرىنىڭ موڭغۇل، يەنە بىرلىرىنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكلىرىنى ئاسانلا بىلىۋېلىش مۇمكىن ئىدى. ئادىلەنىڭ دەرۋازا ئىچىدىن كۆزىنى ئۈزمەي «ئادىل چىقىپ قالارمىكىن...» دەپ ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى. كىرىپ-چىقىۋاتقان جىنايەتچىلەر ئارىسىدا ئۇ كۆرۈنمەيتتى. «ئېھتىمال يانچۇقىدا قېتىق سېتىۋالغۇدەك پۇلى يوقتۇ، شۇنداقتۇ، سەككىز قاچا قېتىقنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سېتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەستۇ...» ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دەپ تەسەللى بەردى ئۇ. قېتىقلار ھەش-پەش دېگۈچە سېتىلىپ تۈگىدى. موماي ئاز بولسىمۇ قولىغا كىرىپ تۇرغان پۇلدىن، ئادىلە ئادىل بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق باسقىنىدىن خۇشال ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز خۇشاللىقلىرىدىن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ يولبويى خۇشال پاراڭلىشىپ كېلىشتى.

4

شۇ كۈنلەردە خاماندىكى ئىشلار سېلىقكىنى بىلەن ئېتىز ئىشىنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنى... كېۋەز پەرۋىشى، قوتاندىن قىغ چىقىرىش، يەر رەتلەش، ئېرىق چېپىش... بۇ ئىشلارنى ئەرلەر يېتىشمىگەندىكىن ئاياللارمۇ تەڭ قىلىشى كېرەك. قاتمۇ-قات ئىشلار شىللىسىدىن بېسىپ تۇرغاچقىمۇ، سايىت دۈيجاڭ خۇددى كەچكۈزدىكى ئۈششۈك ھەرىسىدەك زەھەرلەشكىلى تۇردى. ئۇ ھارۋىغا تولا قېتىلىپ ھەمىشە بېشى ساڭگىلايدىغان بولۇپ قالغان سوك-سوك ئاتتىن بىرنى مىنىۋېلىپ، ئەتىدىن-كەچكىچە ئۇنى سوكىلدىتىپ ئېتىزدىن ئېغىلغا، ئېغىلدىن كېۋەزلىككە چاپقىنى چاپقان. ئۆيمۇ-ئۆي ئۇسۇپ كىرىپ ئەزالارنى ئاغزىغا كەلگەن ئەڭ يامان گەپلەر بىلەن تىللاپ ئېتىزلىققا ھەيدىگىنى ھەيدىگەن. ئۇ ئەتىگەندىلا ئېتىدىنمۇ چۈشمەي ئۇدۇل ھۆرىخاننىڭ ھويلىسىغا ئۇسۇپ كىردى.

— ھوي، ھۆرىخاچا! بارمۇ سىز؟ يا ئۆلدىڭىزمۇ؟ — ۋارقىرىدى ئۇ تۆمۈردەك كۆكىرەپ.

پىژغىرىم ياز بولۇشىغا قارىماي قولىقىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان كونا تۇمىقى ئاستىدىكى خۇددى تېرىنىڭ يىرتىقىدەك كۆرۈنىدىغان قىيسىق كۆزلىرى غەزەپلىك چاقنايتتى. ئىككى قوۋۇزى ئۈستىدىكى گۆشسىز ياغاق تېرىسى لىپ-لىپ قىلىپ تارتىشىپ تۇراتتى. سوۋۇغان پۇتلەرگە كۆنەگە سېلىپ ئويۇقلارغا تىزىۋاتقان ھۆرىخان ئىشنى قويۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ئەتىگەندە گەپنى چىرايلىق قىلىڭ جۇمۇڭ، مۇسۇلماننىڭ بالىسى بولغاندىكىن... نېمە ئۆلۈمنى تىلەپ قالدىڭىز؟ — دېدى.

سايىت دۈيجاڭ ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ بايىقىدىنمۇ بەتتەر ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— زادى سىزگە مۇشۇنداق گەپ دورا. ئېيتىڭا، تۈنۈگۈنكى ۋەزىپىنى نېمىشقا ئورۇندىمايسىز؟

— ئورۇندىدىم ئۇكام، قوشچىلارغا سۇ ئاپىرىپ بەردىم، نەچچە ئاياللار ئېتىزغا باللىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپتىكەن، توغراق تۈۋىدە باللىرىنى باقتىم.

— كىم بۇيرۇدى سىزنى ئۇ ئىشقا؟

— تۇردى شوجى ئېتىز بېشىغا كەپ قاپتىكەن، يەر تۈزلەۋاتقىنىمنى كۆرۈپ: «ياشىنىپ قاپلا، كۈچلىرىگە لايىق ئىش قىلسىلا» دېدى. ئاندىن قىر تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان باللارنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ باللارنى بېقىپ بېرىشىمنى ئېيتتى.

— ما گەپنى كۆرۈڭ، بۇ دۈينى شوجى باشقۇرامدىكەن، مەنمۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي!

— مەن شۇنى ئېيتىپ قوياي، شوجىنىڭ گېپى دادۈيدە ئاقىدۇ. بۇ يەردە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب. كىم رۇخسەت قىپتىكەن ئۇ خوتۇنلارغا باللىرىنى ئېتىزغا ئېلىپ چىقىشنى؟ تۈنۈگۈنكى ئىشىڭىز ھېساب ئەمەس، پۇڭ بېرىلمەيدۇ. تۈنۈگۈنكى ئەمگەك نورمىڭىز بۈگۈنكىسىگە قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىنى بۈگۈن تۈگىتىشۋەتمىسىڭىز بولمايدۇ.

— رەھىم قىلىڭ ئۇكام، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەڭ، — دېدى موماي يېلىنىپ، — گۆس-گۆس كەتمەن چاپىدىغان چاغلىرىم بۇرۇن كېتىپتىكەن، قېرى جېنىمدا يالغۇز قانداق قىلىپ تۈگىتىمەن؟

— قىلىسىز! نورما ئېلىڭ دېسە ئامبارغا ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرىسىز، بۇيرۇغان ئىشنى قىلماي ھەددىڭىزمۇ سىزنىڭ؟

— بوپتۇ، — دېدى موماي ئۇنىڭ دوق، دەشنامىلىرىدىن كۆڭلى ئازار يەپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — نورما ئېشىم ئېغىر كەلگەن بولسا ئالمىسامۇ ئالماي.

— شۇنىڭ بىلەن ھېساب تۈگىگەن بولامدۇ؟ دۈينىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتىسىز، دۈينىڭ يېرىدە ئولتۇرۇۋاتىسىز، ئىنىكىڭىزنى دۈينىڭ ئوتىدا بېقىۋاتىسىز، بۇ نېمە؟

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردىن يوقلايمۇ ئەمىسە؟

— يوقىلىڭ! ئەمگەك قىلمىغان تىرىكتاپنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ بۈگۈن يوقالسىڭىز ئەتىلا ئۆيلىرىڭىزنى چاقتۇرۇپ يەرگە ئۇلپاڭ قىلىپ تۆكتۈرىمەن، ئورنىنى تۈزلەپ ئېتىز قىلدۇرىمەن! — سايىت دۈيجاڭ شۇنداق دېدى-دە، قولىدىكى تاياق بىلەن ئاتنىڭ ساغرىسىغا قاتتىق بىرنى ئۇردى. تۇيۇقسىز تەگكەن زەربىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئات ئاچچىق تولغانغاندەك بولۇپ، ئالدىغا شوخشۇپ مۇدۇرۇلۇپ كەتتى-دە، يەنە

ئۆزىنى رۇسلاپ كوچا تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى. سايىت دۈيجاڭنىڭ گېپىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالغان موماي ئىچ-ئىچىدىن ئېزىلىپ، ملك يېرىدىن تۆكۈلۈپ:

— خۇدايىم... قىرىغاندا نېمە خورلۇق؟ نېمە كۆرگۈلۈك ماڭا؟ نېمە گۇناھىمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق ئادەملەر بېشىمىزدا ياڭاق چاقىدىغاندۇ؟ — دەپ يىغلىماقتا ئىدى. ئادىلە مومايغا قوشۇلۇپ تەڭ يىغلاپ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتمەكتە، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ يىغىدىن بەزلىمەكتە. ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ كۆڭلىنى ياسىماقتا:

— ئۇنداق دېگەن بولسا ئۆزىنىڭ ئاغزى، قويسىلا، يىغلىمىسىلا ئانا، بىر ئادەمنى يۇرتتىن قوغلىۋېتىدىغان ھەددىمكەن ئۇنىڭ؟ بوپتۇ، ئېتىزغا سىلىنىڭ ئورنىلىرىدا مەن چىقاي، زادى شۇ تازنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىمايلىچۇ، — دېدى ئۇ.

بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئېڭىزىدا قوي، ئۆچكىلىرى بېقىلىپ ئاقىرىپ كەتكەن ئېتىزلىقتا ئەزالار ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان ۋەزىپىنى تۈگىتىش بىلەن ئالدىراشتى. ئۇلار ئېتىزنىڭ سۇ چىقمىغان دۆڭ يەرلىرىنى بىر قەۋەت سويۇپ ئويمان يەرلەرگە ئېتىپ تەكشىلىشى، پاكارلاپ كەتكەن قىرلارنى ئېگىزلىتىشى، ئېتىز ئارىلىرىدىكى ئېرىقلارنى چېپىپ ئىچىدىكى چاۋار-چاتقاللارنى ئادالىشى، شۇنداق قىلىپ ئېتىز-ئېرىقنى كۈزلۈك تېرىلغۇغا تەييارلىشى كېرەك.

ھۆرىخان ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان بىر پارچە ئېتىزدا ئادىلە بىلەن بىللە دۆڭنى پەسكە تارتماقتا، ئادىلە غالتەككە ئۇسۇلغان توپىنى ئويمان يەرگە ئاپىرىپ تۆكمەكتە ئىدى. بىر چاقلىق غالتەكنى ئېغىر توپا بىلەن ئىتتىرىش ئۇنىڭغا خۇددى ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ قىل ئارغامچا ئۈستىدە ماڭغاندەك مۇشكۈل بولۇپ تۇيۇلدى. سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا غالتەك توپا بىلەن بىللە بىر يانغا ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەننى تۈپتۈز تۇتۇپ، پۇتنى يەرگە مەھكەم تىرەپ غالتەكنىڭ سالمىقىنى ئىككى قولى ئارقىلىق تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك ئىدى. چاقنى بوش توپىغا پاتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن غالتەكنى بارلىق كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ تېز ھەيدەشكە توغرا كېلەتتى. توپا ئۇسۇلغان ئېغىر غالتەك ئادىلەنى ئاخىرى ھالىدىن كەتكۈزدى. پۇتلىرى ھارغىنلىقتىن سىرقىراپ چېكىسىدىن يۇرقۇراپ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. چۈشكىچە ئىككى ئالقىنىنىڭ نەچچە يېرى قاپىرىپ چىقتى. ھۆرىخانىنىڭ ھالى ئۇنىڭدىن بەتتەر ئىدى. قىرىغاندا يىلىكلىرى يېرىمداپ، ئۇگىلىرى بوشاپ كەتكەن مومايدا چاپقان كەتمەننىڭ قانچىلىك كۈچى بولماقچى ئىدى؟ ئۇ كەتمەننى ھەر قېتىم چاپقاندا قاتتىق يەردىن خۇددى سامانغا چېپىلغاندەك قاڭقىپ چىقاتتى. ئاجىز گەۋدىسى كەتمەن بىلەن تەڭ خۇددى ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئىككى يانغا چايقىلاتتى، ئالدى-كەينىگە مۇدۇرۇلەتتى. ئارتۇقچە كۈچىنىشتىن ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ تىنمىسىز خىرقىرايتتى، يۆتىلەتتى. ئادىلە مومايغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى قىرغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى-دە، توپىنى غالتەككە ئۆزى ئۇسۇشقا باشلىدى. سايىت دۈيجاڭنىڭ ئەتىگەندە سوكۇلدىتىپ مىنىپ يۈرگەن ئېتى، ئەمدى نەلەردە قالدىكىن؟ ئۇ ئېتىز ئارىلاپ شاپاشلاپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن كىملەرگىدۇ ۋارقىراپ، كىملەرنىدۇر يەتمىش پۇشتىغىچە چىشلەپ تارتىپ تىللاپ يۈرگىنى يۈرگەن.

— يائاللا، ئانا، سىلىگە نېمانچە قىلىدۇ بۇ تاز؟ — دېدى ئادىلە موماي بىلەن چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن سۆگەت تۈۋىگە كېتىۋاتقاندا، — سىلىدەك قېرى-چۆرىلەرنى كېۋەزلىككە قويۇپتۇ، سىلىنى قاراپ تۇرۇپ ئەرلەر قىلىدىغان كەتمەن چاپىدىغان ئىشقا سالغىنىنى، خۇددى سىلىدىن ئالالمىغان ئۆچى باردەك.

— ئۆچى بار بالام، رەھمەتلىك دادىسىدىن ئالالمىغان ئۆچىنى مېنىڭدىن ئېلىۋاتقىنى ئۇنىڭ.

— مۇنداق دېسىلە.

— بىر يىلى ئېچىق بېشىدا ئىككىسى ماجىرالىشىپ قاپتۇ، دادىسى: «ئۇنداق قىلماڭ ئۇكام، ئازراق سۇ بېرىڭ، ئۇزۇملىرىم ئۇسساپ قۇرۇپ كەتتى، بار-يوقى ئىككى يۈك يەر، ئۈستىنى بىر باستۇ-رۇۋالاي» دەپتۇ، ئەمما سايىت تاز

www.uyghurkitap.com

ئۇنامدىغان. ئۇ رەھمەتلىكنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ بىزنىڭ ئېچقىنى ھەدەپ ئەتكىلى تۇرغىدەك، رەھمەتلىك زەردىسى كۈچلۈك ئادەم بولىدىغان. « ھۇ ئېچى زەھەر تاز، باغلىرىمنىڭ ئۈزۈم-مېۋىلىرىنى بۇلاڭچىدەك يەيسەن، ئىككى باش پىياز ئۈچۈنمۇ خوتۇنۇڭ بىزنىڭ ئۆيگە يۈگۈرىدۇ. تېخى مۇشۇ ئالقاندەك يېرىمگە سۇ بەرمەمسەن؟ ئۆت بۇ ياققا تاز! » دەپتۇ-دە، كۆتۈرگىنىچە ئاپىرىپ ئۆستەڭگىلا تاشلاپتۇ.

ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە سۆگەت تۈۋىگە كەلدى، ئەتراپ ئوت كۆيۈۋاتقان تونۇردەك يېلىنجاپ تۇرغىنىغا قارىماي قېرى سۆگەت سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆستەڭ بويى سالقىن ھەم راھەتلىك ئىدى. سۇيى توختاپ كەتكىنىگە خېلى كۈنلەر بولغان ئۆستەڭنىڭ ئاستى قۇرۇپ، قۇملىرى ئاقىرىپ قالغانىدى. چەتتىكى سۆگەت تۈۋىگە باغلاپ قويۇلغان تاغىل ئىنەك ئېغىلغا سولاپ قويۇلغان موزىيىنى سېغىنىپ پات-پات مەھەللە تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ مۆرەپ قوياتتى. ئادىلە زاغرا ناننى قېتىققا مىلەپ ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلىدى. موماي چىشىم ئۆتمەيدۇ دەپ زاغرا ناننى ئۇششاق ئۇۋۇتۇپ دوغاپقا سېلىپ يۇمشاتتى-دە، شۇمۇپ ئازراق يەپلا توختاپ قالدى.

— ھېچ مىجەزىم يوق، — دېدى ئۇ بىر خىل ھالسىزلىنىش ئىچىدە ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ. ئاندىن شۇ ياتقانچە چۈشتىن كېيىن ئېتىزغىمۇ بارالمىدى. ئەتراپتىكىلەر بىر كۈنلۈك ئىش نورمىسىنى تۈگىتىپ، بىر-بىرلەپ ئۆيلىرىگە كېتىشمەكتە ئىدى. ئادىلەمۇ بىر كۈنلۈك ئىش ۋەزىپىسىنى شۇلار بىلەن تەڭ تۈگىتىپ بولالىتتىمىكىن، ئەمما تۈنۈگۈندىن قالغان يەنە بىر پارچە ئېتىز ئۇنىڭ ئالدىدا يېيىلىپ ياتاتتى. ھاۋاسى نەپەسنى كۆيدۈرۈپ، مېڭىنى پورۇقلىتىپ قاينىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە قىزىپ ياللداپ كەتكەن تاقىر ئېتىزلىقتا ئەمدى يەقەت ئادىلەلا يالغۇز ئىشلەشكە مەجبۇر. ئۇ كەتمەننى ھەر بىر كۆتەرگەندە ئۇنىڭ پارقىراپ كەتكەن كەكرى يۈزى قۇياش نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ چاقنايتتى. غالتەك چاقىنىڭ ئېغىر ئەمگەكتىن زارلىنىپ قاقشاۋاتقاندەك تۈيۈلىدىغان تىنىمسىز سەت غىچىلداشلىرى ئېغىر، تىنجىق، قۇرغاق ھاۋانى تىترىتىپ يىراق-يىراقلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىر چاغدا سايىت دۈيجاڭ يىراقتىن يۇسۇرلاپ ئۇدۇل ئادىلەنىڭ يېنىغا كەلدى. قىيسىق كۆزلىرىنى يەنە قىسىپ، كىردىن سارغايغان سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ خۇشامەت بىلەن ھىجايدى:

— ئەستا... بۇ ئىش بولماپتۇ ئۇكام، نەدىمۇ مېھماننى ئىشقا سالىدىغان قائىدە باركەن؟ ھۆرىخاچام... ھۆرىخاچامنىڭ ئۆزى قېنى؟

ئادىلە جاۋاب بەرمىدى. غالتەكنى ئىتتىرگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇ توپىنى تۆكۈۋېتىپ قايتىپ كەلگەندە سايىت دۈيجاڭ يەرنى كەتمەن بىلەن تەكشىلەۋاتاتتى.

— بولدى، ئەمدى تۈگىدى. ھۆرىخاچامنى دەيمىنا، سىزنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ ئۆزى كەلمىگىنى نېمىسى؟

— ياخشىراق قارىسىلا، سۆگەت تۈۋىدە ياتىدۇ ئەنە، مىجەزى يوق.

— ۋاھ، ئۇ خوتۇن ھەمىشە شۇنداق، — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئاندىن ئادىلەگە شەھۋانىيلارچە بىر نەزەر بىلەن خۇددى ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك باش-ئايىغىچە سەپسېلىپ قاراپ كەتتى، — بىر ئىشنى بىلۋالاي، ئاڭلىسام كەتمەيدىغان بوپتۇ دەيدىغۇ سىزنى؟

— چوڭئانام ياشىنىپ قالغان تۇرسا تاشلىۋېتىپ كەتسەم بولماس.

— دۇرۇس، قالتىس بەلەن گەپ، مانا بۇ قاراركىڭىزنى قارشى ئالىمىز. مانا مەن بىرىنچى بولۇپ ئىككى قولۇمنى كۆتۈرۈپ قارشى ئالىمەن. ئەڭ ئالىي يولىيورۇقتا مۇنداق دېيىلگەن: « يېزا دېگەن بىپايان زېمىن، ئۇ يەردە نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ » . راست، نەچچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغانسىز؟

ئادىلە تەئەججۈپلىنىپ ئۇنىڭ چىرايىغا يالت ئېتىپ قارىدى.

— بۇنى بىلىشنىڭ سىلىگە زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ — قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ.

— ئەلۋەتتە، بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىسىڭىزلا، —

دېدى ئۇ ئادىلەگە يېقىنلاپ. ئىچىدە قوزغاۋاتقان بىر خىل ئەسەبىي ھاياجانغا چۆمۈلۈپ، — سىزنى بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان ئەھمىيەتلىك ئىشلار ناھايىتى جىق. كەتمەن چېپىپ، ئېتىزنىڭ ئاپتىپىغا قاقلىنىپ نېمە قىلىسىز؟ تاملارغا ئەڭ ئالىي يولىيورۇقنى يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. دۆيىنىڭ كاسسىر، بوغالتىرلىقىنى ئېلىپ بېرەيمۇ-يا؟ ياكى ماڭا ياردەمچى بولۇپ ئىشخانىدىلا ئولتۇرۇڭ بولمىسا.

ئادىلە ئۇنىڭ ئەخمەق، كالتە پەملىكى ئۈچۈن قىزىقسىنىپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلۈۋاتىسىز، خاتا سۆزلىمىگەندىمەن؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا تەمتىرەپ.

— ياقەي، سىز قالتىس مېھرىبان دۆيىجاڭكەن-سىز.

— ھى... ھى... ھى... سىزلا شۇنداق ئويلىسىڭىزغۇ، — ئۇ ئەمدى بىردىنلا لاتىدەك تولغىنىپ بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى، — سىزگە ئەلچى كەپتۇمىش دەيدۇ-يا؟

— كەلدى.

— نېمە دېدىڭىز؟ قوشۇلدىڭىزما؟ — ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— چوڭئانام قوشۇلمىدى.

— مۇنداق ئىش، — سايىت دۆيجاڭ نېمىگىدۇر ئالدىرىغىنىدىن ئىچىگە «غورت» قىلىپ يۇتۇندى، — خېلى كۈنلەردىن بېرى ئېغىزلىنالماي يۈرگەن، ماڭا تېگىڭ ئادىلە، تەركىبىم كەمبەغەل دېھقان، پارتىيە ئەزاسى، بۇ دۆيىنىڭ باش دۆيىجاڭىمەن، يەنە مېنىڭ پەيىنىڭ...

— لاۋزىلاشمىسلا-ھە! — ئادىلە بىردىنلا غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ قولىدىن كەتمەننى يۇلۇپ تارتىۋالدى، — يەنە شۇنداق دەيدىغان بولسىلا مۇشۇ كەتمەن بىلەن ئاغزىلىرىغىلا سالىمەن! — ئادىلە شۇنداق دېدى-دە، كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل ئۆستەڭ بويى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئارقىسىدىن ئېتىزنىڭ بېشىغىچە ئەگىشىپ كەلگەن سايىت دۆيجاڭنىڭ يالۋۇرغان خىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نەچچە يىل بولدى، خوتۇنىمغا كۆڭلۈم سىز-مەن، سىزلا ماقۇل دېسىڭىز، ئۇ لالمىنى ئەتىلا ئۆيدىن قوغلىۋېتىمەن. ماقۇل دەڭ ئادىلە، جېنىم جۇمباق!

ئادىلە مىجەزى بۇزۇلۇپ سۆگەت تۈۋىدە ئىڭراپ ياتقان موماينى بىر قولىدا يۆلەپ، بىر قولىدا ئىنەكنى يېتىلەپ خېلىدىن كېيىن ئۆيگە يېتىپ كەلدى. كۈن غەربكە قىيىلغان. كەچ كىرگىچە ئىككى كۈندىن بېرى يىغىلىپ قالغان قېتىقلارنى سېتىپ كېلىش كېرەك ئىدى.

— مەن سېتىپ كېلەي، — دېدى ئادىلە قېتىقلارنى ئىككى دەستە قىلىپ ياغلىقتا باغلاۋېتىپ.

— ئەستا... تاۋىمنىڭ يوقلۇقى... ئىسسىق ئۆتتىمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ كارىۋاتتىكى كىگىز ئۈستىگىلا ئۆزىنى تاشلاپ ھالسىز ئاۋازىنى تىترىتىپ، — ئۆزۈم بارسام بولاتتى، يولدا يالغۇز قورقاسىزمۇ؟ ئېزىپ قالارسىزمۇ؟

— ياقەي، نېمىشقا ئېزىپ كەتكۈدەكمەن؟ قورققۇدەكمۇ ئىش يوقكەنغۇ يولدا. يېتىپ تۇرسىلا، كېلىپ ئاشنى ئۆزۈم ئېتىمەن.

ئادىلە ئەمدى ئۈچىنچى جوڭدۈيگە ئۆزى يالغۇز بېرىش پۇرستىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. ئۇمىد ۋە خىيالدا ئەكسلىنىپ تۇرغان ۋىسال شادلىقى قەلبىدە دولقۇنلىناتتى. ئۇ، موماينىڭ بىردىنلا جاھىللىقى تۇتۇپ ئۆزۈم باراي دەپ تۇرۇۋالامدىكىن دەپ قېتىقلارنى كۆتۈردى-دە، ئالدىراپ ھويلىدىن چىقىپ چىغىر يول تەرەپكە يۈرۈلدى...

كۈن غەربكە قىيسايغان چاغ، ئۇ، قوناقلىقنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى بۇك يۇلغۇنلۇق ئۈستىدە خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوت شارىدەك قىزىرىپ كۆرۈنەتتى. ئۇ شەلپەردەك نۇرلىرى بىلەن ئالەمنى بېزەپ، ئۇيۇقتىن يېڭىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدىكىگە ئوخشاش شۇنچىلىك يېڭى، نۇرلىرى تازا، يارقىن، ھارارەتلىك ھەم غۇبارسىز ئىدى. غەرب ئاسمىنىدىكى يۇقتا بۇلۇتلارلا ئەمەس، ھەممىشە كۆپكۆك رەڭدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قوناقلىق، قىزىرىپ تۇرىدىغان يۇلغۇن، چاتقاللىقمۇ، ئاقۇش قۇم بارخانلىرىمۇ ئالتۇنرەڭ، تومانىدەك يۇمشاق نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئادىلە ئۆيدىن يىراقلاشقانسېرى ئاشۇ نۇر باغرىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ ئاستا-ئاستا بىر تال زەررىدەك چېكىتتەك يارقىن جىمىرلاپ، ئاندىن ئاشۇ خىسلەتلىك نۇر تومانى

ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى.

بوك چاتقاللىق، قوم بارخىنى، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇرمە سېپىلى... ئۇ بۇ يولدا موماي بىلەن نەچچە قېتىم بىللە ماڭغاچقىمىكىن، ئەتراپ ئۇنىڭغا بەش قولدەك تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن. شۇڭا ئۇ ئىككى تەرەپكە تەمتىرىمەيلا قوم بارخىنىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى كۈنلەردىكى قورقۇنچنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقارغان. ئۇنىڭ ئىزتىراپلىق خىيالىدا پەقەت بىرلا ئىش، بىرلا مەقسەت ھۆكۈم سۈرەتتى.

باشقا كۈنلەردىكىدەك قېتىق كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان جىنايەتچىلەر بىردىن-ئىككىدىن تۇرمە ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىشىپ قېتىقلارنى تېزلا قاچىلىرىغا قۇيۇپ تۈگىتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل يەنىلا كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا ئادىلەنىڭ كۆڭلىگە باشقىچە بىر خىل ئوي كەچتى: «ئۇنى بۇ يەردىن باشقا تۇرمىگە يۆتكىۋەتتىمىكىن ياكى تۇرمە ئىچىدە ئاغرىپ ياتامدىكىن؟ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ بېقىش كېرەك. ئەمما كىمدىن؟...»

ھايال ئۆتمەي يەنە بىر جىنايەتچى قاچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا ئادىلەنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قاچىلارغا قاراشتۇرغىلى تۇردى.

— قېتىق يەنە يوقمۇ؟

— تۈگەپ كەتتى.

— ھەتتىگىنەي، بىر قاچا لازىم ئىدى-دە، يەنە قاچان كېلىلا؟

— خۇدا بۇيرۇسا ئۆگۈنلۈككە، — ئادىلە مۇشۇنىڭدىن سوراپ باقساممىكىن دەپ ئويلىدى، ئەمما ئۆز خىيالىدىن ئۆزى ھودۇقۇپ بىر خىل تەمتىرەش ئىچىدە دېدى، — مەن سىزدىن بۇ يەردىكى بىر ئادەمنى سورىماقچىدىم.

— كىمنى؟

— ئادىل ئابدۇراخمان ئىسىملىك مەھبۇسنى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن، يېگىرمە يىل كېسىلگەن.

— ئۇ، بۇ يەردە ئەمەس، ئاياغتىكى جاڭگالدا، — دېدى ئۇ جەنۇب تەرەپنى ئىما قىلىپ، — تېخى ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا سەرسەكەي دېگەن قازاقنىڭ ئورنىغا مالچىلىققا ئالماشتۇرۇلغان، — جىنايەتچى بىردىنلا ھوشيارلانغانىدەك ئادىلەنىڭ كۆزلىرىگە شۈبھە بىلەن تىكىلىپ قارىدى ۋە پىچىرلىغانىدەك قىلىپ دېدى، — سىلى ئۇنىڭ نېمىسى بولىلا، تۇغقىنى ئوخشىمامىلا؟

— ياقەي، — دېدى ئادىلە پەرۋاسىز قىياپەتتە، — ئۆتكەندە ئىككى قاچا قېتىقنى نېسىگە ئالغان، كېيىن نەچچە كەلدىم يوق، شۇڭا سورىغىنىم ئۇنى.

— شۇنداقمۇ؟ — جىنايەتچى ئىشەنمىگەندەك شۈبھىلىك ھىجايدى-دە، كىرىپ كەتتى. ئادىلە قاچا-قۇچىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، بىردىنلا گەپنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئىككى قاچا قېتىقنى نېسىگە ئالغان دېگىنىغۇ بولدى. ئەمما ئۇنىڭ «ئۈرۈمچىدىن كەلگەن، يېگىرمە يىل كېسىلگەن» دېگىنىچۇ؟ بۇنى ئۇ نېمىشقا جىنايەتچىنىڭ ئالدىدا يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئاشكارىلاپ ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدۇ؟ بۇ گەپچە بولغاندا ئۇ چوقۇم ئادىلنىڭ خۇپپىيانە كۆرۈشكىلى كەلگەن تۇغقىنى، يېقىن كىشىسى، ھېچ بولمىغاندا ئۇلار قېتىقنى باھانە قىلىپ مۇڭداشقان، بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەن بولۇپ چىقىدۇ-دە، جىنايەتچى بۇنى ھازىرلا تۇرمە ساقچىلىرىغا چېقىپ قويىدىغاندەك، ساقچىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئادىلەنى تەرەپ-تەرەپتىن سوراقلاپ كېتىدىغاندەك، ئۇ قورقىنىدىن قاچىلىرىنى ئالدىراپ يىغىشتۇردى-دە، قوم بارخىنى تەرەپكە يۈگۈرگەندەك مېڭىپ كەتتى. ئۇ قوم بارخىنى يېنىغا بېرىپ يۇمشاق قوم ئۈستىگە ئولتۇردى ۋە ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلىدى. كۆپ ئولتۇرغان، ئەمما قاراڭغۇ چۈشۈشكە يەنە ۋاقىت بار ئىدى. بۈگۈن ھېچ بولمىسا ئادىل تۇرۇۋاتقان قوتاننى بولسىمۇ كۆرۈۋالماقچى بولدى-دە، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان قېلىن يۇلغۇنلۇقنى ئارىلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ چاتقاللىق ئارىلاپ خېلىغىچە ماڭدى. بىر چېتى چاتقاللىق بىلەن تۇتىشىپ كېتىدىغان، بۇغدىيى يىغىۋېلىنغان تاقىر ئېتىزلىقلار يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ باراتتى-دە، ئاندىن پاكار ئېشەكقومۇشلىرى كۆكىرىپ تۇرغان نەم شورلۇق دالا باشلىناتتى. چۆل دالانىڭ نەمخۇش تۇمانى قويۇقلاشقان

www.uyghurkitap.com

گۈگۈم قوچقىدا يالغۇز ئادىلەلا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. تۇرمە سېپىلىنى ئەمدى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، پەقەت قوم بارخانلىرىلا گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە يىراقتىن گويا يەرگە چۆكتۈرۈلگەن نار تۆگىنىڭ گەۋدىسىدەك غۇۋا چوقچىيىپ تۇراتتى. ئادىلە ئالدىدا بىرەر ئىزنانى كۆرۈش مۇمكىن بولمىغان تۈپتۈز دالىدىن كۆزىنى ئۈزمەي كېتىۋېتىپ «جىنايەتچى يالغان ئېيتىپ مېنى ئالداپ قويدىمىكىنە» دەپ تەشۋىش ئىچىدە ئويلاپ كەتتى. ئەمما ئاياغلىرى يۈرىكىنىڭ ھېچنېمە بىلەن قايتۇرۇپ بولمايدىغان تەشنالىق كۈچىنىڭ دەۋىتىدە چاتقاللىق ئارىسىدىكى كۆپكۆك پاكار قىياقلارنى شىپىلدىتىپ بېسىپ، يەڭگىل قەدەم بىلەن تېز-تېز كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ بۇرنىغا كۆيگەن تېزەكنىڭ نەمخۇش ھاۋا بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆتكۈر پۇرىقى كېلىپ ئۇرۇلدى. «يېقىن قاپتىمەن، ئەمدى يېقىن كەلگەن ئوخشايمەن» قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى ئۇ بىردىنلا ئۈمىدلىنىپ. ئۇ ئالدىدىكى دۆمبەلدىن ئەمدىلا ئېشىشىغا، يالغۇز كونا قوتان بىردىنلا چوقچىيىپ كۆرۈندى. قوتاننىڭ يېنىدىن پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. قوي، ئۆچكە ھەم قوزىلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازدىكى مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئادىلە قولىدىكى قاچىلارنى تاشلاپ قوتانغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بارغۇسى كەلدى. مەيلى ئىدى... ئۇنى پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈۋالسا... ئۇنىڭ ئۈچۈن بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق كۈلپەت-بالانى تارتىشقىمۇ رازى ئىدى... بىراق ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى. ھەر ئىشنى ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئادىل ئۈچۈن بۈگۈنگىچە شۇنچە كۆپ جەبىرى-كۈلپەتلەرنى تارتىشى ئۆزىنى ھەم ئادىلنى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق پىشكەللىك پاتقىقىغا تاشلاش ئۈچۈنمىدى؟ ئۇ يېنىدىكى بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ كەينىگە مۆكۈپ، ئۆزىنى يەرگە چاپلاپ، كۆزىنى قوتان تەرەپتىن ئۈزمەي ياتتى. «ئادىل، مەن كەلدىم، مانا قېشىڭىزغىلا كەلدىم. ئەمما قاچان دىدار كۆرۈشەرمىز؟ قورقۇنچاق ئايالىڭىزنى كەچۈرۈڭ. قېشىڭىزغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. بىرەرسىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالارمەنمۇ دەپ قورقتۇم» دەپ پىچىرلىدى ئۇ يۇلغۇن تۈۋىدە كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈۋېتىپ. قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ھازىر ئەڭ مۇھىمى بۇ يەرگە كېلىدىغان يولنىڭ ئۆي-چوڭقۇرىنى ئىلغا قىلىۋېلىش، چاتقاللارنى پەرق ئېتىۋېلىش. چۈنكى بۇ يەرگە كۈندۈزى ئەمەس، كېچىسى كەلمىسە كۈتۈلمىگەن پىشكەللىكنىڭ يۈز بېرىشى ھەرقاچان ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. شۇڭا ئۇ يۇلغۇن تۈۋىدە ئانچە ئۇزۇن ھايال بولمايلا ئارقىسىغا يېنىشقا مەجبۇر بولدى.

## 5

كۈننىڭ ئىسسىقى ئەمەس، سايىت دۈيجاڭنىڭ تىل-ھاقارىتى موماينىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالى ناچارلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئادىلە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ:

— يۇمغاقسۈت سىقىپ ئىچۈرەيمۇ؟ باشلىرىغا سوغۇق لۆڭگە قويايمۇ؟ — دەپ سورىغانلىرىغا ئۇ:

— مەيدەمنىڭ بىر يېرى سانجىلىپ ئاغرىيدۇ، بۇنىڭ شىپاسى يوق بالام، ئەھۋالىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دەيتتى. ئەمدى ئۆيىنىڭ، ئېتىزنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئادىلەگە قالغانىدى. ئۇ ئەتىگىنى سەھەر قوپۇپ ئالدى بىلەن ئىنەكنى ساغاتتى-دە، سۈتىنى پىشۇرۇۋېتىپ ئەتكەنلىك ئاشقا تۇتۇش قىلاتتى. موماينىڭ ئېشىنى ئىچۈرۈپ بولۇپ، قىزىقى يانغان ئىلمان سۈتنىڭ قايمىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى چىنە-چىنىلەرگە قۇيۇپ، ئۈستىدىن كۆنەك سېلىپ ئويۇقلارغا تىزاتتى. ئاندىن كېيىن موزىيى ئايرىلغان ئىنەكنى يېتىلەپ ئېتىزغا ماڭاتتى. سايىت دۈيجاڭ بىر كۈنى ئادىلەگە ياشانغان بىرنەچچە ئايال بىلەن بىللە كېۋەزلىككە بېرىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەردە ئىشلار ئاددىي ھەم ئاسان، كېۋەزلىكتىكى ياۋا ئوتلارنى ئوتىشى لازىم ئىدى. ئۇ ئوتىغۇچ بىلەن ئوتلارنى ئوتاۋېتىپ بۈگۈن كەچتە ئادىلنىڭ قېشىغا قانداق بېرىش توغرىسىدا پىلان تۈزۈشكە باشلىدى.

قېتقىنى سېتىپ بولۇپ قايتىشىدا ئادىلىنىڭ قېشىغا ۋاقىتنى ھەرقانچە كەينىگە سۈرۈپ بېرىشمۇ خەتەرلىك ئىدى. يولدا بىرەرسى كۆرۈپ قالمىدى دېگەندىمۇ شۇ قەدەر كەچ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مومايغا چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى. ئەڭ ياخشى پەيت موماي ئۇخلاپ قالغان چاغدا بېرىپ كېلىش ئىدى. ئادىلە بىرنەچچە كېچە كۆزىتىش ئارقىلىق موماينىڭ خۇپتەندىن كېيىن تۈن يېرىمىغىچە خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىدىغانلىقىنى، تۈن تەڭدىن سەھەرگىچە خۇددى قۇشتەك سەگەك ياتىدىغانلىقىنى جەزم قىلغان. بۇ ئىشنى مومايغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن چوقۇم تۈن يېرىمىغىچە بېرىپ كېلىپ بولۇش كېرەك ئىدى. ئۇ بۈگۈنچە سومكىدىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمەي، جىنايەتچىلەرگە ساتىدىغان قايماقنى يولدا يوشۇرۇپ قويۇپ شۇنىلا ئېلىۋالماقچى، قايماقنىڭ پۇلىنى ئۆز يېنىدىن سېلىپ قويماقچى بولدى. ئۇ كەچتە ئىشتىن يېنىپ كەلگەندە موماي كارىۋات ئۈستىدە ھالسىز بىر ھالەتتە ياتاتتى. كۆزلىرى چاناقلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ياڭاق سۆڭىكى بورتۇپ چىقىپ قالغانىدى. ئۇ ئادىلە كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر كۆتۈرۈم ئوتنى، ئىنەكنىڭ تويۇپ قورسىقىنىڭ تومپىيىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى:

— كەلدىڭىزمۇ قىزىم، يائاللا ئەجەب ئېغىر ئىشقا قويدۇم سىزنى... خۇدايىم... مەنمۇ ساقىيارمەن، قىلغانلىرىڭىزنى قايتۇرمەنغۇ، ھىممىتىڭىزگە رەھمەت... رەھمەت.

ئادىلە ئىنەكنى ئېغىلغا سولاپ قويۇپ ئالدىراپ موماينىڭ يېنىغا كەلدى:

— قانداقراق ياتىلا ئانا؟

— يامان ئەمەس، خۇداغا شۈكرى...

— مەن ئەمسە غاچچىدە ئاش ئېتەي، — دېدى يەڭلىرىنى تۈرۈۋېتىپ، — نېمىگە كۆڭۈللىرى تارتىپ تۇرىدۇ؟

— ئاشنىمۇ ئېتەرمىز... — موماي تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولماقچى بولدى، ئادىلە دەرھال كېلىپ ئۇنى يۆلىدى، — قېتقىنى ئاپىرىدىغانغا كەچ قالارسىزمۇ-ھە؟

— ئەمسە ھازىرلا ئاپىرىپ سېتىۋېتىپ كېلەي بولمىسا.

— ئىگەكىم، بولسا شۇنداق قىلسىڭىزغۇ.

توققۇز قاچا قېتىق، ئىككى پىيالە قايماق يىغىلغانىكەن، ئادىلە بۇلارنى دەستىلەپ ياغلىق بىلەن چىگدى-دە، تېزلا مېڭىپ كەتتى...

كەچ كىرىپ ئەتراپ گۇگۇم تۇمانى بىلەن قاراڭغۇلاشقان، تەشنالىق مىنۇتلار يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئادىلە قايتىپ كېلىپ ئاشقا خېمىر يوغۇرۇۋاتقاندىمۇ، خېمىرنى يېيىپ ئۈگرە قىلىپ كېسىۋاتقاندىمۇ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان بىر خىل قورقۇنچتىن يۈرىكى ئېغىپ تۇردى. بېسىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ خەتەرلىك قەدەمنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا ئۇنىڭدا تولۇق ئىشەنچ يوق ئىدى. كۈتۈلمىگەندە يولدا نامەلۇم بىرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ياكى ئادىلىنىڭ ئۇ قوتاندا ھەتتا يوق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئادىلە ئاشتىن كېيىن قاچا-قومۇچلارنى يۇيۇۋېتىپ تەشۋىش ئىچىدە بىئاراملىنىپ تۇرغاندا موماينىڭ يېنىك تارتىۋاتقان خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئادىلە قەدىمىنى يېنىك ئېلىپ موماينىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ تىنىقلىرىنى تىڭشاپ كۆرۈپ ئۈستىدە بىر دەم يانپاشلىنىپ ياتتى. ئاندىن ۋۇجۇدىنىڭ تەۋەككۈلچىلىككە قىلىۋاتقان كۈچلۈك دەۋىتىدىن بىردىنلا غەيرەتلىنىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، شەپىسىز مېڭىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. چۆل قۇچىقى قاپقاراڭغۇ ئىدى، يۇلتۇزلار شۇنچىلىك يېقىن، شۇنچىلىك يارقىن چاقنايتتىكى، خۇددى قولنى سوزسىلا تۇتۇۋالغىلى بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كىچىكىدىن تارتىپ ئەركە ئۆسكەن، ھەتتا مۇشۇ يېشىغىچە ھويلىدا مېڭىپ يۈرگەن مۈشۈكتىنمۇ قورقۇپ ئۆيگە قېچىپ كىرىدىغان ئادىلە بۈگۈن كېچە ئۆزىنىڭ شۇنچە قورقۇمسىزلىنىپ كەتكىنى ئۈچۈن خۇشال ھەم ھەيران. بايا ئىككى پىيالە قايماقنى قول ياغلىقتا چىگىپ قاتار جىگدىلىك ئارىسىدىكى مايماق جىگدىنىڭ پۇتىقىغا ئېلىپ قويغان. ئۇ سەلكىن شامالدا يېنىك شىلدىرلاپ تۇرغان قوناقلىق يېنىدىن تېزلا يۈگۈرۈپ ئۆتتى، ئاندىن جىگدىلىككە كەلدى-دە، جىگدە شاخلىرى ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قايماقنى تاپتى. ئاندىن يەنە شۇنداق يۈگۈرگىنىچە غۇۋا ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ

تۇرغان چىغىر يول بويلاپ چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىكى چاتقاللىق ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇنچلۇق ئىدى. كۆكلىكنىڭ يۇلغۇن شاخلىرىغا ئىلىنىپ قېلىشى خۇددى كۆكلىكنى نامەلۇم بىر قول تۇتۇۋالغاندەك تۇيۇلات-تى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز يۇلغۇن چومقىغا پۇتلىشىپ يىقىلدى. قولىدىكى قايماق قاياقىدۇر ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ ئۇياق-بۇياقنى سىلاپ-سىپاپ يۈرۈپ قايماقنى تەسلىكتە ئىزدەپ تاپتى. ھېلىمۇ ياخشى پىيالە چېقىلمىغان، ئەمما قايماقنىڭ تۆكۈلگەن-تۆكۈلمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئادىلە چاتقاللىق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى سازلىق تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ياۋا قۇشلارنىڭ سەت غاقىلداشلىرى، يەنە نېمىنىڭدۇر خورتىلداشلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ قايسى كۈنى ئىزدا ئىشلەۋاتقان چاغدا كىمدۇر بىرسىنىڭ «سازلىق ئەتراپىدا ياۋا توڭگۇز كۆپ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئاھ، خۇدا، ئاشۇ خورتىلداۋاتقان ياۋا توڭگۇز ئەمەسمىكىن؟ مۇبادا ئۇ مەخلۇقلار تۇشمۇ-تۇشتىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ چىقسا... ئۇ قانداق پاجىئەنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەر؟ ئادىلە بۇنى ئويلىغانسېرى ۋۇجۇدى-دىن ماغدۇر قېچىپ، پۇت-قوللىرى دىرىلداپ تىترەپ، قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى.

ئۇ يەنىلا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى...

ئادىلە ھايال ئۆتمەي شالاڭ چاتقاللىق ئارىسىغا چىقىپ كەلدى-دە، ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ تۇرغان خەۋپ-خەتەر قېلىن چاتقاللىق ئارىسىدا قالغاندەك، يۈرىكى ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. ئەمدى قوتاننى تېپىش تەس ئەمەس ئىدى. چاتقاللىق ياقىلاپ جەنۇبقا يۈرۈلۈپ ماڭسىلا قوتاننىڭ يېنىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. چىغىر يولى بولمىغان پاكار چاتقاللىق ئارىسىدا يۈگۈرۈپ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئادىلەنىڭ ئەمدى يۈگۈرگىدەك ماجالى قالمىغانى-دى. ئۇستىبېشى قارا تەرگە چۈمۈلۈپ يۈرىكى ئارتۇقچە چارچاش ئىچىدە دۈپۈلدەيتتى. ئۇ كۆڭدۈزى ماڭغان يولنى خىيالەن ئەسلىگە ئېلىپ جەنۇب تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردى. خېلىدىن

كېيىن يېقىنلا يەردە ھېلىقى قوتان غوۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چوقچىيىپ كۆرۈندى. «ئىت بىر كىن-ھە؟ يوق ئوخشايدۇ، — ئادىلە قوتان تەرەپكە سەزگۈرلۈك بىلەن قۇلاق سالغىنىچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، — بولغان بولسا بۇ چاغقىچە قاۋاپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقاتتى». قوتاندىكى قوي، ئۆچكىلەرنىڭ سىرتتىكى يات تىۋىشنى سېزىپ دۈكۈرلىشىپ قوپقان ئاۋازى، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ مەرەشلىرى ئاڭلاندى، ئادىلە قەدىمىنى يېنىك ئېلىپ قوتاننى ئايلىنىپ ئۆتتى. بىر تېمى قوتانغا ياندىشقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئوچاق بېشىدا تۇتەپ تۇرغان جىنچىراق تۈۋىدە خۇددى ياۋايى ئادەمنى ئەسلىتىدىغان بىر قارا گەۋدە پۈتنى ئالماپ ئولتۇرۇپ ئالدىغا ئېڭىشىپ، قارىداپ كەتكەن كورىنى قولىدا تۇتقىنىچە نېمىنىدۇر ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى. ئادىلە ئۇنى كۆرۈپ ئارتۇقچە ھاياجانلىنىشتىن نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغان ئورنىدا تاياقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. «ئالدىمدا ئولتۇرغان ئادىل شۇمىدۇ؟ مۇشۇ پاخپا چاچ، قارا ساقاللىق... ھەئە، شۇ ئوخشايدۇ، ئەزبە-رايى... ئادىلنىڭ ئۆزى...!» ئادىلە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئارانلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بوسۇغىغا كەلدى، ئادىل كۈتۈلمىگەندە ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغان نامەلۇم گەۋدىدىن ئېھتىياتلىنىپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە:

— كىم؟! — دەپ تووۇلدى.

— مەن... ئادىلە... — ئادىلە كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى، ئۇ ئادىلنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى-دە، قوللىرىغا ئېسىلدى، — مەن... مەن كەلدىم... ئادىل!

— ئادىلە! — بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى ئادىل كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ئاندىن ئۇنى باغرىغا بېسىپ مەھكەم قۇچاقلاپ كەتتى، — بۇ قانداق ئىش ئادىلە؟ بۇ چۈشۈممۇ-ئوڭۇممۇ؟ يالغان ئەمەستۇ، مۇنداق قىلغىنا، بۇ سەنمۇ ئادىلە؟

ئادىلنىڭ كۆزلىرى ئارتۇقچە گاڭگىراش، ھەيرانلىق ۋە ئىشەنگىلى بولمايدىغان بولغاچقا، ئىشەنكىرەشتىن پارقىراپ كەتكە-نىدى. ئادىلەنى تۇتۇۋالغان قوللىرى تىترەيتتى. كۆكرىكى ئارتۇقچە كۆتۈرۈلۈپ نەپەسلىنىشتىن بىر

كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئادىلەنى باغرىدىن بوشىتىپ خۇددى ئۇنىڭ باشقا بىر ئايال بولۇپ قېلىشى مۇمكىندەك ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ كەتتى. مەڭزىدە سىرغىپ تۇرغان ياشنى بارمىقى بىلەن سۇرتۇپ، چاچلىرىنى تۈزەپ قويدى. ئۇ يەنىلا كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى، ئادىلەنى چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى.

— بۇ قانداق ئىش ئادىلە؟ بۇ قانداق تاسادىپىلىق؟ — دېدى ئۇ ئادىلەدىن كۆزىنى ئۈزمەي. ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەيتتى، نېمىشقىدۇر قوپال، خىرقىراپ چىقاتتى.

— چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتەيلى ئادىل، بىزنى بىركىم كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن.

— ساڭا يەنە بىردەم قاراپ تۇرغىلى قوي، خاتىرجەم بول، بۇ ئادەمزاتسىز چۆلگە كېچىدە كىم كېلىشى مۇمكىن؟ ئەپۇ قىل، مەن راستىنلا كۆزۈمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن، سەن بۇ يەرنى قانداق تاپتىڭ؟ قانداق كەلدىڭ؟

— ئولتۇرۇڭمۇ دېمىدىڭىز، — دېدى پۇتلىرى تېلىپ ئارانلا ئۆرە تۇرغان ئادىلە ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ.

— ۋاي ئاپلا! ئېسىم قۇرسۇن! — ئادىل تام تۈۋىگە تۇرمەللەپ قويغان ئەديالنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقانمىكىن، كۆرپىمىكىن قارا رەڭلىك قېلىن بىرنەرسىنى يەرگە يايدى، — قېنى بۇ ياققا كەل، ئۈستىدە پۇتۇڭنى سۇنۇپ ئولتۇر، بۇ مېھمانخانا قانداقراقكەن؟ ئېسىلمىكەن؟ ئىشىنىمەنكى، بۇ ئۆي ساڭا بۈگۈن ياقمىسا ئەتىگىچە چوقۇم يېقىپ قالىدۇ.

— مەن ھازىرلا كېتىشىم كېرەك، — دېدى ئادىلە بۆگلۈككە ئولتۇرۇپ ئاغرىغان پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ.

— توختا، توختا، مەن تۇتۇپ قوياي، — ئادىل يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئادىلەنىڭ پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇتۇشقا باشلىدى. ئادىلە ئادىلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتتى. ئادىلە ئۈچۈن قاپقاراڭغۇلۇق ئىشەنچلىكرەك، ئادىلغا كۆزلىرىنىڭ مىسكىنلەرچە تەلمۈرۈشى بىلەن ئەمەس، قەلب كۆزىدە قاراش ئەڭ راھەت ھەم ھوزۇرلۇق ئىدى. ئادىل دېمىگىنى بىلەن چىراغنىڭ ئۆچۈشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئادىلەنىڭ يېنىغا سوزۇلۇپ ياتتى. يىرىكلەشكەن قوپال قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىنى سىلىدى. ئاندىن بىردىنلا ئادىلەنى باغرىغا تارتىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىگىشلىشىپ كەتكەن يىرىك ساقاللىرى ئادىلەنىڭ مەڭزىگە، لەۋلىرىگە تىكەندەك سانجىلاتتى. بەدىنىدىن قوي قىغى ھەم ئىس پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەن ئېچىغان تەر ھەم كىر ھىدى پۇراپ تۇراتتى. نېمە بوپتۇ؟ بەدىنىدىن كىر ھەم تەر ھىدى دىمىغىغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېرى! ئۇ ئۆزى ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ ئەزىز ھەم قىممەتلىك...

— خوش؟ سۆزلەپ بەر قانداق كەلگىنىڭنى، بۇ يەرنى قانداق تاپقىنىڭنى ماڭا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەر، — دېدى ئادىل بىردەم داۋام قىلغان شېرىن مەستخۇشلۇقتىن كېيىن ئادىلەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— كېيىن... مەن ھازىر كېتىشىم كېرەك، — ئادىلە ئورنىدىن تۇرۇپ ياغلىقنى يېنىدىن سىلاشتۇرۇپ تاپتى.

— نەگە بارىسەن يېرىم كېچىدە؟

— چوڭئانامنىڭكىگە... يېڭىدىن تېپىۋالغان...

— ئارا ئۆستەڭدىنمۇ؟ — ئادىل مۇشۇ مەھەللىنىڭلا بۇ يەرگە يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، — ئەمىسە مەن ئاپىرىپ قوياي.

— قويلارچۇ؟

— ھېچنېمە بولمايدۇ، تۇرۇۋېرىدۇ.

— راست، مەن سىزگە قايماق ئەكەلگەن، ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى ئادىلە، — قۇيۇۋالىدىغان قاچىڭىز بارمۇ؟ پىيالىلەرنى ئېلىپ كېتىشىم كېرەك.

ئادىل چىراغ ياقتى، ئۇ ئادىلەنىڭ كۆزلىرىگە خۇددى ئۇنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك مېھىر بىلەن تىكىلىپ:

— ئادىلە... بەك چىرايلىق بوپ كېتىپسەن ئاپپىقىم، — دېدى.

ئادىلە قايماقنى ئادىلنىڭ چۆرىسى ئىس بىلەن قارىداپ كەتكەن ئاليۇمىن كورىسىغا قۇيدى، ئىككىيلەن ئادىلە كەلگەن يول بىلەن شەپە چىقارماي قەدەملىرىنى تېز-تېز ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈرۈپ كەتتى. ئادىلە كېتىۋېتىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەھۋالى، دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئۈرۈمچىدىن قانداق يولغا سالغانلىقى، بۇ يەرنى قانداق تاپقانلىقى ھەم ھۆرىخان موماي توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇلار قويۇق چاتقاللىق ئارىسىدا خۇددى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ماڭغان چاغلىرىدىكىدەك يېقىن چاپلىشىپ، يانمۇيان كېتىۋاتاتتى، ئادىلە ئۇنى قولتۇقلىۋالغانىدى. قورقۇش، ۋەھىمە دېگەنلەر ئۇنىڭغا تامامەن يات، ئۆزى شۇتاپتا دۇنيادا ئارزۇ-ئارمىنىغا يەتكەن ئەڭ بەختلىك ئايال ئىدى.

— بىز ۋاقىت ۋە كۆرسىشىدىغان جايىنى كېلىشىۋالايلى، ئەڭ ياخشىسى، سىنى ئىزدەپ مەنلا كېلەي، — دېدى ئادىل.

— ياق، بۇنداق قىلىش خەتەرلىك، — كېسىپلا ئېيتتى ئادىلە، — بۇ ئەتراپتا سۇچىلار كېچىسى سۇ تۇتۇپ تۇرىدۇ. بىرسى سىزنى كۆرۈپ قالسىچۇ، ساقچىلار سىزنى سىزىپ قالسا ئەڭ چاتاق. ئۇ چاغدا سىزنى مالچىلىقتىن قالدۇرۇپ باشقا ئىشقا يۆتكىۋەتسىچۇ؟ مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا بىزنىڭ كۆرۈشەلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟

ئادىل بۇنى ئاڭلاپ جىم بولدى. دۇرۇس، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ھېچكىم سېزەلمەيدۇ دەپ ھۆددە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. سېزەلمىگەن تەقدىردىمۇ شۇ كېچىدە قوتانغا ئوغرى چۈشسىچۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى قانداق بېرىش مۇمكىن؟ سوئال-سوراق، ھەتتا قوشۇلۇپ كېلىدىغان جازادىن باشقا ساقچىلار ئۇنى ھەيدەپ ئاپارغان پىتى قورال ئاستىدا ئىشلەيدىغان جىنايەتچىلەر ئارىسىغا تىقىۋېتىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ چاغدا سىرتتىن كەلگەنلەر بىلەن بىر-ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىش تۇگۇل، ئۇلارغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شۇنداق... يەنىلا ئادىلەنىڭ يوقلاپ بارغىنى تۈزۈك ئوخشايدۇ. بىراق ئايال كىشىگە ياۋا توڭگۇز بىلەن تولكە، چاشقانلار ئۇۋۇلاپ كەتكەن بۇ لەنىتى جاڭگالدا كېچىسى يالغۇز مېڭىش ئاسانمۇ؟

ئادىلە ئالدىدىكى قارىيىپ، چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان جىگدىلىكنى كۆرۈپ جايىدا چىپپىدە توختاپ قالدى ۋە ئاۋازىنى ئۆچۈرۈپ ئاستا شىۋىرلاپ:

— ئۆيگە يېقىن قاپتۇق، ئەمدى سىز قايتىپ كېتىڭ، — دېدى.

— خوش، ئەمسە قاچان بارىسەن؟

— ئۆزۈم مۇۋاپىق پەيتنى تاللىغان چاغدا.

— كىتاب بىلەن كىيىم-كېچەكنى ئاپىرىپ يۈرمە، ئاپارغان بىلەنمۇ ئۇ يەردە سىغدۇرۇپ كېتىش تەس.

— ماقۇل ئەمسە.

ئادىل كەينىگە بۇرۇلۇپ ئايغىنى يەڭگىل ئېلىپ، تېز-تېز مېڭىپ يۈرۈپ كەتتى-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە قېلىن چاتقاللىق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە غايىب بولدى، ئادىلە شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، يەڭگىل تىنىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە يەنە بۇرۇنقىدەك ھويلىغا شەپىسىز كىرىپ يەم بىلەن كارىۋاتقا چىقتى. موماي ئېرىقى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ بىر خىل رىتىمدا پۇشۇلداپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئادىلە كۆرپە ئۈستىگە يانپاشلىنىپ يوتقاننى پۇتىغا ياپتى-دە:

— مۇشكۇل ئىشىمنى ئاسان قىلغان، مۇراد-مەقسىتىمگە يەتكۈزگەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، ھەممىتىڭگە مىڭ شۈكرى... — دەپ پىچىرلىدى.

ئەجەب چىرايلىق سەھەر، ئۆزۈم بارىڭىمۇ، كۆكتاتلىقمۇ، گۈل غۇنچىلىرىمۇ، سۆگەت شاخلىرىمۇ ئەمدى يېپيېڭى. ھاۋا شۇنچىلىك تازا، سالقىن ھەم راھەتلىك، سۆگەت شاخلىرى ئارىسىدا ئاق قۇشقاچلار، تال بارىڭىدا تومۇچۇقلار سايرىشىدۇ. تۈن تەڭدىن كېيىن توختىماي قىچقىرىپ، ئەمدىلا قونداقتىن چۈشكەن قىزىل تاجىلىق مەللە خوراز مېكىيانلىرىنى باشلاپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ ئەمدىلا باشلانغان يېڭىچە ھاياتنىڭ تۇنجى قەدەملىرىنى مېڭىپ يۈرىدۇ. ئادىلە بۇلارنى كۆرۈپ، شۇنىڭ لەززىتى بىلەنمىكىن يۈرەك سەزگۈسى يېڭىچە شادلىق تۇيغۇسى بىلەن دولقۇنلىنىپ كەتتى. ئەمدى مومايىنىڭ ھالى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغانىدەك ئىدى. بۇرۇنقىدەك ئوچۇق چىراي، مېھرىبان، قارىغاندا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىنەكنى ئادىلەنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئېغىلغا ئۆزى كىرىپ ساغدى. ئەمما ئىشقا چىقىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغاندا

ئادىلە مومايىنى بىر ئامال قىلىپ توسۇۋالدى.

— سىلى چىققانغا ئەتىرەتنىڭ ئىشى تۈگەپ قالامتىمۇ؟ ئاران بۇنچىلىك ياخشى بولغاندا ئۈزۈلۈپ قالمىسىلا يەنە، بولدى، مەن چىققاندىكىن ھېساب، — دېدى ئۇ ئىنەكنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئادىلە ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان كېۋەزلىكتە زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە پۈتلىرىنى پات-پات سىلىجىتىپ پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن ئوت ئوتاۋاتاتتى. تۈپ بەرگىلىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن يۆگىمەچ، قومۇش ھەم چېقىرتىكەن ئارىسىدا كېۋەر شاخلىرى ئاران كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىشقا قادىلىپ، قولىنى ئىتتىك قىلىپ، جېدەللەپ ئوتىمىسا، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان بۇ شۇنچە يوغان ئېتىزنى كەچكىچە ئوتاپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەتراپتىكىلەر چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىشتى، ئادىلە چۈشلۈك ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن نېنىنى يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ بار جەھلى بىلەن ئوت ئوتىغىلى تۇردى. كېۋەزلىكنىڭ ئىچى ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە تىنجىق ئىدى. كەچ كىرىشنى كۈتۈپ ياۋا ئوتلارغا يامىشىۋالغان، ئەمدىلىكتە تۇرالغۇسى بۇزۇلغان پاشىلار ئادىلەنىڭ بېشىدا غۇڭۇلدايتتى. باش-كۆزىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن تاشلىنىپ، ئۆتكۈر نەشتىرىنى تىقىپ قېنىنى شوراشقا ئالدىرايتتى. بىر چاغدا ئادىلەنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز تاشتەك ئېغىر بىرنەرسە «گولۇپ» قىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئېغىر سالمىقىدىن ئادىلەنىڭ قوۋۇرغىلىرى غىرسلاپ سۇنۇپ كەتكەندەك بولۇپ، دېمى كېسىلىپ نەپەس ئالالماي قالدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ گاڭگىراپ قالغان ئادىلە بۇ نامەلۇم مەخلۇق بىلەن جان-جەھلى بىلەن ئېلىشىۋېتىپ ئۇنىڭ ئېغىر پۇشۇلداشلىرىدىن، بۇرنىغا «گۈپ» قىلىپ ئۇرۇلغان تاز پۇرىقىدىن ئۇنىڭ سايىت دۈيجاڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ئەلەملىك ھاسىراش ئىچىدە:

— قويۇۋەت مېنى، قويۇۋەت ئىپلاس! — دەپ ۋارقىرىدى. سايىت دۈيجاڭ ئادىلەنىڭ دۈمبىسىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ ئادىلەنى كېۋەز چۆنىكىگە پۇرلاپ بېسىپ ئاغزىنى ئادىلەنىڭ بويىنىغا، قۇلىقىغا سۇۋاشقا باشلىدى.

— ئەمدى ياۋاش بولۇڭ پوندىلىكىم، قولۇمدىن ھەرقانچە قىلىپمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسىز. مەن سىزنى ئالغىنىم-ئالغان، ياخشىلىقچىمۇ، يامانلىقچىمۇ... — خىرقىرىدى ئۇ ئادىلەنىڭ ئىككى قولىنى قامااللاپ تۇتۇۋېلىپ. ئادىلەنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقۇدەك كۈچى نەدىن كەلدىكىن؟ ئۇ سايىت دۈيجاڭنىڭ بارماقلىرىنى بار كۈچى بىلەن قايرىيتتى. ئۇنىڭ قاۋۇل بىلەكلىرىنىڭ ئامبۇردەك قىسىشلىرىدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ، جان-جەھلى بىلەن يۇلقۇناتتى، تىپىرلايتتى... ئېلىشىش، بوغۇشۇش، يۇلقۇنۇش ئىچىدە ئادىلە ئۇنىڭ قولىدىن بوشاپ چىققاندەك بولدى، ئەمما سايىت دۈيجاڭ كەينىدىن بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى يەنە بېسىۋالدى، ئادىلە بىرياقتىن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىۋېتىپ بار كۈچىنى يىغىپ:

— ئادەم بارمۇ؟! قۇتقۇزۇڭلار! ئادەم بارمۇ؟! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ئەمدى ئۇلار يۈزمۇ-يۈز ئېلىشىۋاتاتتى.



www.uyghurkitap.com

— ۋارقىرىما! ھېلى گېلىڭنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتە-
مەن بىكار! — ئەلەملىك خىرقىرىدى سايىت
دۆيجاڭ ئادىلەنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى جارتىلدىتىپ
يىرتىۋېتىپ. ئادىلەنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى
مەيدىسىگىچە ساڭگىلاپ قالغانىدى، ئېچىلىپ
قالغان كۆكسى لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇ ھەممىنى
ئۇنتۇغان ھالدا بار كۈچى بىلەن ئۆز ئىپپىتىنى،
ئار-نومۇسىنى قوغدىماقتا ئىدى. سايىت دۆيجاڭ
قولىنى ئادىلەنىڭ قولىدىن سىلكىپ ئاجرىتىۋېلىپ
كۆكسىگە ئۇزاتماقچى بولدى. ئۆزىنى ھىمايە
قىلىپ كەينىگە تىرەجەپ قالغان ئادىلە شۇئان
نەدىندۇر قولىغا چىققان يوغان چالما بىلەن
سايىت دۆيجاڭنىڭ يۈزىگە بار كۈچى بىلەن
ئۇردى-دە، قولىدىن بوشاپ ئۆزىنى ئۇدۇل
كەلگەن ياققا ئۇقتەك ئاتتى، نىمىگىدۇر پۇتلىشىپ
يىقىلدى، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ بار كۈچى بىلەن
يۈگۈردى...

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نىمە ئىش بالام؟! — ياتقان
يېرىدىن چاچراپ قوپۇپ كەتتى موماي ئادەتتىن تاشقىرى
پەرىشانلىق ئىچىدە ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېلىۋاتقان،
چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆڭلىكىنىڭ يىرتىلغان يېرىنى قولىدا
تۇتۇۋالغان ئادىلەنى كۆرۈپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقاندەك
بولۇپ. ئادىلە ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئۆيگە
كىرىپ ئىشىكنى ھىم يىپىپ:

— ئىزا تارتىمەن، كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلىۋالاي، —
دىدى. موماي كۆڭلىدە ھەممىنى تۇيغاندەك بولۇپ بىرئازدىن
كېيىن ئۆيگە كىرگەندە، ئادىلە كاڭ ئۈستىدە خۇددى
قېتىپ قالغاندەك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئولتۇراتتى.
چۇۋۇلغان چاچلىرى ئارىسىدىكى يۈزى تامدەك تاتىرىپ
ئۇنى باشقىچە بىر سىياققا كىرگۈزۈپ قويغانىدى.

— بىلدىم، سايىت تاز بوزەك قىپتۇ، —
دىدى موماي ھەسرەت بىلەن ئۆكسۈپ، ئادىلەنىڭ
مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ، — ھەممىسى مىنىڭ
كاساپىتىم جىنىم بالام، مىنىڭ ئورنۇمدا ئىشقا
چىقمىغان بولسىڭىز سىزگە چېقىلىشقا پېتىنالامتى
ئۇ؟ ئەمدى بىرىپ قانداق قىلدىكەنمەن ئۇنى...
قېرى بولسامۇ تېتىغۇچىلىكىم بار، يۈزىگە تۈكۈرۈپ،
ياقىسىغا ئېسىلىپ سىزنى ئانىي ئەتكەنگە داد
دېگۈزمەيدىغان بولسام... ھۇ ئۆلمەيدىغان
كارۇك!

موماي قوپۇپ چاپىنىنى كىيدى، ياغلىقىنى
يەڭگۈشلىدى. قارىغاندا ئۇ چوقۇم بىرىپ سايىت
دۆيجاڭ بىلەن ئورۇشىدىغاندەك، ياقىسىغا ئېسى-
لىدىغاندەك قىلاتتى. ئادىلە شۇ چاغدىلا ئېسىگە
كەلگەندەك بولۇپ، مومايىنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— بارمىسىلا ئانا، ھاجىتى يوق، ئۇ كېلىپ
تېز ئۇتماپسىز دىدى، مەن بىرنىمە دىيدىم،
ئازراق سوقۇشۇپ قالدۇق، — دىدى.

— ياق، ياق، يالغان سۆزلىمەڭ، يۈزىڭىزدىكى
نىمە تىرناق يارىسى؟ كۆڭلىكىڭىزچۇ؟ نىمىشقا
يىرتىدىكەن ئۇنى؟ يوشۇرماڭ، سىزگە نىيىتىنى
بۇزۇپ چېقىلغان گەپ.

— بىراق، شۇنداق دەپ ئۇنىڭ بىلەن
ئورۇشقىلى بولامدۇ؟ خەق ئاڭلىسا نىمە دەيدۇ؟
ئۇ چاغدا بىرلىرى گۇناھنى ئۇنىڭغا قويسا، بىرلىرى
ماڭا قويىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇسەك سۆز تارقىلىشىمۇ
مۇمكىن، خەقنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ.

بۇ گەپتىن كېيىن موماي بىردىنلا پەسكارىغا
چۈشۈپ چاپىنىنى سالدى، ئەمما دەرد-ئەلەمنى
بېسىلماي سايىت دۆيجاڭنى خېلىغىچە قاغاپ
تىللىدى، ئاندىن ئادىلەگە چەينەكتىن بىر
پىيالە چاي قويۇپ ئۇزىتىپ:

— نىمدەپ قالغانسىز جىنىم بالام، ئىشىمغا
سالمەن دەپ ماڭدۇرمايۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ
قالغانسىزمۇ؟ قوشنا دادۋىلەردىن ئۇچرىغانلىكى
ئادەمدىن مەھەللەڭلەردە سەلىم ئەپەندى
ئىسملىك ئادەم بارمۇ؟ دەپ سوراۋاتىمەن.
تاغىڭىزنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلالىسامغۇ سىزنى
شۇ كۈنلا يولغا سېلىپ قويياتتىم، — دىدى.

موماي ئەتىسى ئەتىگەندە ئادىلەگە
ھويلىدىن سىرتقا چىقماسلىقنى تاپىلاپ ئىنەكنى
يېتىلەپ ئېتىزغا ئۆزى يالغۇز چىقىپ كەتتى.
داستىخاندا نان تۈگەپ قالغانىكەن، ئادىلە
تەڭنىگە ئۇن بېسىپ نان يېقىش ئۈچۈن خېمىر
يۇغۇردى. ئۇ مۇشۇ نادىن — ئۆزىنىڭ تۇنجى
قېتىم قىلىۋاتقان ئەمگەك نىسۋىسىدىن ئادىلغىمۇ
ئاپىرىپ بەرگۈسى كەلدى. شۇڭا ئۇ ئادىلغا
ئاتاپ ئازراق ئۇنىنى سۈت بىلەن ماي قويۇپ
يۇغۇردى-دە، ئاندىن خېمىرنى توغرا تامنىڭ
كەينىگە قويۇپ، ئۈستىنى داستىخان بىلەن

چۆمكىدى، تونۇرنىڭ كۆلىنى ئېلىپ، ئەتراپتىن قورۇغان تىكەن، چاتقاللارنى يىغىشقا باشلىدى. ئۇ بىر چاغلاردا ئانىسىنىڭ نان يېقىشقا ياردەملىشىپ ئۇنى-بۇنى قىلىشقانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا نان ياقماقچى بولۇشى بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئىدى. ئۈرۈمچىدە تونۇرنى كۆمۈر بىلەن، بۇ يەردە ئوتۇن بىلەن قىزىتاتتى. ناننىڭ يۈزىمۇ بۇ يەردە كەڭرەك ئېچىلاتتى. ئۇ چۈشكە يېقىن بولغان خېمىرنى زوۋۇلا قىلىپ ئۈزۈپ يۈزىنى ئاچتى-دە، ئۈستىنى داستىخان بىلەن يېپىپ قويۇپ تونۇرغا ئوت سېلىشقا تۇتۇندى. تونۇر قىزىغانسېرى چاۋار چاتقالنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتاتتى. «يەنە بارمۇ؟» دېگەندەك بىر خىل تىنىمسىز ئاۋازدا گۇرۇلدەيتتى. تونۇرنىڭ ئىسىدىن كۆمۈردەك قارىيىپ كەتكەن ئىچى چاۋار-چاتقالنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈشىدىن ئالا-چىپار رەڭگى ئۆزگىرىپ، ئاندىن ئاستا-ئاستا ئاقىرىشقا باشلىدى. ئادىلە بۇنداق چاغدا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئانىسىنىڭ قىلغانلىرىنى بىر-بىرلەپ ئەسكە ئالدى-دە، تونۇرنىڭ چوغىنى ئۇزۇن كۆسەي بىلەن بىر يەرگە يىغىپ داپقاننى كېسەك بىلەن ئەتتى، ئاندىن تونۇر يۈزىگە تۇز سۈيىنى تەكشى چېچىشقا باشلىدى. تۇز سۈيى ھەر قېتىم سېپىلگەندە ئۇنىڭدىن ۋاژىلدىغان، پاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى-دە، ئارقىدىنلا تونۇر ئاغزىدىن نەپەسنى كۆيدۈرگۈچى قىزىق ھور ئېتىلىپ چىقاتتى. ئادىلە ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئىش شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى. ئادىلە چېچىنى كونا ياغلىق بىلەن چىڭ چېگىپ مومايىنىڭ يېڭى ئۇزۇن كونا چاپىنىنى كىيدى. قىزىق تونۇر ئۈستىدە يۆكىنىپ ئولتۇرۇپ گېزىنە ئۈستىگە يېيىلغان ناننى تەكشى پىياز سۈركىدى-دە، توخۇ پېيىدىن ياسالغان چەككۈچنى دانە-دانە چېكىپ، بىر قولىنى تونۇرنىڭ گىرۋىكىگە تىرىدى. ئاندىن يەنە بىر قولى بىلەن گېزىنىنى چىڭ تۇتۇپ تونۇرغا ئېڭىشتى. گېزىنىنى تونۇرنىڭ تېگىگىچە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تونۇرغا بەدىنىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تىقىش كېرەك ئىدى. دەسلەپ ياققان ئىككى نان قارىيىپ تۇرغان چوغ ئۈستىگە ئارقا-ئارقىدىن ئېقىپ چۈشتى. «ئوت ئىتتىك كېتىپتۇ، ھارارىتىنى تەڭشىسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى ئۇ ئانىسىنىڭ نان ئېقىپ كەتكەندە قىلىدىغان ئامالىنى ئېسىگە ئېلىپ. ئۇ ئىككى پارچە خېمىرنى چوغ ئۈستىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئېلىۋالدى-دە. چوغ ئۈستىگە پاراسلىتىپ سوغۇق سۇ سەپتى. شۇنىڭدىن كېيىن نان تونۇرغا شەپىلداپ تۇتۇشقا باشلىدى. ئادىلە بېشىنى تونۇرغا ئارقا-ئارقىدىن تىقىشتىن يۈزى قىزىپ خۇددى ئوت ئالغاندەك ۋىژىلداپ ئېچىشىشقا باشلىدى. دىمىغىغا ئۇرۇلۇۋاتقان قىزىق ھارارەتنىڭ چىدىغۇسىز كۆيدۈرۈشىدىن ئاران-ئاران نەپەس ئالاتتى. باش-كۆزىدىن شورقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. ئەمما ئۇ ناننىڭ بىر-بىرىدىن چىرايلىق قىزىرىپ پىشىشلىرىنى كۆرۈپ ھەممە جاپانى ئۇنتۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ياغلىرى سىڭىپ بۆلەكچىلا پارقىراپ قىزىرىپ پىشقان ئۈچ توقاچنى ئالدىراپ ياغلىققا ئورىدى-دە، موماي كەلگىچە جىگدىلىككە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويماقچى بولدى. «مۇشۇ ئىشىمنى خۇدا كەچۈرەرمۇ؟» دەيتتى ئۇ بۇ قىلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىپ.

كەچتە ئىشتىن ھېرىپ، قورسىقى ئېچىپ كەلگەن موماي قايماقتەك يۇمشاق مەززىلىك ناننى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

— يائاللا جېنىم قىزىم، قولىڭىز گۈلكەنغۇ سىزنىڭ... پاھ، پاھ، بۇ نانلارنى... يېمەي قاراپ ئولتۇرغۇدەك... — دېدى ئۇ بىر پارچە ناننى ئوشتۇپ ئاغزىغا سېلىپ، يېپىپ قويۇلغان نانلارنىڭ ئالدى-كەينىگە ئۆرۈپ قاراپ، — بوپتۇ، ئۆلىدىغان جانغا زاغىرنىلا غاجىلمايلى، ئاق نانمۇ يەپ باقايلى...

ئۇ كېچۈزلىكتە ئۆسۈپ قالغان قوغۇن پېلىكىدىن ئىككى سويمىنى ئۈزۈپ كەلگەنىكەن. ئۇ بۈگۈن سويما لەغمىنى ئەتمەكچى ئىكەنلىكىنى، سويمەسىنىڭ پوستىنى سويۇپ، ئۇرۇقىنى ئادالاۋېتىپ، گۆشىنى ئۇششاق قەلەمچە قىلىپ توغراپ قورۇما قورۇسا تەمىنىڭ ناھايىتى مەززىلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئادىلە ئۇنىڭغىچە قېتىقلارنى سېتىپ كېلىدىغان، موماي لەغمەننى پىشۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى.

ئادىلەگە ئەمدى يولنىڭ ھەممە نەرسىسى — قايسى توپ يۇلغۇننىڭ قانداق ئۆسكەنلىكىدىن تارتىپ، يولنىڭ قەيەردە چوقچىيىپ چىقىپ قالغان

www.uyghurkitap.com

قانداق چوماقنىڭ بارلىقىغىچە بەش قولدەك تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى. تونۇش يول بۇرۇنقىدىن كۆپ قىسقىراپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئادىلە يولدا كېتىۋېتىپ ئۆزىچە يەنە ئويلىنىپ قالدى. ئويلانغانسېرى ۋۇجۇدىنى بىر خىل تەشۋىش چۇلغىۋالغاندەك بولدى. «سەلىم ئەپەندى» نىغۇ ھېچيەردىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما مومايىنىڭكىدە يەنە قانچىلىك تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى باركىن. موماي قىزىم بار دەۋاتقان، مۇبادا ئۇ ئانىسىنى يوقلاپ كېلىپ قالسا ئادىلەگە قانداق قارار؟ قوشنىلارغا نېمەدەپ يۈرەر؟ دۇرۇس، بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئادىلىغا باغلانغان ھاياتىنىڭ بىردىنبىر ياشاش چارىسى ئەمەس، ئەمسە قانداق قىلسا بولىدىكىن؟ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتسە، بىر مەزگىلدىن كېيىن دادىسى ياكى ئاپىسىنى ئەۋەتسە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزىمۇ كەلسە... ئېھتىمال ئۇ ئادىلىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى، تۇرۇۋاتقان جايىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ ياخشى بولاتتىمىكىن؟ شۇڭا ئۇ ئاشۇ نەس باسقان ماكاندا ئادىلىنى ئاشۇ ھالىچە تاشلاپ قايتىپ كېتىشنى ھەرقانداق قىلىپمۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. بىر چاغلاردا قانداق يىگىت ئىدى ئۇ؟ تاماقنى كورا بىلەنلا يەيدىغان ئادىلمىدى؟ ئاشۇ ۋەيرانە، ئىچى ئىستىن قارىداپ، تاملىرى ماكچىيىپ كەتكەن، تورۇستىكى قومۇش، قوناق شاخلىرى ساڭگىلىشىپ تۇرغان كونا كەپىدە ئادى-لىنى كۆرمىگەن بولسا، مۇشۇنداق جايدا ئىنسان ياشايدۇ دېسە ئىشىنەتتىمۇ ئۇ؟ مانا ئەمدى ئۇنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ قەدىرلىك بىر ئىنسان خۇددى جىن-ئالۋاستىدەك ئاشۇ ماكاندا ياشاشقا، ئادەمچە ئەمەس، ھايۋانچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر. ئادىلە كېتىۋېتىپ ئادىلىنىڭ شۇ كۈندىكى خۇددى نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئۆڭكۈردە ياشايدىغان ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتىدىغان قورقۇنچلۇق، كۆرۈمسىز ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ھەي تۇۋا... ئۇنى مۇشۇ تۇرقى بىلەن تېخى يىگىرمە نەچچە ياشلارغا كىرگەن ياش يىگىت دېسە كىممۇ ئىشىنەر؟ باژغانلاپ، تۇتامغا چىققۇدەك ئۆسۈپ كەتكەن قاپقارا ساقاللىرى ئارىسىدا ئادىلەگە قەۋەتلا چىرايلىق، ئوتلۇق كۆرۈنىدىغان، ئەمدى پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى بىلەن يۈرىكىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئەمدى ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا قىرىقتىن ھالقىغان ئۇ... ياشلىق ئەر مەن دېسە گۇمانلىنىدىغان ھېچكىم چىقمايتتى. ئاھ، ئاجايىپ ئىستىدات ئىگىسى ۋەيران بولدى. ئالتۇندەك ياشلىق باھارى نابۇت قىلىۋېتىل-دى! قېنى ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلق توغرىسىدا كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ-غايىلىرى؟ قېنى ئۇ؟! ياكى ئۇ تەكلىماكاننىڭ مۇشۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا دەپنە قىلىنىپ كەتتىمۇ؟ لېكىن ئادەمنىڭ ئاڭ-ئېدراكى ئاجايىپ، بەربات قىلىنغان ئارزۇ - غايىلىرى ئورنىغا يەنە يېڭى غايىلەر تىكلىنىشى مۇمكىن. ئەمما ئىنسان ئاشۇ ئارزۇ-غايىنىڭ گۇناھسىز قۇربانى بولۇپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئۆچۈن ھەسرەت - نادامەت چېكىدىغانلاردىن دۇنيادا قانچىلىكى چىقار؟ ئادىلە ئاشۇلارنى ئويلىغانسېرى ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. بىر چاغلاردا «ھەممە نەرسەم، ھاياتىم، بارلىقىم ئادىلىغا مەنسۇپ» دەپ قەسەمىيات قىلغان ئادىلە ئۇنىڭ ئۈچۈن چىن يۈرىكىدىن نادامەت چەكتىمىكىن؟ ئەگەر چىن يۈرىكىدىن نادامەت چەكتى دېيىلسە، نېمىشقا ئۈرۈمچىگە قايتىپ تۇرسامىكىن، دېگەن ئوي ئۇنىڭ خىيالىغا كېچىپ قالدى؟ ئۇ ئاشۇ مەھكۇم بىچارىنى ئاشۇ ھالىچە تاشلىۋېتىپ-ھە؟...

ئادىلە بۇ مۇدھىش خىيالىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشقا ماجالى يەتمىدى. مېڭىسى گويا ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغان دەرىجىدە دەھشەت بىلەن ئاغرىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قېتىقنى سېتىپ بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىمۇ، لەغمەن يەۋاتقاندىمۇ، ئاشۇ ئازابلىق خىيال ئىسكەنجىدىن قۇتۇلالمىدى. بىراق ئەمدى بۇنداق ئازاب چېكىشتىن نېمە پايدا؟ كەچ كىرىشنى، مومايىنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈش، ئاندىن قايماق بىلەن يۇمشاق قاتلىمىنى ئادىلغا ئاپىرىپ بېرىش، ئاندىن...

## 6

ئادىل بۈگۈن سۈيى تىزىغىچە كېلىدىغان كەكرى سازلىقنى كېچىپ يۈرۈپ، بىر ئېتەك

كەلگۈدەك غاز ھەم ئۆردەك تۇخۇمى يىغىۋالدى. قۇمۇش، يۇلغۇن، قۇش ماياقلىرى يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ سىپسىپ چىرىشىدىن رەڭگى بۇزۇلۇپ سارغىيىپ كەتكەن سازلىق سۈيىدىن كۆڭۈلنى ئايىنىتقۇدەك سېسىق پۇراق بۇقسۇپ تۇراتتى. سۇنى شالاقشىتىپ كېچىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ باش-كۆزگە، گاھىدا ئېغىزغا چاچرىشىدىن ئېغىزدا شورنىڭ ئاچچىق تەمى قالاتتى. قوي پادىسى سازلىق بويىدىكى نەمخۇش تەكشىلىكتە ئۆسكەن پاكار، كۆپكۆك قۇمۇش ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ يىراققا قېچىپ كېتىشى ياكى سازلىققا پېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئادىل سۇدا كېتىۋېتىپمۇ ئۇلارغا ھەرقاچان كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇراتتى. بۇ خىلۋەت ماكاننىڭ تىنچ-ئاراملىقىنى پات-پات بۇزۇپ تۇرىدىغان بۇ «تاجاۋۇزچى يات مەخلۇق»نىڭ بۈگۈن يەنە كېلىپ تۇخۇملىرىنى تالان-تاراج قىلىشىدىن قورقۇپ قېچىشقان ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك... يەنە ھەر خىل سىياقتىكى سان-ساناقسىز ياۋا قۇشلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ بېشىنى پەسكە قىلىشىپ جان-جەھلى بىلەن غاقىلدىشاتتى، قاقىلدىشاتتى، چىرقىرىشاتتى. ئۇلار ئادىلنىڭ بېشى ئۈستىدە بىر دائىرىدە ئايلىنىپ، قاناتلىرىنى سىلكىپ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. «مەن شۇ تاپتا 20-ئەسىردىكى دارۋىن بولۇپ قالدىممۇ-ھە»؟ ئۆزىچە قىزىقسىنىپ ئويلاپ كەتتى ئادىل. ئۇ مەكتەپتىكى چېغىدا بىئولوگىيە تارىخىغا دائىر قايسىبىر ماتېرىيالدىن دارۋىن جەنۇبىي ئامېرىكا ئاراللىرىغا بېرىپ قۇشلارنىڭ تۈرىنى كۆزىتىۋاتقان، تۇخۇم ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىۋاتقان چاغدا خۇددى مۇشۇنداق ھالغا دۇچ كەلگەنلىكى، قۇشلارنىڭ ئۇنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ ھەسرەتلىك چىرىلداشقانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرنى ئوقۇغانىدى. ئۇ كېيىن بىردىنلا ئاسمانغا قولىنى سوزۇپ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ:

— ھەي...! ئەپەندىلەر، ئاق كۆڭلەكلىك خانىملار ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، مەن راستىنلا دارۋىنمۇ؟ ياق، دەمسىلەر؟ توغرا جاۋاب بەردىڭلار، دۇرۇس مەن دارۋىن ئەمەس، ئوغرى، بۇلاڭچى! ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھايات ئەمىنلىكىنى ۋەيران قىلغان ئەڭ ئىپلاس، دۇنيادىكى ئەڭ ئىپلاس ئادەم! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ بالاغۇزلۇقتا زېرىكىشتىن ئەسەبلىرى قوزغىلىپ مېڭىسى زىڭىلداپ تامغا ئۆسكۈدەك ھالغا يەتكەن چاغلىرىدا، ئاشۇنداق ئالتاغىل ۋارقىرايتتى. بەزىدە «قېنى، ئاۋازىم نەگىچە يېتىدىكىن؟» دەپمۇ ۋارقىراپ باقاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ نەگىچە يېتىدىغانلىقىنى ھېچكىم ھېسابلاپ بېرەلمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەتراپتا ئوتلاپ يۈرگەن قوي، ئۆچكىلەر ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ، ھاڭۋېقىپ قارىشىپ قالاتتى، خالاس. قۇشلار ئۇنىڭ ئاۋازىدىن، قولىنى شىلتىشلىرىدىن چۆچۈپ تەرەپ-تەرەپكە پېتىراشقا باشلىدى. ئادىل بۇ قوتانغا يېڭى كەلگەن ۋاقتىدا كونا مالچى جىنايەتچى سەرسەكەي ئۇنى بىر كورا پىشۇرۇلغان تۇخۇم بىلەن مېھمان قىلغان، ئاندىن بۇنداق تۇخۇملارنىڭ قوتاندىن بىر چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى سازلىقتا قىش-ياز ئۆكسۈمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئادىل غاز، ئۆردەك تۇخۇملىرىنىڭ لاي ھەم زەي سۇنىڭ بەتتام تەمى تېتىپ تۇرىدىغان غەلىتە پۇرىقىغا خېلىغىچە كۆنەلمەي يۈردى. كېيىنچە ئۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى. پېتىر زاغرا كۆمەچنى قۇرۇق يېگەندىن كۆرە، پىشقان تۇخۇمنى بىللە قوشۇپ يېيىش ئۇنىڭغا مەكتەپتىكى چاغلىرىدا ھورنانىنى قورۇما بىلەن يېگەندىكىدەك تولىمۇ مەززىلىك تۇيۇلىدىغان بولۇپ كەتتى. سازلىقتا يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كىگىزدەك چىگىشلىشىپ كەتكەن قۇمۇشلۇق ئارىسىدا تۇخۇملار كۆپ ئىدى، غاز بىلەن ئۆردەكنىڭ يوغان، ئاق-كۆكۈش تۇخۇملىرىدىن باشقا ئالا-چىپار، قارا داغلىرى چېكىم-چېكىم، كۆكۈش رەڭ، پور رەڭ، چوڭ-كىچىكلىكىمۇ ھەر خىل تۇخۇملار ھەر قەدەمدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇ بەر-بۇ يەردە ساپسېرىق تۈكلىرى ھۈرپىيىپ تۇرغان ھەر خىل قۇش باللىرىنىڭ ئەنسىزلىك ئىچىدىكى چىرىلداشلىرد-

مۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى... ئادىل خىلىدىن كېيىن قىرغاققا چىقتى. قورساقلىرى تومپىيىپ، ئۇ يەر-بۇ يەردە تۈنەپ يېتىشقان قويلارنى قوزغاپ قوتان تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى.

مالچى جىنايەتچىلەرگە تۇرمە ئاشخانىسىدىن ھەر يېرىم ئايدا بىر قېتىم نورمىلىق ئۇن تارقىتىلاتتى. ياغ بىلەن بۇغداي ئۇنى يوقىنىڭ ئورنىدا ئىدى. گۆشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئەمما سەرسەكەي ئۇنىڭ ئامالىنى قىلغانىكەن. قازاق-تە! ئۇ مەھەللىسىدىكى تۆمۈرچىلەردىن ئوغرىلىقچە سېتىۋالغان قاپقان بىلەن توشقان تۇتۇپ گۆشكە تويۇپ يۈرگەنىكەن. سەرسەكەي كېتىدىغان چاغدا ئادىلغا ئىككى قاپقانىنى تاشلاپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە تۆت قاپقىنى بار ئىكەنمىش، ئىككىسى تۈلكە چۈشۈپ قېلىپ سۆرەپ قاچقانمۇ، ياكى ئوتۇنچىلارغا ئولجىسى بىلەن ئۇچراپ قالغانمۇ، كۆمگەن جايىدىلا يوقۇپ كېتىپتۇ، ئادىل كېيىن ئاشۇ ئىككى قاپقانىنى قويۇپ خېلى كۈنلەرگىچە كۆزىتىپ يۈردى. ياخشى قويالمىدىمۇ ياكى ئەتراپىدا ئۆزى بىلەلمىگەن گۇمانلىق ئىزلار قالدىمۇ؟ ئۇنىڭدا توشقاننىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمىدى. شۇڭا قاپقانىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ كېيىنچە بىر گەپ بولار دەپ قورۇق قىغىنىڭ ئارىسىغا كۆمۈپ قويغانىدى. كېيىن بىر كۈنى ئۇ سازلىق يېنىدا مال بېقىۋېتىپ سازلىقتا پالاقشىپ قاناتلىرىنى سۆرەپ يۈرگەن يوغان ئاق چىشى غازنى كۆرۈپ قالدى-دە، شىمىنى تىزىغىچە تۈرۈپ ئۇنى سۇ ئىچىدە سۈرۈپ قوغلاشقا باشلىدى. غاز قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ بار كۈچى بىلەن قېچىشقا تىرىشاتتى. يېمىنىدۇر پاناھلىق تىلىگەندەك ئېچىنىشلىق غاقىلدايتتى. ئادىل ئۇنى ھارغىچە قوغلاپ ئاخىرى تۇتۇۋالدى. ياردار بولغانىكەن بىچارە! تۈلكىمىكىن، ئەيتاۋۇر قانداقتۇر بىر يىرتقۇچ مەخلۇق ئۇنىڭ سول بىقىنىنى چىشلىۋەتكەنىكەن. ئاپئاق پەيلىرى ئارىسىدىن ھېلىمۇ قان سىرغىپ ئېقىپ تۇراتتى. ئادىل ئۇنىڭ پەيلىرىنى قايرىپ قىپقىزىل جاراھەت ئېغىزىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىشتىن يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزۈن ياشىشىدىن ئۈمىد يوق ئىدى. ئادىل ئۇنى ئازابتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلىۋەتمەكچى بولدى-دە، كۆتۈرۈپ ماڭدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئەركەك ياۋا غاز ئەنسىز غاقىلداپ ئادىلغا قاراپ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ ئېگىزدىن ئادىلنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن تاشلىنىپ قۇۋۋەتلىك قاناتلىرىنى ئۇراتتى. ئادىلنىڭ باش-كۆزىگە تېگىۋاتقان قانات بىلەن بىللە گۈرۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان ھاۋا ئېقىمىمۇ خۇددى بوراندەك كۈچلۈك ھەم شىددەتلىك ئىدى. ئادىل ئەركەك غازنىڭ ئۆز ھەمراھى ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان ساداقىتى ھەم جانبازلىقىغا ھەيران بولۇپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئەركەك



غاز ئۆز ھەمراھىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئادىل بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدىغاندەك ھەم ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييارلانغاندەك ئىدى. دۇرۇس، شۇنداق ئىدى. ئەركەك غاز ئېتىلىپ كېلىپ پەسلەپ چۈشكەن چاغدا بېشىغا تاياق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۇنى ھېچ كۈچىمەيلا تۇتۇۋالغىلى

بولاتتى. ئادىل چىشى غازنى بوغۇزلىۋېتىش قارارىدىن شۇئان يالتايدى-دە، ئۇنى يېرىم پارچە كىگىز چوڭلۇقىدىكى كىچىككىنە قورۇق ئارال ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزى قىرغاققا چىقىپ قاراپ تۇردى. ئەركەك غاز شۇ ھامان ئېگىزدىن پەسلەپ ئارال ئۈستىگە قوندى-دە، ئادىلغا چۈشىنىكسىز تىللىرى بىلەن پەس ئاۋازدا غاقىلداپ، چىشى غازغا تۇمشۇقىنى، پەي-قاناتلىرىنى سۈركەپ كەتتى.

— مانا ھايات بىلەن يېزىلغان شېئىر! ھەمىرچە سۆيگۈ داستانى! — پىچىرلىدى ئادىل ھاياجانلىنىپ. ئۇ ئەتىسى قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ ھېلىقى ئارال ئۈستىدە ئەركەك غازنىڭ ھېلىمۇ ئۆز ھەمراھى يېنىدا ياتقانلىقىنى كۆردى. بىچارە چىشى غاز ئىككى كۈنچە ئاشۇنداق تۈگۈلۈپ ياتتى-دە، ئاندىن سونايلاپ پۇتىنى ئۇزۇن سوزغىنىچە ئۆلۈپ قالدى. ئەركەك غاز يەنىلا ئۇنىڭ يېنىدا دۈگدىيىپ ياتاتتى. ئۇ بىر ھەپتىگىچە شۇنداق ياتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئادىل سازلىق يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭمۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغانلىقىنى، خۇددى ھەمراھىدەك سونايلىنىپ بويىنى ئالدىغا سوزۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئادىل ئەمدى نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ سېپسېپ ياتقان ھالىتىنى ياكى ئاللىقانداق يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ پەيلىرى توزۇپ تۇرغان ھالدا كۆرۈشنى خالىمىدى.

— مۇبادا سەن ئىنسان بولغان بولساڭ، — دېدى ئۇ ئىككى ئۆلۈك غازنى ئاشۇ ئارالغىلا پىچاقتا چوڭقۇر قىلىپ كولىغان ئۆرەككە كۆمۈۋېتىپ، ھاياجانلىق سۈكۈت ئىچىدە يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى ھازىدارلارچە ئېگىپ، — ساڭا چوقۇم دۇئا قىلاتتىم، ئاللادىن روھىڭنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەيتتىم. شۇغىنىسى سەن ئىنسان ئەمەسسەن، ئۇچار قۇشسەن، لېكىن سەن ئالەمگە سىغماس ۋاپا-سۆيگۈنى ئاپىرىدە قىلغىنىڭ ئۈچۈن جەننەتتىنمۇ ئۇلۇغ ئىلاھى تەختكە مەنسۇپسەن!

كەچ كىرگەنىدى، ئادىل تۇخۇملارنىڭ ھەممىسىنى كورىغا سېلىپ (ئاليۇمىن كورىنى جىنايەتچىلەر ھەم قازان، ھەم قاچا ئورنىدا ئىشلىتەتتى) ئۇنى سەرسەكەي بۇرۇنلا سېلىپ قويغان ئاغزى تار ئوچاققا قويدى-دە، ئوچاق ئالدىدا پۇتلىرىنى كېرىپ ئولتۇرۇپ قورۇق يۇلغۇن ئوتۇننى ئوچاققا پۇرلاپ تىقىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئادىلە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ھېچبىر شەپىسىزلا ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.

— كەل، كەل... ئاپپىقىم، پەرىشتەم! — ئادىل چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى بوسۇغىدىلا قۇچاقلاپ كەتتى.

— ئۇھ، ھېرىپ كەتتىم، بۇنى ئېلىڭە، — دېدى ئادىلە ئەمدى يەڭگىل تىنىپ، — سىزگە ئاتاپ قاتلىما ياققانىدىم، يەنە قايماقمۇ ئېلىپ كەلدىم، ھازىرلا يەۋېلىڭا.

ئادىل ئۇنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ بۆگلۈكنى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئامراقلىق بىلەن ھەسرەتلىنىپ قاراپ:

— ماقۇل، ماقۇل... تۇخۇممۇ تارتىمىز تېخى، ياۋا غاز بىلەن ياۋا ئۆردەك تۇخۇمى... مانا، ھازىرلا پىشىدۇ، — دېدى.

— ياۋا غاز بىلەن ياۋا ئۆردەك تۇخۇمى؟ ۋاي، نېمە ئىش بۇ ئادىل؟

— روبىن كروزوچە تۇرمۇش. ۋاھ، قىش كېلىپ بىر قار ياغسىدى، توشقان گۆشى بىلەن مېھمان قىلاتتىم-دە، سىزنى. ئاندىن تۈلكە تۇتۇپ، ساڭا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىمۇ تىكتۈرۈپ بېرەتتىم تېخى، قانداق؟ قىشچە تۇرامسەن؟

— تۇرىمەن، تۇرمايچۇ.

— ئانچىكى دەپ قويدۇم... — ئادىل ئۆزىچە خىيال سۈرۈپ ئادىلەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. قوپال بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى سىلاپ قويدى.

— قايتىپ كەتسەڭمىكىن.

— نەگە؟

— ئۆرۈمچىگە بولمامدۇ؟ ئۆيلىنىپ باقسام بەربىر كەتمەسەڭ بولمىغۇدەك. كېچىلىرى قارىغۇ چاشقاندەك كۆرۈشۈپ يۈرۈش كۈنىمۇ بىزگە؟ موماي ياخشى ئايال دەيسەن. لېكىن ئۇ يەردە قانچىلىك تۇرالايسەن؟ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ قالساڭ، ئۇ چاغدا...

— قېنى شۇ چاغدا كۆرمەمدىم... — دېدى ئادىلە بىر خىل ئەركىلەش ئىچىدە ئادىلغا يۆلىنىپ.

— ياق، بىز بۇ ئىش توغرىسىدا جىددىي سۆزلىشىشىمىز كېرەك، — خۇددى ئېغىر ئۇيقۇ ئىچىدە جۆيلۈۋاتقاندەك غارالڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدا داۋام قىلدى ئادىل، — بىر گەپ بار، ساڭا ئېيتاي، مەن پەقەت سىلەرنىڭ خەت-خەۋەرلىرىڭلارنى كۈتۈپلا ساقلاپ تۇرغان، خەتنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭ كەپسەن، بۇمۇ بوپتۇ. كۆرۈشتۇق، مۇڭداشتۇق، ئەمدى سەن قايتىپ كەت، سەن كەتسەڭ مەنمۇ ئۆز ئىشىمنى توغرىلايمەن، ئەتىسىلا بۇ يەردىن قېچىپ كېتىمەن.

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمە دەۋاتىسىز ئادەمنى قورقىتىپ؟ — ئادىلە ئۇنىڭ ھازىرلا يېنىدىن يوقاپ كېتىشىدىن قورققاندەك بوينىغا ئېسىلدى. مەڭزىنى ساقاللىق يۈزىگە يېقىپ مۆلدۈرلەپ يىغلىدى، — ئۇنداق دېمەڭ، بۇنداق قىلىش خەتەرلىكقۇ، خەتەرلىك ئىش بۇ ئادىل.

— خەتەرلىك؟ نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— قېچىش دېگەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىش... مېنىڭ دېگىنىم شۇ.

— ھا... ھا... ھا... — ئادىل بىر خىل ئازاب ئىچىدە ئاۋازىنى چىقىرىپ كۈلدى، — دېمەك، گېپىڭچە مۇشۇ قالايمىقانچىلىق يىللاردىمۇ قانۇن بار ئىكەن-دە، ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، نەدىدۇ شۇ قانۇن؟ قانۇن بولغان بولسا مەن قارا تۆھمەتتىن شۇنىڭ بىلەن قۇتۇلدىناتتىم. ئۇنىڭدىن مېنى ھىمايىسىگە ئېلىشىنى، مېنى گۇناھسىز دەپ ئاقلىشىنى تەلەپ قىلاتتىم. بىلىپ قوي، بىزدە ھازىر سىياسەتلا باركى، قانۇن يوق. بىزدە قانۇن يوق بولغانىكەن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق سىز چاقچاق قىلماڭ.

— چاقچاق قىلمىدىم، بۇ راست گېپىم ئادىلە.

— ئەستا... قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىشقا قورقىسەن؟ قورقما، ئەكسىچە خۇشال بول، مېنىڭ مەھرۇم بولغان ھەقىقىي ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتىمنى تاپماقچى بولغىنىم ئۈچۈن پەخىرلەن، ساڭا يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتاي، قوللىرىم گەجگەمگىچە قايرىلىپ باغلانغاندا، گۇندىپايلار تۈرمىنىڭ تاش تاملىرىغا گۈرسۈلدىتىپ ئۇستۇرگەندىمۇ، بوينۇمغا تاختاي ئېسىپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ «يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى» دەپ تەنتەنىلىك ئېلان قىلىشقاندىمۇ ئۆزۈمنى ئەسلا جىنايەتچى ھېسابلاپ باقمىدىم. نېمىشقا شۇنداق؟ چۈنكى مەن خەلقى-ئالەم ئالدىدا يۈزۈم قىزارغۇدەك، ۋىجدانىم ئازابلانغۇدەك ئىش قىلمىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمگە جىنايەت دېگەن لەنىتى ئاتاقنى راۋا كۆرىدىكەنمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسانچە ياشاش يولىنى ئىزدىمەيدىكەنمەن؟

— ھەممە يەرگە تەكشۈرۈش توساقلىرى قويۇلغان، تونۇشتۇرۇشسىز ھېچ يەرگە بېرىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئادىلە ئۆز گېپىدىن ئۆزى ئىلاجسىزلىق ھېس قىلىپ، — نەگىمۇ بارارسىز؟ نەدىمۇ پاناھلىنارسىز؟

— تاغقا چىقىپ كېتىمەن، چۆل-جەزىرىگە كىرىپ كېتىمەن، ماڭا ئىنسانچە ياشاش نېسىپ بولمىسا ھايۋانچە ياشايمەن. بىزدە قاچانكى قانۇن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق بايرىقىنى تىكلىگەن چاغدا مەن ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ بارىمەن.

ئادىلە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ھەرقانچە ئورۇنلۇق ھېسابلىغاندىمۇ، بۇنى ئېغىزدىن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ياق، قېچىش خەتەرلىك، ئۆزىنى ھالاكەتكە، ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر. ئۇ ئادىلنىڭ قارارلىق قىلىپ بۇ يەردىن قېچىپ كېتىۋاتقان چاغدىكى مەنزىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغانسېرى ئادىل مۇدھىش تۇمان-مانان يېغىپ تۇرغان قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھالاكەتلىك تىك يارغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر قاباھەتلىك تەقدىر مەشئۇم قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ياق، ئۇنىڭ تىترەپ ئاراننلا تۇرغان يۈرىكى بۇ

قاباھەتلىك تەقدىرنىڭ ھېچقايسىسىغا بەرداش-
لىق بېرەلمەيتتى.

— ياق، مەن كەتمەيمەن... — ھالسىز
شىۋىرلىدى ئادىلە. ئۇ ئەسلىدە «سىز نەدە
تۇرسىڭىز مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن، سىزدىن
ئايرىلمايمەن» دېمەكچى ئىدى.

— ئەستا، سەن نېمىشقا ئۇنداق دەيدىغان-
سەن؟ — ئادىل خاپا بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ
كەتتى، قايناپ سۈيى ئاز قالغان كورىنى بىر
ياققا ئېلىپ قويدى، — نېمىشقا... نېمىشقا مېنىڭ
دېگەنلىرىمنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشنى
خالىمايسەن، ئەسلىدە... مەن سەن كېلىشتىن
بۇرۇنلا قېچىپ كەتسەم بوپتىكەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ئادىلەنىڭ ياش
يۇقى كۆزلىرى ئادىلغا رەنجىش نەزەرى بىلەن
مىختەك قادالدى، — سىز ئۆزىڭىز توغرۇلۇق
ئويلىغان چاغدا مەن توغرۇلۇقمۇ ئويلىدىڭىزمۇ؟
بىلەمسىز، سىز ئالدىمدا بولغىنىڭىز ئۈچۈنلا مەن
مۇشۇنچىلىك ياشاۋاتىمەن. ئەمما سىز بۇلارنى
ئويلىمايسىز، مېنى مۇشۇ رەھىمسىز ئالەمدە
دەرد-ھەسرەت ئىچىدە يىگانە تاشلاپ قويۇپ
ئۆزىڭىز تاغلاردا، چۆل-جەزىرىلەردە قېچىپ
يۈرمەكچى بولسىز. ئەمدى بىلىۋاتىمەن، ئادەم
دېگەن ۋاقتى كەلگەندە ھايۋانچىلىك، ئۇچار
قاناتچىلىكمۇ بولالمايدىكەنغۇ.

ئادىلنىڭ كۆز ئالدىغا شۇئان ھېلىقى بىر
جۈپ ياۋا غاز كەلدى-دە، گېلى غىپقىدە بولۇپ
ئادىلەنىڭ يېنىدا بىرھازاغىچە شۈكلەپ ئولتۇرۇپ
كەتتى.

— كەچۈر... مېنى كەچۈر ئادىلە... —
بوغۇق ئاۋازدا شىۋىرلىدى ئۇ ئادىلەنى باغرىغا
بېسىپ، ئاندىن ئادىلەنى قۇچاقلىغانچە بۆگلۈك
ئۈستىگە يىقىلدى. ئادىلە ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك
مېھرىلىك ئەركىلىتىشلىرى بولمىغان قوپاللىقى ئالدىدا
يەنىلا ياۋاش ھەم رايىش ئىدى. ئادىل يېنىغا
ئۆرۈلۈپ، بويىنىنى سوزۇپ چىراغنى پۈۋلەپ
ئۆچۈردى-دە، ئادىلەنىڭ كىيىملىرىنى تارتىشتۇرغىلى
تۇردى.

— ياق، ياق، بولمايدۇ... — شىۋىرلىدى
ئادىلە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، — قورقىمەن،
بويۇمدا قالارمىكىن دەيمەن.

— ئۇ چاغدا ھەممىدىن بەك مېنى خۇشال
قىلغان بولسەن.

— ساراڭ... دەۋاتقان گېپىنى، ئۇ چاغدا
مەنچۇ؟ كىشىلەر ئالدىدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ
يۈرىمەن؟

ئادىل ئۇنىڭ ئەندىشىلىك سۆزلىرىگە قۇلاق
سالار ئەمەس، ئۇ يەنىلا شۇنچىلىك قوپال
ئىدى...

ئادىل ئادىلەنى جىمگىدە تۈۋىگىچە
ئەكىلىپ قويدى، ئادىلەنىڭ كۆڭلىدە بۈگۈن
نېمىشقىدۇر تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ بولمايدى-
غان بىر خىل غەشلىك ھەم كۆڭۈلسىزلىك
ئەلەڭگىپ تۇراتتى. خۇشاللىق بىلەن
تەشۋىش ۋۇجۇدىنى تەڭلا چۇلغىۋالغانىدى.
ئۇ ئاشۇ ناخۇش، بىتابلىق ئىچىدە پۇتىنىڭ
ئۇچىدا شەپىسىز مېڭىپ پەم بىلەن ھويلىغا
كىردى. ئۇ يەنە شۇنداق مېڭىپ كارىۋات
يېنىغا كەلدى-دە، كارىۋاتتا تاياقتەك
چوقچىيىپ ئولتۇرغان موماينى كۆرۈپ قورقىنى-
دىن يۈرىكى «قارت» قىلىپ جايىدا قېتىپ
تۇرۇپ قالدى.

— كېلىڭ، كېلىۋېرىڭ... — كۈتۈلمىگەندە
موماينىڭ يەنە ئارىلاش سوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئادىلە كۆرەلمىگىنى بىلەن مۇشۇ ئاۋازدىنلا
موماينىڭ چىرايىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى
شۇئان جەزم قىلدى.

— بۇ نېمە ئىش قىزىم؟ نەگە بېرىپ
كەلدىڭىز؟

— مەن... مەن... ھېچنەگە بارمىدىم...
ئارقىغىلا...

— يوشۇرماڭ، مەن ھەممىنى بىلدىم،
كېچىدە كىم بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان؟ سايىت
تاز بىلەنمۇ؟

— ياق-ياق... — دېدى ئادىلە بىر خىل
سەسكەنگۈچى ئايانچلىق ئاۋازدا، — خۇدا
ھەققى...

— ئەمسە سىز چىقىپ كەتكىلى نېكەم؟
بىر كىم بىلەن كۆرۈشمىگەن بولسىڭىز نەگە
باردىڭىز؟

ئادىلەنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ ھېچنېمىنى سۆزلىيەلمەي تۇرۇپ قالدى. پەقەت موماينىڭ سوئالىغا جاۋابەن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. نېمە دېگۈلۈك؟ يەنە يالغان سۆزلىسۇنمۇ؟ ئەمما ھەرقانچە ئۇستىلىق بىلەن توقۇلغان يالغان سۆز بىلەنمۇ ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزاق يوقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ موماينىڭ ئۆزىگە بولغان بۇرۇنقى ئىشەنچىسىنىڭ ئاللىقاچان يوققا چىققانلىقىنى، تۇزغاقتەك توزۇپ بەربات بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىنى گۇمان، نەپرەت ۋە ئىشەنچسىزلىك تۇيغۇسى ئىگىلىگەنلىكىنى جەزم قىلىپ، خىجىللىق ۋە نومۇستىن جاھاندا بىر بار، بىر يوق بولۇپ كەتتى. بەربات بولدى، ھەممىسى بەربات بولدى... مۇشۇ يۈزى بىلەن موماينىڭ ئال-دىدا يەنە كۆرۈنۈش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ، بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋەرمەكچى بولغاندىمۇ موماي ئەمدى بەربىر ئۇنىڭ كەشنى توغرىلايدۇ: « خوش، ئەمىسە سەلىمجان تاغىڭىزنى تېپىۋېلىڭ » دەيدۇ. بۇنىسى ئېنىق. لېكىن ئۇ كېتىش ئالدىدا موماينىڭ قەلبىدە سايىت دۇيجاڭ بىلەن باغلىنىپ قالدىغان نەپرەتلىك ۋە يىرگىنىشلىك تەسىراتنى قالدۇرۇپ قويغۇسى كەلمىدى. ئەمدى ئۇندىمەسلىك ئۆزىنى ئەڭ ئېپلاس بەتنام بىلەن قارىلاش، ھاقارەتلەش بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەممىنى، ھەممە يۈرەك سىرلىرىنى مومايغا خۇددى ئۆز ئانىسىغا ئاشكارىلىغاندەك بىرمۇ بىر ئاشكارىلىماقچى بولدى، « پەرىشتە سۈپەت، مېھرى-شەپقەتلىك ئانا مەندەك ئاجىز، ناتىۋان قىزغا يەنە شەپقەت قىلسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدى ئۇ.

## 7

— ئۇھ، مۇنداق دەڭگا، ئەمىسە ھەر ئىككىمىز تەقدىرداش ئىكەنمىزغۇ. جېنىم قىزىم! — موماي ئادىلەنىڭ كۆز ياشلىق بەختسىز كەچمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى باغرىغا بېقىپ، خېلىغىچە كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى. — شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا يوشۇرۇپ كەلدىڭىز ھە؟ كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ھە-ھۇ دېيىشەتتىمغۇ سىز بىلەن. دەردمەننىڭ ھالىغا دەردمەن يېتىدۇ بالام، بىلسىڭىز مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش دەرد-مەن. ئىنشائاللا، ئېرىڭىز نېمىلا بولمىسۇن ھايات-كەن، شۇنىڭغا سەۋرى قىلىڭ، مانا مەن چىغىمدا يۈرىمەنغۇ مۇسىبەت ئازابىغا چىداپ؟ سىز بىلمەيسىز، نامان ساتار دېسە گۇڭشې تۈگۈل ناھىيە تەۋەسىدىمۇ بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. خۇدايىم... ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن... ساتارنىڭ پىرى ئىدى دەڭە، چالدىغان بولسا ساتارنىڭ دەستىكە بۇلبۇل قوندۇرغۇچىلىكى بار ئىدى. دېسەم گەپ تولا... شۇ ساتارنىڭ دۆلىتى بىلەن ئۆرۈمچى، بېيجىڭلارغىمۇ بېرىپ كەلگەن. ئۆيىمىزگە ھەممە بالايىئاپەت مۇشۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كەلدىغۇ، سايىت تاز مىنبىڭلارنى ئەگەشتۈرۈپ بىرىنچى بولۇپ بىزنىڭ ھويلىغا باستۇرۇپ كىردى. « بۇرژۇئازىيىنىڭ ناخشىسىغا ساز چالغان قولۇڭ مۇشۇمۇ؟ » دەپ قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلاپ، ساتارنى بويىنىغا ئېسىپ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ چىقىپ كەتتى. « ئاللا-توۋا » دېدىم، سايىت تازنىڭ پۇتىغا ئېسىلدىم. ئەمما خوتۇن كىشىنىڭ كۈچى نېمىگە يېتىدۇ دەيسىز؟ شۇنداق قىلىپ رەھمەتلىكنى كۆزۈمچىلا باغلاپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنى شۇ ئېلىپ كەتكەنچە دادۈيمۇ-دادۈي ئاپىرىپ سازايى قىپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن سايىم تازدىن تەسلىكتە رۇخسەت ئېلىپ، تاپقىنىمنى ياغلىققا تۈگۈپ گۇڭشېگە باردىم. ياللا، نېمە دەي؟... بىلىكىگە قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان بىر توپ ئىنسانسىزلار يېشى يەتمىشتىن ئاشقان ئۇ قېرىنى گۇڭشېگە يىغىۋالغان بەش خىل ئۇنسۇرلار قاتارىدا كېسەك قۇيدۇرۇۋاتقانىكەن. ئۈن-تىنسىزلا كۆرۈشتۇق. قېرىغاندا نېمە كۈن ئۇنىڭغا؟ ئىككى كۈن ئىچىدە بۆلەكچە مۆكچىيىپ، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمەي مىنبىڭلار گەجگەمدىن ئىتتىرىپ قوغلىغىلى تۇردى. ئاڭلىسام رەھمەتلىك شۇ كېچىسىلا ئاغرىپ يېقىلىپتۇ. مەن ئۈچ كۈندىن

كېيىن خەۋەر تېپىپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ھارۋا ئېلىپ بارسام ئالىلقاچان تىلدىن، ئاش-تاماقتىن قالغانىكەن. رەھمەتلىك شۇ كۈنى كەچتە قۇچىقىمدىلا جان ئۈزدى... ئۆلگەنىنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئۆلگىلى بولمايدىكەن. يىغلا-قاقشا مۇشۇ كۈنگىچە مىدىراپ يۈرىمەن. ۋاپالىقكەنسىز... خۇدايىم مۇشۇ ۋاپالىقىڭىز ئۈچۈن مۇراد-مەقسىتىڭىزگە يەتكىلى نېسىپ قىلار. تاشلىۋەتمەيلى ئۇ بىچارىنى. خالىغان ۋاقتىڭىزدا يوقلاپ كېلىڭ، ئۆيدىكى نېمە لازىم بولسا شۇنى ئاپىرىڭ...

مومايىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ موماي بىلەن تەڭ ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان ئادىلە، ئۇنىڭ ئەمدىكى مېھرىلىك سۆزىدىن كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ، مەڭزىنى مومايىنىڭ مەڭزىگە يېقىپ:

— دېگەنلىرىگە رەھمەت، جېنىم ئانا، ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، — دېدى.

موماي بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئادىلەنىڭ مېڭىشىغا ئۈلگۈرتۈپ، ھويلىدىكى قىزىل تاجلىق مەللە خورازنى تۇتۇپ، قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا سويدۇردى-دە، يېرىم قازان پولۇ قىلدى. ئىككىسى يېيىشىپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن موماي ئۈستىگە يېرىم توخۇ گۆشى بېسىلغان بىر لېگەن پولۇنى ئادىلەگە تۇتقۇزدى.

— قايتىشىڭىزدا كىر-قاتلىرىنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇماڭ، — دەپ جېكىلىدى.

بۈگۈن كېچە خۇددى جاھانغا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك ئادەتتىن تاشقىرى قاپقاراڭغۇ ئىدى. سۇررەڭ بۇلۇت قاپلىغان بىپايان ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شىمال تەرەپتىن قوناق شاخلىرىنى شاراقشىتىپ ئەنسىز شامال سوقۇپ تۇراتتى. ئادىلە تېخى تاۋى كەتمىگەن ئىسسىق لېگەننى قولتۇقىغا قىسىپ، چىغىر يول بويلاپ، قەدىمىنى تېز-تېز ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قاغا جىگدىلىك يېنىدىن ئۆتۈپ بۆك چاتقاللىق ئارىسىغا كىرگەندە، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئارقىسىدىن يۇلغۇنلارنىڭ شىلدىرلىشى ياكى بىرنەرسىنىڭ قەدەم تىۋىشى ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان غەلىتە شىپىرلاش ئاڭلاندى. ئادىلە چۆچۈپ كەينىگە قاراپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىدى. كەينىدە قارىيىپ كۆرۈنگەن غۇجمەك-غۇجمەك يۇلغۇنلار خۇددى كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان، ئەمدى ئادىلەنىڭ توختىغىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا توختاپ قالغان ئالىلقانداق مەخلۇقلاردەك كۆرۈنەتتى. ئادىلە ئۆزىنى مۇمكىنقەدەر سالماق، قورقۇمسىز تۇتۇشقا تىرىشىپ ئالدىغا قاراپ تېز قەدەم بىلەن مېڭىۋەردى. ھايال ئۆتمەي ئارقا تەرەپتىن شىپىرلىغان، يۇلغۇنمىكىن، نېمىكىن، ئالىلقانداق بىرنەرسىنىڭ «قىرس» قىلىپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئادىلە شۇ چاغدىلا ئارقىسىدىن قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى-دە، قورققىنىدىن يۈرىكى سىرقىراپ قەدىمىنى تېخىمۇ تېز ئېلىشقا باشلىدى. ئەمدى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان نامەلۇم مەخلۇقنىڭ قەدەم تىۋىشى ئېنىق ئاڭلانغىلى تۇردى. ئىت، مۈشۈك، نامەلۇم مەخلۇقنىڭ قەدەم تىۋىشى مۇشۇنداق ئاڭلىنىشى مۇمكىن ئىدى. دېمەك، نامەلۇم بىرسى ئادىلەنى سېزىپ قالغان، شۇڭا ئەمدى ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەن... ئادىلە نىشاننى ئۆزگەرتىپ يولنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قېلىن چاتقاللىق ئارىسىغا قاراپ جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈردى. نامەلۇم ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشىدىن يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ ئۇرۇلۇشلىرى، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ھەم ھاسىراپ تېز-تېز نەپەس ئېلىشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئادىلە يۇلغۇن شاخلىرىنى چاقىقانلىق بىلەن يېرىپ ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلدى. قولتۇقىدىكى لېگەن قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئادىلە قورقۇنچ ۋەھىمىسى ئىچىدە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ يەنە قېلىن چاتقاللىق ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئەمدى يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ يۈزىگە قامچىدەك تارسىلداپ ئۇرۇلۇشلىرىنىمۇ، نەلەردىدۇر ئايىغى چۈشۈپ قېلىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان پۇتلىرىغا ئاق تىكەن بىلەن يانتاقنىڭ ۋاژىلداپ سانجىشلىرىنىمۇ سەزمەيتتى. كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى يۇلغۇن پۇتاقلىرىغا

ئېلىنىپ پارە-پارە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ سەزگۈلىرىنى يوقاتقان چاغدىكى بىر خىل قەھرىلەنگەن جاھىللىق ۋە يىرتقۇچ ھايۋان ئالدىدا ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى كۈچنى يىغىپ قېچىۋاتقان كېيىك ھالىتىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز چاتقاللىقتىن چىقىپ، ئالدىدا شورنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمدىلا سۇ قۇيۇلغان كەڭ بوزلۇققا دوقۇرۇپ قالدى. ئۇ قاياققا يۈگۈرۈشنى بىلەلمەي بىر دەقىقە تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى-دە، ئېگىز تىرگەننى ياقىلاپ يۈگۈرمەكچى بولدى. ئەمما ئىككى-ئۈچ قەدەمچە ماڭا-ماڭماي سۇنىڭ يار ئېلىشىدىن ھاسىل بولغان پاتقاقلىققا پېتىپ يىقىلدى. ئۇ ئىككى يانغا يۆلىنىپ پۇتىنى تارتىشقا ئۈلگۈرمەيلا سايىت دۈيجاڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ كەلدى.

— قېنى ئەمدى قاچقىنىڭىزنى بىر كۆرۈپ باقاي، — خىرقىرىدى ئۇ تەھدىت ئاھاڭى ئىچىدە ئېغىر ھاسىراپ، — ئېيتىڭا، كېچىلەپ نەگە بارماقچى ئىدىڭىز؟

— كۆزۈمدىن يوقال ئىپلاس! — غەزەپتىن ۋارقىرىدى ئادىلە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە قاچماقچى بولۇپ. ئەمما سايىت دۈيجاڭ ئۇنىڭ بىلىكىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى:

— يەنە نەگە؟ جىنايەتچى ئېرىڭىزنىڭ يېنىغا، شۇنداقمۇ؟ مەن ئىككىڭلارنىڭ خۇپىيانە كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتقىنىڭلارنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانمەن.

شۇئان بۇ مۇدھىش ئاۋازدىن ئادىلەنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. كۆز ئالدى يالت-يۇلت قىلىپ چاقماق چاقاندەك بولۇپ كەتتى.

«ئاھ، بۇ ئىپلاس مەلئۇن مېنى پايلاپ يۈرگەن ئىكەن-دە!» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋەھىمە ئازابىدىن تولغىنىپ.

— قولۇمنى قويۇۋەت! قويۇۋەت مېنى! — بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇشقا باشلىدى ئۇ.

ئىككىسى ئېلىشقانچە پاتقاققا تېيىلىپ يىقىلدى. سايىت دۈيجاڭ ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە بىر قولى بىلەن ئادىلەنىڭ ئىككى قولىنى قاماللاپ تۇتۇپ يەنە بىر قولىدا ئۇنىڭ كۆكسىنى، تېقىملىرىنى، سىلاشتۇرماقتا ئىدى. ئادىلە ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى كۈچنى يىغىپ، قاتتىق يۇلقۇنۇپ قولىنى بوشىتىۋالدى. سايىت دۈيجاڭنىڭ ئېغىر گەۋدىسىنى ئۆزىدىن ئىتتىرىپ بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقماقچى بولدى. ئۇلار پاتقاق ئىچىدە دومىلىشاتتى، ئادىلەنىڭ قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈچىنىپ ئىنجىقلىغان، سايىت دۈيجاڭنىڭ جىددىي ئېلىشىش ئىچىدىكى خىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئېغىر گەۋدە ئادىلەنى ئۈستىدىن خۇددى تۆگمەن تېشىدەك بېسىپ ماغدۇرىدىن كەتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ بوشىغان قولى بىلەن سايىت دۈيجاڭنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە — يۈزىگە، بېشىغا، بىقىنىغا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت سايىت دۈيجاڭنىڭ ساغرىسىدا ساڭگىلاپ تۇرغان قانداقتۇر بىر قاتتىق نەرسە ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇلغاندەك قىلدى. ئادىلە ئۇنى بارماقلىرى بىلەن چىڭ قاماللاپ ئېلىپ سايىت دۈيجاڭنىڭ بىقىنىغا زەرب بىلەن ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇ «ۋاي - جان!» دەپ ئېچىنىشلىق ئىڭرىدى-دە، ئادىلەنىڭ ئۈستىدىن پاتقاقلىققا شالاقىدە يىقىلدى.

ئادىلە گويا ئەقلىدىن ئازغاندەك گاراڭ ھالەتتە ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە تېخىچە چىراغنى ئۆچۈرمەي ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان موماي ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن لاي يۇقى چىرايىنى، پاتقاق بىلەن بۇلغانغان ئۈستىبېشىنى كۆرۈپ قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىگە چۈشۈپ:

— ھە...؟! نېمە ئىش بولدى بالام؟ كۆڭلىكىڭىز ساپلا قانغۇ؟ — دەپ تىۋىلغۇۋەتتى.

نىھايەت، ئادىلەنىڭ بىر خىل سىرلىق ئىپادە قېتىپ قالغان چىرايىدىن نە قورقۇش، نە خۇشاللىق، نە ئۆكۈنۈش ئىپادىسىنى تاپقىلى بولمايتتى.

— بىز ئەمدى ئايرىلىدىغان بولدۇق ھۆرمىخان ئانا، خوشلىشىۋالاي، سىلىگە رەھمەت، مەن سىلىدىن كۆپ رازى... — بوش، ئەمما خاتىرجەم ئاۋازدا دېدى ئۇ.

— بىرەر ئىش بولدىما؟ — سورىدى موماي

www.uyghurkitap.com

قورقىنىدىن جالاقلاپ تىترەپ.

— سايىت تاز ئۇ...

— ئۇ پاسىق مەخلۇق ئارا ئۈستەڭدە ئەمدى مەڭگۈ مەۋجۇت بولمايدۇ.

— ئۆلدىمۇ؟ ئۇ زادى ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلەتتى. يارەببىم، ئۇ مەلئۇننىڭ بېشىنى يەپتۇ، ئەمدى سىز قانداق قىلارسىز جېنىم قىزىم؟

سايىت دۈيجاڭنىڭ ئۆلۈكى ئەتىسى ئەتىگەندە سۇچىلارغا ئۇچراپ مەھەللىگە خەۋەر يەتكەندىن كېيىن، مەھەللە ئىچى بىردىنلا پاتپاراقچىلىق بولۇپ كەتتى، مىنبەڭلار كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرەيتتى. ئەتراپتا ئالىتاغىل ۋارقىراشلار، سايىت دۈيجاڭنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنىڭ يىغا ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. چۈشتىن كېيىن ناھىيە تەرەپتىن كەلگەن ساقچى ماشىنىسى قويۇق توپا توزۇتۇپ ئۇدۇل دادۋي ئىشخانىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي ئاللىقاچان تەييارلىنىپ تۇرغان ئادىلەنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدىگىنىچە دادۋي ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەتتى.

«يائاللا، ھەممىگە ئۆزۈڭ بار» شىۋىرلايتتى موماي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ.

دادۋي ھويلىسىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى، ھەممەيلەن ئادىلەگە گۇمانسىراش، ھەيرانلىق ۋە قورقۇش نەزىرى بىلەن قارىشاتتى، مىنبەڭلار ئۇنى ئۇدۇل ساقچىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى.

— ئېڭ ئالىي يولىيورۇق، — دېدى ساقچى ئادىلەگە جىددىي نەزەر بىلەن تىكىلىپ، — ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. قارشىلىق قىلغانلار قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ.

ئادىلە خاتىرجەملىك بىلەن ساقچىغا ئۇدۇل تىكىلىپ قارىدى:

— گەپنى يىراقلاتماي، ئوچۇقلا دەۋېرىڭ.

— بولىدۇ... سايىت دۈيجاڭنى سىز ئۆلتۈرگەنمۇ؟

— ھەئە، مەن.

— نېمە بىلەن؟

— ئۆزىنىڭ پىچىقى بىلەن.

جامائەت گويا قانداق ھېسسىياتقا كېلىشنى بىلەلمىگەندەك جىمجىت ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشتى. كىملەردۇر ھەيران بولۇشۇپ ياقىسىنى تۇتۇشتى، پەقەت مىنبەڭلارلا كالتەكلىرىنى دېۋەيلىتىپ «ئۇرۇپ ئۆلتۈرىمىز بۇ قاتىلنى!» دەپ ئېتىلىپ كېلىشتى. شۇ چاغدا ئالىتاغىل ئاۋازلار ئارىسىدىن ساقچىنىڭ:

— قاتىلنى ماشىنىغا چىقىرىڭلار! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئادىلە ئېلىپ كېتىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، بىر كۈنى مەھەللىگە «ناھىيىدە ئوچۇق سوت ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپتۇ، ئادىلەگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈش جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى.

## 8

كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ۋەھىمىلىك ئۇشقۇرتۇپ تۇرغان كەچكى پەيت. دەرەخلەر يالىڭاچلانغان، قومۇشلار سارغايغان، پەقەت قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىكى بۈك يۇلغۇنلارلا قىزىرىپ كۆرۈنەتتى. ياپراقلارنىڭ ياز پەيتىدىكى ئەۋرىشىم شاخلاردا كۆكىرىپ تۇرغان گۈزەل لاتاپىتى ئەمدى قېنى؟ ئۇ قۇرۇغان، سارغايغان، ئۇ ئەمدى ئاياغ ئاستىدا چەيلەنگەن، ئېرىق-ئازگاللارغا تىقىلىپ مۇڭلىنىپ قالغان ھالەتتە كۆزگە تاشلىناتتى. يالىڭاچلانغان ئېتىزلاردا توك قاغىلار قاقىلدىشىپ تىمسقىلاپ يۈرۈشەتتى. ياز چاغلىرىدىكى ئاجايىپ گۈزەل زەڭگەر ئاسماندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. پەقەت غەرب ئۇپۇقىدا قىزىرىپ تۇرغان قۇياشلا يېپيېڭى، پاك، بىغۇبار، خۇددى ھازىرلا ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى.

ئېتىزدىن يانغان ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلغان جىنايەتچىلەر كەتمەنلىرىنى كۆتەرگىنىچە تۈرمىگە قاراپ كېلىشۋاتاتتى. ھەر بىر سەپنىڭ ئارقىسىدا ئىككى ئەسكەر ئاپتوماتلىرىنى تۇتقىنىچە ئۇلارنى قوغداپ كېتىشىۋاتاتتى.

ئايال جىنايەتچىلەر ئارىسىدا كېلىشىۋاتقان ئادىلە ئۆزىدىن يۈز مېتىرچە يىراقلىقتا

كېلىۋاتقان ئەر جىنايەتچىلەرگە بىر خىل ئۈمىد بىلەن قاراپ كەتتى. ئادىلنىڭ شۇ ئىشتىن كېيىنلا قوتاندىن ھەيدەپ كېلىنىپ، قورال ئاستىدا ئىشلەيدىغان جىنايەتچىلەر ئارىسىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكى ئېنىق. بۇ شۈبھىسىز، بىراق ئۇ ھېلىمۇ 3-جۇڭدۇيدىمىكىن، ياكى باشقا جۇڭدۇيلەرنىڭ بىرىگە يۆتكىۋېتىلدىمىكىن؟ بۇنىسى ئادىلەگە نامەلۇم ئىدى. ئۇ، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن بىر ھەپتىدىن بېرى يولدا كېتىۋېتىپمۇ، كېلىۋېتىپمۇ، ئوچۇق دالادا ئەمگەك قىلىۋېتىپمۇ ئەر جىنايەتچىلەرگە يىراقتىن سەپسېلىپ قاراپ يۈردى. ئۇ ئادىلغا ئەمدى بۇ يەردە ئىختىيارىي مېڭىپ-يۈرۈش ئەركىنلىكىنىڭ مۇتلەق بېرىلمەيدىغانلىقىنى كۆڭلىدە تويۇپ تۇرسىمۇ، يۈرىكىدە مىنۇتسېرى دولقۇنلاۋاتقان بىر كۈچلۈك دەۋەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئاشۇنداق قاراپ باققۇسى كېلەتتى.

ئەر جىنايەتچىلەر بىلەن ئايال جىنايەتچىلەر سېپى بىر-بىرىگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. ئادىلە ئەر جىنايەتچىلەرگە بىر-بىرلەپ سەپسېلىپ كېلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىردىنلا ئادىلنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئەس-ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، سەپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ئاد...ىل! — دەپ ۋارقىرىدى. ئادىل بۇ ئاۋازدىن ئەندىكىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆتۈلمىگەندە ئايال جىنايەتچىلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادىلەنى كۆرۈپ قالدى-دە، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى.

ئادەتتە قورال ئاستىدا ئىشلەيدىغان جىنايەتچىلەر ئۈچۈن ئەمگەك مەيدانىنىڭ تۆت تەرىپىگە مەلۇم دائىرە ھاسىل قىلىپ قىزىل بايراقتىن تۆتنى قاداپ قويۇلاتتى. ئۇ كىچىككىنە دائىرە مەھبۇسلارنىڭ چەكلەنگەن رايونى — چېگرا سىزىقى ھېسابلىناتتى. ئۇلار مۇشۇ چېگرا سىزىقى ئىچىدىلا مەشغۇلات ئېلىپ بارالايتتى. ئىشلىگەندىمۇ، سەپكە تىزىلىپ ئىشقا ماڭغاندىمۇ، ياتاققا قايتىش جەريانىدىمۇ، ئىشقىلىپ نەگىلا بارسا بۇ چېگرا سىزىقى خۇددى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن ئاسماندىكى بىر پارچە قارا بۇلۇت كۆلەڭگىسىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى. ھەرقانداق بىر جىنايەتچى بۇ چېگرا سىزىقىدىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن، قائىدە بويىچە تۇرمىدىن قاچقانلىق ھېسابلىنىپ قاراۋۇللار تەرىپىدىن ئېتىلىشقا ھەقلىق ئىدى. شۇڭا، ئادىلەنىڭ سەپتىنلا ئەمەس، چېگرا سىزىقىدىنمۇ چىقىپ كېتىشىدىن قورقۇپ يۈرەكلىرى سۇ بولغان ئادىل قوللىرىنى يۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— ئادىلە! ... كەلمەڭ، قايتىڭ... ئارقىڭىزغا قايتىڭ! ...

ئادىلە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە، توسۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئۆزى تەرەپكە جىنىنىڭ بېرىچە يۈگۈرەيتتى.

— توختا، بولمىسا ئوق چىقىرىمىز!

ئۇيېر-تويېر بولۇشۇپ كەتكەن قاراۋۇللارنىڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى.

تۇيۇقسىز ئادىلە كەلگەن سەپ تەرەپتىن تاتاتلاپ ئوق چىقىرىلدى.

— ئاد...ىلە! ئاد...ىلە! ... — ئادىل سەپتىن ئېتىلىپ چىقىپ جان-جەھلى بىلەن يۈگۈردى.

— توختا! ... توختا! ...

ئەمدى دۇنيامۇ، ھاياتلىقمۇ، ئۆلۈممۇ، ھەممە-ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، شۇ تاپتا ئۇچقاندەك بېرىپ ئاچچىق تولغىنىۋاتقان بولسىمۇ ئۆزىگە چەكسىز ئىنتىلىش بىلەن قاراۋاتقان ئايالى يەرگە يىقىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى يۆلىۋېلىش، باغرىغا بېسىشنىلا ئويلايتتى...

ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى قۇچاقلاشقا سوزۇلغان قوللىرى تېخى تېگىشە-تېگىشمەيلا يەنە ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئېتىلدى.

ھەر ئىككىسى ھاۋادا سەنتۈرۈلۈپ، تىزلىرى پۈكۈلۈپ، بىر-بىرىگە يەنە قوللىرىنى سوزۇشقىنىچە يەرگە يىقىلىپ چۈشتى...

ئاسماندا كەپتەرلەر ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇپۇقتا يېرىمى سىڭىپ ئولتۇراي دەپ قالغان قۇياشنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى يەنىلا شۇنچىلىك تازا، پاك، بىغۇبار، گويا قۇياش ئۇپۇقتىن يېڭىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك ئىدى...

# بەلكىم

داۋۇتجان سەئىدىن

قىيامەت قايىم بولسا ئەگەردە،
مۇشۇ يەردىن باشلىنار بەلكىم.
دەججال قوپسا ۋە ياكى،
مۇشۇ يەردىن قوپىدۇ بەلكىم.
باسسا ئەگەر توپان بالاسى،
مۇشۇ يەرنى باسىدۇ بەلكىم.
دوزاخ ئوتى كۆيدۇرسە ئەگەر،
مۇشۇ يەرنى كۆيدۇرەر بەلكىم.
ئىلاھ ئۇچۇن توقۇلسا تۆھمەت،
مۇشۇ يەردە توقۇلار بەلكىم.
پارا ئالسا دەججال،
كىشلەر،
پارا بېرىپ قۇتۇلار بەلكىم.
گەر جان بېجى ئالسا ئەزرائىل،
ئاتىسىنى ساتىدۇ بەلكىم.
كەلسە بۇيرۇق ئىككىلەنمەستىن،
ئانىسىنى ئاتىدۇ بەلكىم...
خۇدا ئۇرغان مۇشۇ شورلۇقتا،
سۆيۈندۇ دىللىرى كىمنىڭ؟
ئىبلىسلارنىڭ ئىشرەت كۈيىنى،
تىڭشىغۇسى كېلىدۇ كىمنىڭ؟

# كېچە ۋە كۈندۇز ھەققىدە رىۋايەت

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

ئاشىق بولۇپ كۈندۇز-كېچە ھۆسنىگە،
ئۆتەرمىش يار دىدارىغا يېتەلمەي.
ئاھ چېكەرمىش ئايدىڭدىن كەچسىمۇ
قاراڭغۇلۇق خىلۋىتىدىن كېچەلمەي.

ئەزەلدىن تا بۈگۈنگىچە شۇ يەڭلىغ
كۈندۇز-كېچە قوشۇلالماي كەلگەنمىش،
يامغۇر، قارمۇ يېشى ئىكەن كۈندۇزنىڭ
خۇدا ئاڭا شۇ خىسلەتنى بەرگەنمىش.

كېچە دەرمىش: قۇياش ئايغا كۈيىدۇ،
نېچۈن نۇرلۇق ئايدىڭىغا كۈيمەيسەن؟
كۈندۇز دەرمىش: ئايدىن چۈشكەن شولام ئۇ،
ئۇنى سۆيۈپ، نېچۈن مېنى سۆيمەيسەن؟

— ئاھ! قانداقسەن؟— دەرمىش كۈندۇز ھېلىمۇ،
كۆيگەن باغرى ئاپئاپ بولۇپ چېچىلىپ.
— ئاقمەن لىۋەن، باقما!— دەرمىش كېچىمۇ،
ھەر سەھەر گۈل بولۇپ ياشناپ ئېچىلىپ.

كېچە دەپتۇ: تۇرسا ئۇ پاك روھلىرىم —
ئارتىۋالغان قارا چاچلىق بېشىمغا.
كۈندۇز دەپتۇ: شۇڭا چېھرىڭ كۆرەلمەي
يۈرۈپتىمەن ئەخمەق بولۇپ قېشىڭدا.

كېچە-كۈندۇز كەتكەن بولسا قوشۇلۇپ،
سۇرەلمەسكەن ئىنسان ھايات پەيزىنى،
ئەرك بۇلبۇلى شورلۇق ھىجران ساغىنمۇ
قىلغاي سوۋغا گۈزەل ۋىسال ھەيتىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوغۇل-قىزنىڭ يۈرىكىدە

مۇھەممەتجان سادىق

— قەيەردە مېنىڭ خاتىرەم،
مېنىڭ ھەيكىلىم؟— ...
تۆكمەمدۇ ئەرۋاھلار
قايغۇلۇق كۆكتىن
تارام-تارام ياش؟!
يىغلىماڭلار!
بۇ دۇنيا قايغۇ-دەرد بىلەن
كەتمىسۇن قېرىپ.
چاقنىسۇن گۈلگۈن ئۈپۈقتا
يالقۇنلۇق قۇياش!...
چېچەكلىدى
قاراڭلار، قىزىل يۇلغۇنلار
ھەي، كېچە
سىلەر جەڭ قىلغان داللاردا...
تۆكۈلگەن قانلىرىڭلاردىن
ئېچىلدى
چوغ رەڭلىك گۈللەر
كۆزىمىز قارىسىدەك ۋادىلاردا...
باللار
نان ياققان قىزىق تونۇرغا
كاۋا كۆمۈپ،
ئېيتىدۇ سىلەرنىڭ ھېكايەڭلەرنى
سۆيگۈ-ھاياجاندا...
يانىدۇ ئاتاڭلار ياققان،
ئاناڭلار ياققان
ئىزگۈ چىراغلار
تېخچە
يالقۇنلىنىپ بۇ مۇقەددەس
ئەزىز ماكاندا...
ئابدال گويا
نىلقىدىن كەلگەن قەھرىمان،
بۈيۈك ھەيكىلىڭ،
بوغدا
تىكلەنگەن خاتىرە
شان-شۆھرىتىڭگە!
كەتمەيدۇ كۆزۈمدىن كۆكتىكى لاچىن،
يېتىلگەن بۈركۈت،
قارايمەن قارىغاي
ئاق تېرەك
شەمشاتلار — سۈرىتىڭگە!...
بۇ گۈزەل زېمىننىڭ ئۈستىدىكى
تاغ، قىيا، گۈل، گىياھ...
جىمىكى نەرسە
سېنىڭ ھەيكىلىڭ،
سېنىڭ خاتىرەڭ،
ئاق جۇۋا كىيگەن رىزۋانگۈل،
مۆھتەرەم يولداش!
كېچىدىكى يۇلتۇزلار،
ئايدىڭ تۈنلەردىكى تولۇنئاي،
ھەر بىر گۈزەل سەھەر،
نۇرلۇق چولپان،
نۇرلۇق قۇياش!...
پۈرنىغىنە، قارا كۆز قوزام،
ئاجايىپ بىر خۇش پۇراق بار
بۇ جانىجان زېمىننىڭ
گىياھ-گۈل،
پۇرىكىدە!
ھەي، سېنىڭ مۇبارەك خاتىرەڭ،
ھەي، سېنىڭ مۇبارەك ھەيكىلىڭ
ئوغۇل-قىزنىڭ يۈرىكىدە!...

# ئىككى شېئىر

ئىمامبەردى هاجى هىلالىدىن

## كۆل بويىدا

ئاسماننى كۆرۈپ سۇدا شۇنچە سۈزۈك،
ئولتۇردۇق ھەۋەس بىلەن بويىدا كۆلنىڭ.
تاش ئاتتۇق، چالغىدى سۇ، تەۋرەندى سۇ
شولىسى پارە-پارە بولدى ئاينىڭ.

«بىزنىڭمۇ جۈپ شولىمىز سۇدا ئەنە
تەۋرىنەر ئىنتىلگەندەك شوخلۇق بىلەن».
تاش ئاتتى يارىم بۇڭا خىجىل بولۇپ
شولىمىز قوشۇلۇپ كەتتى بولۇپ بىر تەن.

## تانسىدا

كۆك-يېشىل، قىزىل-سېرىق چىراغلارنىڭ
نۇرىدا كۆرۈنىدۇ مەيدان سىرلىق.
تانسا بەك قىزىپ كەتكەن، جۈپ-جۈپ گەۋدە
ئۆز ئارا بېقىشىدۇ شۇنچە مېھرلىك.

مەن بىلەن تانسا ئويناپ گۈزەل يارىم،
قايتا بۇ ئۇچرىششتىن ئاقتۇردى ياش.

چۈشمۇ بۇ بىز ئۇنتۇدۇق بار دەردلەرنى
تۇيۇقسىز كۆكسۇمگە ئۇ قويدى ھەم باش.

ياشلىققا قايتتۇق، تۇنجى سۆيگۈگە ھەم
ۋە لېكىن بۇ شېرىن پەيت ئۇزۇن ئەمەس.
قوللىرىڭ بوينۇمدا چىڭ تۇرسىمۇ گەر
مەڭگۈلۈك ۋىسال تاپماق نېمانچە تەس.

## قار ياغدى بۇ يىلمۇ، سەن يوق يېنىمدا

ساداقەتجان هاجى

قار ياغدى بۇ يىلمۇ، سەن يوق يېنىمدا،
پۈركەندىم شۇ قەدەر ئاپئاق چېچەككە.
ئۈن-تىنسىز ئايلىنىپ يۈردۈم بېغىمدا،
قار بولۇپ ياغسۇن دەپ سېنى يۈرەككە.

ئېسىمدىن چىقمىدىڭ يالغۇزلۇقۇمدا،
باھاردا گۈل بولۇپ، قىشتا قار بولۇپ.
قار ياغدى، سۆيگۈگە چۆمدى كەڭ دالا،
دىلدىكى نەپرىتىم كەتتى ئۇنتۇلۇپ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تىك ئۇچاردا كەلسەڭلار...

(ھېكايە)

**مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان، دەردىنى كۆپ تارتقان كىشى دەردخور، ئۇچرىغانلا كىشىگە ھال ئېيتقاق بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا ھالىغا يېتىدىغان بىرەرسىنى تاپالىسا كۆڭلى-كۆكسىدىكىنى تۆكۈپ، قورسىقىنى بوشىتىۋالىدۇ-دە، تىلىكى ھەل بولمىسىمۇ بۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ.

جاي ئېرىقلىق ئوسمان ئۆز كەنتىدىكى ئېگىز-پەسلىكلەر، ناھەقچىلىقلار دەستىدىن خۇددى ئاچچىق ئۆرۈك قورسىقىنى ئېسىۋەتكەندەك ئىچى دەرد بىلەن توشقان دېھقانلارنىڭ بىرى. ئۇ يىگىرمە بەش ياشلاردىكى ئېگىز، ئاق سېرىق ئۆڭى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان، تېنى قورايدەك ئورۇق، كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، قىشمۇ-ياز تەلپەك كىيىپ يۈرىدىغان يىگىت. ئۇ 11-سىنىپقىچە ياخشى ئوقۇغان بولسىمۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ «ئوقۇما دېسەم ئۇنىماي كەتمەندىن قېچىپ 4-5 يىلنى بىكارغا ئۆتكۈزدۈڭ. ئەمگەكتىنمۇ چىقىپ قالدىڭ. ئەمدى پېشانەڭگە پۈتۈلگەننى كۆر، تەقدىرىڭگە پۈت» دېگەن سۆزىگە قارشى ئېغىز ئاچالماي ئېتىز-ئېرىق ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. لېكىن ئۇ كۆپ ئويلايتتى. ئۆز تەقدىرىنىڭ بۇندىن كېيىن قانداق بولۇشى ھەققىدە ئېزىلىنەتتى. دېمىسىمۇ 11-سىنىپقىچە ئوقۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن بىر كىشى قانداقمۇ ھايات يولىدىكى كېلىشمەسلىكلەرگە «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويمىسۇن؟... ئەگەر ئۇ جاي يېزىسىدىكى باشقا دېھقانلارغا ئوخشاش ئوقۇمىغان، تۈرك ئادەم بولغىنىدا ئىدى، شۇنچە كۆچىنىپ ئىشلەپمۇ قولىغا تولۇقى بىلەن كىرمىگەن ئازغىنا نېمىتىكە ھەشقاللا ئېيتىپ، بەرمىگەنگە شۈكرى قىلىپ ئۆتكەن بولاتتى.

ئاپرېلنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى ئوسمان ئەمدىلا تۈك تاشلاشقا باشلىغان ئۇچىسى يېغىر قارا ئېشىكىنى پاكار سوقما تاملىق ئۆيىنىڭ غارال ئىشىكى ئالدىدا ھارۋىغا قېتىۋاتاتتى. ئىشىك ئالدىدىكى غۇچچىدە چېچەكلىگەن ئۆرۈك دەرىخىدە قاپاق ھەرىلەر تىنماي غۇڭۇلدايتتى. ئۇستۇنكى شاخلاردا ئاق قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ چېچەكلەرنى يەرگە چۈشۈرەتتى. ئۆي ئالدىدىكى چوڭ يولنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە جەنۇبقا قاراپ ئاققان، قويۇق ئۆسكەن سۆگەت، تېرەك يوپۇرماقلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئوسماننىڭ ئۆيىدىن 15 — 10 مېترچە ئاققاندىن كېيىن بىر ئازمىدىن پەسكە چۈشۈپ، خېلى چوڭ شارقىراتما ھاسىل قىلاتتى. بۈگۈنكىدەك سۇ ئۇلۇغ ئاققان چاغلاردا سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى بۇ مەھەللىدىكى پۈتۈن ھاياتلىق سادالىرىنى قوي-كالىلارنىڭ مۆرىگەن، مەرىگەن ئاۋازلىرىنى، شوخ يېزا باللىرىنىڭ قىيا-چىيالىرىنى، باھار قۇشلىرىنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىنى بېسىپ كېتەتتى. گاھىدا بۇ ئاۋاز ئوسمانغا يىل بويى چۈمۈلىدەك ئىشلەپمۇ پاراغەت بوسۇغىسىغا يېقىنلىشالمىغان، كەنت ھۆكۈمرانلىرى-

نىڭ نېرى-بېرى قىلىشلىرى، تۆگمەس ئالۋاڭ-سېلىق دەستىدىن زارىقىپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ نالە-زارىدەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك تۇيۇلاتتى.

ئوسمان ئېشەكنى ھارۋىغا قاتقاچ ئېغىلدا قويلارغا ئوت بېرىۋاتقان ئايالىغا بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇقتۇرالمىغاندىن كېيىن قورۇغا كىرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ئىشىك ئالدىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىرسى پەيدا بولدى. ئۇ ئوسمان بىلەن تەڭتۇش، لېكىن ياش تۇرۇپ ئېڭەكلىرىگىچە ساقال باسقان قارىمۇتۇق، پاكار، يېڭىلا مەھەللە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلانغان دۆلەت ئىدى. ئۇ ئوسماننىڭ بىرەر يەرگە بېرىشقا جابدۇنۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا دېدى:

— سىلىگە يول بولماپتۇ ئاداش. ئېشەكنى شوتىدىن چىقىرىۋېتىڭلا، بۈگۈن كەنتتە كېۋەز تېرىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىدىكەن.

— نەق مەيدان يىغىنىغا بارمىسامۇ كېۋەز تېرىشنى بىلىمەن. بۈگۈن شەھەرگە كىرىپ كېۋەزگە ياپقىلى سولياۋ، مايسىلارغا ئاق ئوغۇت ئەچىقىۋالمىسام بولمايدۇ. ئېلىش بېشىدىن تۈنۈگۈن كىردىم، — ئوسمان شۇنداق دېگىنىچە دۆلەتنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي ئېشەكنىڭ بېشىنى شەھەر يولىغا بۇرىدى. دۆلەت تېز بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ دېدى:

— ئاداش، كەنت باشلىقى بىلەن بىر ئىكەرەشمىسەڭلا قانداق؟ يەنە كېلىپ بۇ يىغىنغا ناھىيە ۋە يېزىدىن باشلىق، تېخنىكلارمۇ كېلەرمىش. «گەدىنى قاتتىق تېرىقچى» دەپ سىلىدىن ئۈچ ئالماس دېگىلى بولمايدۇ ئۇنى.

— ئۈچ ئالسا ئالمامدۇ؟ جاننى ئالمىسىلا بىر كۈنى سورىقى بولىدۇ بۇ ناھەقچىلىقنىڭ. ھەر يىلى تېرىم مەزگىلىدە ئۇ نەق مەيدان يىغىنى، بۇ نەق مەيدان يىغىنى دەپ ھەممە يېرىنى بىزگە تېرىتىدۇ. يىگىرمە نەچچە مو يېرىگە بىر كەتمەن سالمايلا ھوسۇل يىغىدۇ. پەرۋىش، يىغىم ئىشلىرىگىمۇ كوللېكتىپ ئەمگەك ھېسابىغا بىزنى سالىدۇ. بۇنداق قىلىۋەرسە، ئۆزىمىزنىڭ يېرىگە قانداق ئىشلەيمىز؟

تەڭلىكتە قالغان دۆلەت كەنت باشلىقىنىڭ «ئەزمىلىك قىلماي مەھەللىدىكى ياش، قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ئېلىپ كېلىڭلار. ئەتە نەق مەيدان يىغىنىنىڭ ئەھۋالىدىن خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. مەھەللىلەر قاتناشتۇرغان ئەمگەك سانىغا قاراپ باھالاپ چىقىلىدۇ... مەسئۇلىيەت قاتتىق سۈرۈشتۈرۈلىدۇ...» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ سەگەكلەشتى.

— سىلىدىن باشقىلار ئېتىز بېشىغا بېرىپ بولدى ئاداش. مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ بىر قېتىم بېرىڭلا، — دۆلەت ئوسمانغا يېلىنىش تەلەپپۇزىدا سۆزلەۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئوسماننىڭ ئايالى تۆت ياشلاردىكى بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى-دە، ئېرىنىڭ قېشىغا كېلىپ دېدى:

— ھېلىغىچىمۇ چىداپ كەلدۇق، بۈگۈنچە دۆلەت ئاخۇننى تەڭلىككە سالماي بارسىلا. شەھەرگە كىرگىلى يەنە پۇرسىتى چىقىپ قالار، ئۇ يەرگە ناھىيىدىن باشلىق چىققان بولسا شۇ يەردە غۇملىرىنى دەۋالالا-يا...

ئايالىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى كەنتتىكى جەرىمانە شامىلى، تۆگمەيدىغان قۇرۇق رەسمىيەتچىلىك، دېھقانلارنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويغان چاكىنا تۈزۈملەرگە نارازى بولۇپ، گەپ ئاڭلايدىغان بىرەر باشلىقنى تاپسا ئەھۋال ئېيتىپ مۇشۇنداق ئىشلارنى توسۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇ دۆلەتنىڭ «ناھىيىدىن باشلىقلار كېلەرمىش» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئېلىپ بۇ قېتىمقى كېۋەز تېرىش نەق مەيدان يىغىنىغا بېرىشنى نىيەت قىلدى-دە، ئېشەكنىڭ باشبېغىنى ئايالىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، دۆلەت بىلەن ئۆيدىن چىقتى.

ئوسمانلار نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلماقچى بولغان ئېتىزلىققا يېتىپ كەلگەندە ئىش ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغانىدى. 10 مو كەلگۈدەك يەردە 50 كە يېقىن ئادەم ئەينەكتەك تەكشىلەنگەن مۇنبەت ئېتىزلاردا ئوغۇت توكۇش، چۈنەك تارتىش، سولياۋ يوپۇق يېيىش، ئۇرۇق سېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەتراپتا ناھىيىدىن، يېزىدىن، قوشنا كەنتلەردىن كەلگەن باشلىقلار ۋە دېھقان ۋەكىللىرى-

www.uyghurkitap.com

دىن بولۇپ قولنى كەينىگە تۇتۇپ قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلارمۇ خېلى بار ئىدى.

ئېتىزلىقنىڭ چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان تەرىپىدە، چوڭ ئېرىقنىڭ بويىدىكى ئۆرۈكلۈك سايىسىدە سالاپەتلىك، يوزۇر كېيىنگەن، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىرنەچچە كىشى بىرنىملەرنى دېيىشكىنچە چاي ئىچىشىپ قىر تۆپىسىدە ئولتۇرۇشاتتى.

ئوسمان «غاز يىمەكچى بولساڭ ئۇنىڭ پېيىدا بول» دېگەنىدەك، ئىشلىگەچ كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆز قىياسىغا ئاساسەن چوڭ باشلىقنى ئىزلەشتۈرەتتى. ئۇ، باشقىلاردىن سوراپ بېقىشنىمۇ ئويلىدى، بىراق پۈتۈن ئۆمرى سەھرادا ئۆتكەن مەھەللە باشلىقى بىلەنمۇ تىترەپ تۇرۇپ ئارانلا كۆرۈشىدىغان بۇ بىچارە مۆمىنلەر چوڭ باشلىقنى قانداقمۇ بىلسۇن؟ ئاخىرى ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ چىرايلىق شىلەپە كېيگەن، يولدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان بىر خەنزۇ كىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ-يان ماڭىدىغان تېخىمۇ سالاپەتلىك ئۇيغۇر كىشىنى باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىق دەپ تەخمىن قىلدى-دە، كەنت باشلىقى مۇناردىن ئىشتىرىۋېتىدىغان ئىش بولسىمۇ بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزىچىلا ئاشۇ باشلىققا ئۆزىنىڭ، قوشنىلىرىنىڭ ھالىنى ئېيتماقنى، كەنتتىكى بولمىغۇر ئىشلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقنى تەۋەككۇل قىلدى. ئۇ دەيدىغانلىرىنى كۆڭلىگە بىر-بىرلەپ پۈكۈپ، ئۇيغۇر باشلىقنىڭ توپتىن ئايرىلىپ بىر تەرەپكە مېڭىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتى. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ «باشلىق دېگەننىڭ ۋاقتى قىس، گېپىنى تۈگىتىپ ئېرىقتىن ئاتلاپلا ماشىنىغا چىقىۋالسا كۆڭلۈمدىكىنى دېيەلمەيمەن» دەپ ۋايىم يەيتتى. كۈن تىكلىنىپ ھاۋا ئىسسىغانسېرى كىشلەرنىڭ تېنىدىن توختىماي تەر قۇيۇلاتتى. ئۇرۇق تېرىلىپ بولۇپ، سۇلىۋاش يېپىلغان ئېتىزلار كۈن نۇرىدا ئەينەكتەك چاقنايتتى. يول بويلىرىدىكى سالا ئېتىزلارنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى دەرەخلەردىن كاككۇكنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ياندىكى بۇغداي تېرىلغان مايسىزارلىقتا قارلىغاچلار پەس ئۇچۇشاتتى. غەربىي جە... تەرەپتىن چىققان سەلكىن شامال ئۇرۇ... چېچەكلىرىنى ئېتىزلارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇچۇرۇتۇپ، ئۇنىڭ خۇش ھىدىنى دىماغلارغا ئۇراتتى.

دېھقانلار كەنت باشلىقنىڭ پەرمانى بىلەن ئاخىرقى ئېتىزلارغا جىددىي ئىشلىمەكتە. سىرتتىن كەلگەنلەر بولسا ئاللىقاچان ئېرىق بويىغا، ئۆرۈكلۈك-نىڭ سايىسىغا چىقىپ بولۇشقانىدى.

ئوسمان باشلىقنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تېز-تېز مېڭىپ ھېلىقى باشلىق دەپ قىياس قىلغان كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى. «باشلىق» سۇدا قولنى يۇيۇپ ئولتۇراتتى. ئوسمان ئۆز قىياسىدا خاتالاشمىغانىدى. ئۇ راستىنلا ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل ھاكىمى ئىدى. ئۇ يېنىغا كەلگەن، توپا-چاڭغا مىلەنگەن، كۆزلىرىدە ئۈمىد ۋە ھەسرەت نۇرلىرى تەڭ جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان بۇ ياش دېھقانغا ئىللىق مۇئامىلە قىلدى.

— ھە، بۇيان كەپسىز، بىرەر گېپىڭىز بارمىدى؟

— شۇنداق، سىلىگە ئۆزۈمنىڭ ۋە كەنتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى دېمەكچى ئىدىم.

— كەنت باشلىقىغا، بولمىغاندا يېزىدىكىلەرگە دېسىڭىز بولماسمىدى؟

— پايدىسى يوق، ئۇنداق قىلسام چاشقاننىڭ ئەرزىنى مۈشۈككە سۇنغانىدەكلا بىر ئىش بولىدۇ.

— سىز ئوقۇغانمۇ؟

— تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇغان.

ھاكىم يېنىغا كەلگەن، بۇ كونا تەلپەك بىلەن يەكتەك كېيىۋالغان يىگىتنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدا ساغلام زېھىن بىلەن بىر قورقماس يۈرەكنىڭ بارلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاكىمغا دېدىل تىكىلگەنىدى. تۇرقىدىن-سۆزلىرىدىن سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئەمسە مۇنداق قىلايلى، — دېدى ھاكىم ئوسماننىڭ دولىسىغا دوستلارچە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بۈگۈن بىز بەك ئالدىراش، قوشنا

يېزىغا بارمىساق بولمايدۇ. يەنە كېلىپ مەن يالغۇز ئەمەس. سىزنىڭ ئىسمىڭىز، ئادرېسىڭىزنى يېزىۋالاي، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆيىڭىزگە ئادەم ئەۋەتىمەن. ئۇ سىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ. شۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى دەڭ. بىزگە يەتكۈزگەندىن كېيىن رەھبەرلىكتىكىلەر پىكرىڭىزنى ئويلىشىپ بىرنەرسە دەيمىز. ئۇنىڭغىچە شەھەرگە كىرىپ قالسىڭىز مېنى ئىزدەڭ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كىرىپ «قاھار ھاكىمنى ئىزدەيمەن» دېسىڭىز كۆرسىتىپ قويىدۇ.

ھاكىمنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چېھرىگە قاراپ ئۈمىدكە تولغان ئوسمان بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ھاكىم بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە يانغىنىدا ئۆزىنىڭ بىر توپ ئادەملەرنىڭ قورشاۋىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆپى مۇشۇ كەنتلىك كىشىلەر بولۇپ، ھەممىسى ھاكىم بىلەن ئوسماننىڭ ئەتراپىدا يۇملاق دائىرە بولۇشۇپ گەپ تىڭشاپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇنغان گەپلەردىن سۆيۈنۈپ بۇ جىگىرى بار يىگىتكە ئىچىدە رەھمەت ئېيتىۋاتقانلارمۇ، ئۇنى كۈچى يەتسە چايناپ پۈركۈۋەتكىدەك غەزەپكە كەلگەن كامال جۇرىن باشلىق ئاز ساندىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئوسمان كېتىۋېتىپ ئاچچىقتىن سېرىق چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، كۆزلىرى قان قۇيغاندەك بولۇپ كەتكەن شالاڭ بۇرۇتلىرى قارچۇغا قوغلىغان توشقاننىڭكىدەك تىترەپ تۇرغان كامالغا ئۇبدانلا بىر قاراۋېتىپ يېقىنلا يەردىكى كەتمىننى دولىسىغا ئالدى-دە، قىر بويلاپ چوڭ-چوڭ قەدەملەر بىلەن ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

※ ※

بەشىنچى ئاي كىرىشى بىلەن جاي كەنتى تېخىمۇ ئىسسىپ كەتتى. ئۆستەڭدە سۇ ئازلاپ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ھاشارات تورلىرى، توپا-چاڭ بېسىپ كەتكەنىدى. چۈش مەزگىلىدە ئېتىزلاردا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۆستەڭ بويلىرىدا، چۆپلۈكلەردە باغلاپ قويۇلغان كالا، ئېشەكلەر مۈگدىگەچ قۇيرۇقى بىلەن ئەتراپىدىكى چىۋىن، كۆكۈيۈنلەرنى قورۇيتتى. قىر-چۆنەكلەردە گازىر، زاراڭزا قاتارلىق گۈللۈك زىرائەتلەر ئۆسكەن، كېۋەز مايسىلىرى قىر ياپقان، بۇغداي مايسىلىرى ئاللىقاچان باش ئېلىپ بولغانىدى. بىر قاراشتا گويا كەلكۈن نۇسخا گىلەمگىلا ئوخشايدىغان سالا ئېتىزلاردا تۈمەنلىگەن كېپىنەكلەر، سېرىق ھەرىلەر ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. دېھقانلارنىڭ ئېتىزلارغا تۇتاش چىتلىق باغلىرىدىن كاككۇكلارنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. سەھەردىلا سۇ سېپىلىپ، ئىشىك-تۈڭلۈكلىرى ھىم ئېتىلگەن سوقما تاملىق پاكار ئۆيدە چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقان ئوسمان بالىسىنىڭ قىرقىراپ يىغلىشىدىن ئويغىنىپ، گۇناھسىز ئايالىغا چېچىلغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ كىرىلگەچ كۆككە قاراپ ۋاقىتنىڭ پېشىن بولغانلىقىنى جەزملىدى. ئۆيدىن چىقىشى بىلەن قورسىقى ئىچىپ بېشىنى غارالدىن چىقىرىۋالغان قارا ئېشەك ھويلىنى بىر ئېلىپ ھاڭرىدى. ئېغىلنىڭ بۇلۇڭىدا كۆشەپ يېتىشقان قوي-قوزىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يەيدىغان بىرنەرسە بارمىكىن دېگەندەك تۇمشۇقلىرىنى ئوقۇرغا تىقىشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئوسمان ئۆيدە بالىسىنى جىملەپ ئولتۇرغان ئايالىغا ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

— كالىدەك يېتىۋەرمەي ئورنۇڭلىدىن تۇرساڭلىچۇ، بۈگۈن جىقراق ئوت ئالمىساڭلا ماۋۇ ئەبگالار كېچىچە ۋارقىراپ بىزنى ئۇخلاتمايدۇ.

ئايال ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئۇيقۇسىغا قانالماي كۆزلىرىنى توختىماي ئۇۋۇلاپ تۇرغان يالىڭاچ بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ، قىغ، چىلە پۇراپ تۇرغان ھويلىسىدىكى كىچىككىنە سۇپىدا بالىنى تەرەت قىلدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن چاتىرىقىغا قىسىپ تۇتۇپ ئولتۇردى. بالا تەرەت قىلىپ بولۇپ بىزەڭ چىۋىنلاردىن ئىچى پۇشۇپ بۇدرۇق بارماقلىرى بىلەن شالتاق بېسىپ كەتكەن يۈز-كۆزلىرىنى سىلاپ يىغلىغاندىلا ئانا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ شۇ ئەسنادا ئۆينىڭ كەينىدە مېكىياننىڭ توختىماي قاقاقلىغانلىقىنى ئاڭلاپ بالىنى يىغلىغىنىغا قارىماي يەرگە قويدى-دە، ئالدىراش مېڭىپ ئۇۋىلىقتىن توخۇلار ھېلىلا قۇيغان، تېخى ئىسسىقى كەتمىگەن تۇخۇمنى ئېلىپ چىقىپ ئۆيگە ئەكىرىۋەتكەندىن كېيىن، بىر قولىدا بالىنى يەنە بىر قولىدا خەسىدە تىكىلگەن چوڭ چۆپ تاغىرىنى ئېلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆيى بىلەن قوشنا ئۆي ئارىلىقىدىكى كىچىك ئېرىقنى بويلاپ تېخى نەملىكى يوقالمىغان ئېتىزلىقتا ئوت ئېلىشقا يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇسمانىمۇ ئاللىقاچان ئۆيىدىن ئۇزاقلاپ كەتكەن ئىشخانىسىغا يېقىنلاپ قالغانىدى.

ئۇ ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتلىك يولدا ئۆزى تېرىپ تەييارلىغان ئاچچىق تاماكىسىنى شوراپ خىيال سۈرگىنىچە كېتىپ باراتتى. ئۇسمان بۈگۈن ئايالىنىڭ قوشۇلمىغىنىغا قارىماي كەنت مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلاردىن توغۇت كۆرسەتكۈچىدىن بىرنى تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە كەلگەنىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئانىسىنىڭ «بىر بىلەنلا بولدى .قىلامسەن لايغەزەل، بالا دېگەن ئېقىن سۇ، ئۇ سېنىڭ ئائىلەڭنى مەڭگۈ كۆكەرتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ بۇ كەنتتە توغۇت كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىشنىڭ ئانچە ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ھەر قېتىم يۇقىرىدىن توغۇت كۆرسەتكۈچى چۈشكەندە تالىشىدىغانلار كۆپ بولاتتى. بۇنداق چاغدا بەزىلەر باشلىقلارغا ئانچە-مۇنچە بىرنەرسە سۇڭگىتىپ كۆرسەتكۈچ-كە ئىگە بولاتتى. قانۇنلۇق ھالدا كۆرسەتكۈچكە ئېرىشەلمىگەنلەر قورساق كۆتۈرگەن ئاياللىرىنى يىراقتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، شۇ يەردە يەڭگىگەندىن كېيىن بالىنى يوشۇرۇن بېقىپ چوڭ قىلاتتى. بۇ خىل ئەھۋال قوشنا كەنتلەردىمۇ بار ئىدى. ئۇسمان كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆڭلىگە كەلگەننى دەۋېرىدىغان، چۈس مىجەز ئادەم بولسىمۇ بۇ قېتىم كەنت باشلىقى بىلەن ئەدەپ-يوسۇنلۇق ھالدا چىرايلىق سۆزلىشىپ، كۆڭلىدىكى ئىشنى ھەل قىلىۋېلىشنى نىيەت قىلدى. ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا كەنت بوغالتىرىدىن توغۇت كۆرسەت-كۈچتىن ئىككىنى «يېزىغا ئىقتىساد قىلدۇق» دەپ قايتۇرۇۋەتمەكچى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ كەنت تەشكىلى ئالدىدىكى سالاسۇندا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ ئولتۇرغان كامال مۇدىرغا قول ئۇزاتتى. مۇدىر گويا ئۇسماننىڭ قولىدىن بىرەر پاسكىنا نەرسە يۇقۇپ قالىدىغاندەك قولىنى تەستە چىقىرىپ ئۇنىڭ قاداقلىشىپ كەتكەن ئالقانلىرىغا بارماقلىرىنى شۇنداقلا تەگكۈزۈپ قويدى. خالاس. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇسمانغا تىكىلىپ قاراشلىرىدىن بىر خىل ياراتماسلىق، خۇش ياقماسلىق چىقىپ تۇراتتى.

— ھە، كەپسىلە، نېمە ئىشتى؟ — دېدى كامال مۇدىر باشلىقلارنىڭ ئالدىدا چىرىگە سۈنئىي ھالدا كۈلكە يۈگۈرتۈپ. قارىغاندا ئۇنىڭ ئۇسمانغا نىسبەتەن تېخىچە ئاچچىقى يانمىغاندەك قىلاتتى. كۆز تېرىش نەق مەيدان يىغىنىدىكى ئىش ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. كامال شۇ كۈنى «ئۇسمان مېنى ھاكىمغا چاقتى» دەپ جەزملىگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ «خەپ، ئېپى تېپىلسا بۇ بوينى يوغان ھارامزادە-نىڭ ئەدىبىنى كىلىشتۈرۈپ بىر بەرمىسەم» دەپ پۇرسىتىنى ئىزلەپ يۈرەتتى.

كامال مۇدىرنىڭ پەيلىنى ئاللىقاچان چاغلاپ بولغان ئۇسمان گەپ-سۆز قىلمايلا قولىدىكى بىر ۋاراق ئىلتىماسنى ئۇنىڭغا سىپايىلىق بىلەن سۇندى.

مۇدىر خەتنى ئېلىپ ئالدىراش كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئۇدۇلىدا پەستە ئولتۇر-غان بوغالتىرغا «كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەن» دېگەن مەنىدە ئوبدانلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇسمانغا ئىلتىماسنى ياندۇرۇپ تەڭلىگەچ دېدى:

— بۇ قېتىم چۈشكەن كۆرسەتكۈچ تۈگىدى. كېيىنچە بىر گەپ بولار. ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭلا.

مۇدىرنىڭ يېنىدا ۋە پەستە ئولتۇرغان كەنت ۋە مەھەللە كادىرلىرى كامالنىڭ قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىگىنىدىن ھەيران بولۇشۇپ، بىر-بىرىگە يوشۇرۇنچە مەنىلىك قاراشتى. چەتتىرەك ئولتۇرغان بوغالتىر مۇشۇ نەق مەيداندا بىرەر ئېغىز ھەق گەپ قىلالماي ئىلاجسىز ئولتۇرغانلىقىغا ۋىجدان ئازابى تارتقاندەك تەڭلىكتە يەرگە قارىۋالدى.

— بالىمىز بۇ يىل بەش ياشقا كىردى. كۆرسەتكۈچ ئالىدىغان ۋاقتىمىزمۇ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ئۇسمان مۇدىرغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— كىم تىلىسە بېرىۋېرىدىغان كەنت بېغىنىڭ ئالمىسى ئەمەس ئۇ كۆرسەتكۈچ

دېگەن. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بويىچە ئىش قىلىدىغان گەپ، — كامال مۇدىر قولىدىكى ئىلتىماسنى ئۇنىڭغا زەرب بىلەن ئېتىپ ۋارقىرىدى، — كۆرسەتكۈچ يوق دېدىممۇ يوق. نېمانداق كونا قەرزنى سۈيلىگەندەك كىشىنىڭ كۆزىگە كىرىشۋالىدىغاندۇ بۇ خەق.

بۇ قوپال سۆزلەر غورۇرىغا تەگكەن ئوسمان يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا سىلىقلىق بىلەن دېدى:

— سىلىدىن ئاش-نان سوراپ كەلگىنىم يوق. ھۆكۈمەت پىلانلاپ چۈشۈرگەن، ئۆزىمىزگە تېگىشلىك بولغان نەرسىنى دەۋاتىمەن شۇ. ئاڭلىساق كەنتكە چۈشكەن كۆرسەتكۈچتىن بىر-ئىككىنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولۇشۇپلا. شۇنچە قىسىنىپ بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋەتكىچە بىزگە بەرسىلە سىلىنى بىرەكىم تەنقىدلەرمىدى؟

— ھەي، كەنتتە سەن ئارىلاشمىغان زادى قايسى ئىش قالدى؟ كىشىلەر سېنى بىكارغا ئوسمان غەلۋە دېمەپتىكەن. بىلىپ قوي، ساڭا بېرەمدىمىز-بەرمەمدىمىز، ئىقتىساد قىلامدىمىز-قىلمامدىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى. يۇقىرىنىڭ ئىقتىساد قىلىش ھەققىدە يوليورۇقى بار.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى ئوسمان تەئەددى بىلەن سۆزلەۋاتقان كامال مۇدىرنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا ئۈنلۈك ئاۋازدا، — يۇقىرىنىڭ سىياسىتىنى بىزمۇ بىلىمىز. «خىراجەتنى، يېمەك-ئىچمەكنى، ماتېرىيالنى ئىقتىساد قىلىڭ» دېگەن شوئار بار. ھېچكىم پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنى ئىقتىساد قىلىپ قايتۇرۇۋېتىڭ دېگىنى يوق. بۇ چاغقىچە ھەرقايسىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە كەملىگەن تۇرۇقلۇق يۇقىرىنى ئالداپ «ئاشلىق ئاشتى، پاختا ئاشتى، ئۇ ئاشتى... بۇ ئاشتى» دەپ تاپقان شەرەپلىرىمۇ يېتەر. ماڭا ئاشۇ كۆرسەتكۈچتىن بىرنى بېرىشسىلە.

ئوسماننىڭ زەھەردەك ئاچچىق بۇ سۆزلىرىدىن سەۋر-پەيمانى توشقان كامال مۇدىر كىشىلەرنىڭ كۆزىچىلا ئۆزىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئۆكتە قوپۇۋاتقان بۇ ئادەمگە قولىنى شىلتىغىنىچە ئېتىلىۋىدى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنى توسۇۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

«قوپاللاشماي چىرايلىقچە سۆزلەشسەك بولىدىغۇ» دەپ ئارىغا چۈشتى مۇئاۋىن مۇدىر ھەبىبۇللا، — بىرىمىز رەھبەر، بىرىمىز پۇقرا، سەت تۇرىدۇ.

— شۇنداق، سەت بولىدۇ... — تەكرارلاشتى كۆڭلىدە ئوسمانغا ھېسداشلىق قىلىسمۇ، لېكىن مۇدىردىن قورقۇپ ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئارىلىقىدا تەمتىرەپ ئولتۇرۇشقان بوغالتىر ۋە مەھەللە باشلىقلىرى.

ياندىكىلەرنىڭ جىملەشلىرىدىن بىردەمگىنە پەسكويغا چۈشكەن كامال مۇدىر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنىڭ ھامان باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇش، غالىب كېلىش تۇيغۇسىنى يېڭىباشتىن ھېس قىلىپ يەنە ئەدەپ قالدى.

— سەن ئوسمان، ھەممىشە مەن كۆپ ئوقۇغان دەپ تەشكىلنى كۆزگە ئىلمايسەن. ئىگىسىگە يانغان ئىتتەك يۈزسىزلىك قىلىپ ئىشلىرىمىزدىن چاتاق چىقىرىسەن. بىلىپ قوي، سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ ئەسلى يىللىقچى، بەش كېپەللىك ئائىلە ئىدى. قۇتقۇزۇش ئاشلىقى يەيتتى. ئەمدى ھال-كۈنۈڭ ياخشىلىنىپلا ئۆتمۈشۈڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ...

— سىلىنىڭچە ئاتا-ئانام يىللىقچىدى، قۇتقۇزۇش ئاشلىقى يەيتتى... دەپ مۇشۇ كۈنۈمگە شۈكرى قىلسام بولاتتىمۇ؟ بىرەرسى ئۆزى بىلگەنچە بۇرنىمىزدىن چۆلۈك ئۆتكۈزۈپ نەگە يېتىلىسە شۇ يەرگە ماڭسام بولاتتىمۇ؟ — قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ئوسمان بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ سۆزلەيتتى. مۇدىرغا گەپتە يول قويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەمدى مۇدىرنى سىزلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ھە دېسە «كۈنۈڭ بۇرۇن ناچار ئىدى، ئەمدى ياخشىلاندى» دەپ پېشانىمىزگە تاقايسىز. توغرا، كۈنىمىز ياخشىلاندى. چۈنكى بىزمۇ كۈچەپ ئىشلىدۇق. كېچىنى كېچە دېمەي، ئىسسىق-سوغۇققا قارىماي، نەگە باشلىسا شۇ يەرگە چاپتۇق. لېكىن تۆككەن تەر، قىلغان

ئەجرىمىز بىزگە قانچىلىك نىسۋە بەردى؟ بۇنى سىز ئوبدان بىلىسىز. سۇنىڭ باش بۇرنى، يەرنىڭ ياخشىسى سىزنىڭ جەمەتىڭىزنىڭ، يەرلىرىڭىز قولىڭىز كەتمەن سىپىنى كۆرمەي تېرىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۆزىڭىزدىن مىننەتدار قىلىسىز؟ سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ، تۇرمۇشى ياخشىلانغانلار بىزلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندە باشقىلارمۇ جىم ياتمىدى. گېزىتتىن، تېلېۋىزوردىن كۆرگەنسىز. ھازىر ئەرەبلەرنىڭ چۆلدىكى تۈگىلىرىمۇ ئاسفالت يوللاردا ماڭىدىكەن. گۋىنېيىدىكى يالىڭاچ يۈرىدىغان پاپۇئاسلارمۇ كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، ياپونلارنىڭ ئالىي ماشىنىلىرىنى ھەيدىشىپ يۈرۈشۈپتۇ.

ئوسمان سۆزدىن بىردەمگىنە توختاپ، باشقىلارنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ جىم تۇردى. مۇدىر يەردە زوڭ ئولتۇرغىنىچە تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ كۆز ئالدىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى. خېلىغىچە مۇدىردىن ياكى باشقىلاردىن بىرەر سادا چىقمىغاندىن كېيىن ئوسمان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بولدى، تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنىمۇ تەلەپ قىلمىغان بولاي. لېكىن سىلەر بىزنى — سىلەرنى باشلىق قىلىپ سايلىغان، سىلەرگە ئىشەنگەن، ئاشۇ دېھقانلارنىمۇ ئويلاپ قويۇڭلار.

ئوسمان شۇلارنى دېدى-دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا كەلگەن يولى بىلەن تېز-تېز مېڭىپ سۆگەتلىك يولدا غايىب بولدى. ئۇ كەنت مۇدىرى بىلەن تۇغۇت كۆرسەتكۈچى توغرىسىدا جېدەللىشىپ قالغاندىن بۇيانقى كۈنلىرىنى چۈشىنى يەۋالغاندەك كۆڭلى غەشلىكتە ئۆتكۈزدى. ئۇ توختىماي تاماكا چېكەتتى. ھۆددە يەردىكى بۇغدايلار پىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ قولىنى ھېچ ئەگرى قىلاي دېمىدى. ھېچ بولمىغاندا خامانلىق يەرمۇ تەييارلاپ قويمىدى. تاپ ئارىلىرىغا تىرىغان قوناقلارنىڭ يەرۋىشىنىمۇ تۈزۈكرەك ئىشلىمىدى. كۈنلەپ چىقىپ تۇرىدىغان پارچە-پۇرات ئىشلارغا، ئېغىلدىكى ماللارنى بېقىشقا ئاشۇ خۇدا قولى ئايالى بالىسىنى دومبىسىگە تېڭىپ قويۇپ پالاقشىدى. ئوسمان شۇنداق بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىردە ئۇنى كەنتتىن چاقىرىپ ئادەم كەلدى. ئۇ ئالدىراش مېڭىپ ئالاقچى بىلەن كەنت ئىشخانىسىغا كىرگەندە، پوزۇر كىيىنگەن، قويۇق قارا چاچلىق، چىرايى ئاقسېرىق، قولىدا قارا خۇرۇم سومكا تۇتۇۋالغان يوچۇن كىشى كامال مۇدىر بىلەن دوستلارچە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئوسماننىڭ كىرىشى بىلەن كامال مۇدىر چىرايىغا خۇددى دادىسىنىڭ قۇچىقىدا گىدىيىپ ئولتۇرغان كىچىك بالىدەك مەغرۇرلۇق، غالىبلىق تۈسى بېرىپ، مېھمانغا تاماكا سۇندى.

— ئوسمان دېگەن سىز بولامسىز؟ — دېدى يوچۇن كىشى سومكىسىدىن خاتىرە-قەلەملىرىنى ئېلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا، شىرەنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئوسمانغا لىپپىدە قاراپ قويۇپ.

— شۇنداق، — ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىز ئۆتكەندە قاھار ھاكىمغا ئەھۋال ئېيتقانمۇ؟

— شۇنداق، كەنتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى دەي دېگەنىدىم.

— مەن ئۇنىڭ كاتىپى بولىمەن. سىز نېمە دېمەكچى ئىدىڭىز؟ ئالدىن دەپ قوياي، مەن تۈنۈگۈندىن بېرى جاي كەنتنىڭ ئەھۋالىنى يېزىدىنمۇ ئاڭلىدىم. بۇ يەرگە كەلسەم كەنت مۇدىرى دوكلات قىلدى. كادىرلار ياخشى ئىشلەۋېتىپتۇ. يازلىق ھوسۇلدىن ئۈمىد چوڭكەن. سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنىمۇ ئۇقۇشتۇم. قارىغاندا بىرئاز ئىنتىزامسىز ئىكەنسىز. ئۇقۇغانمەن دەپ ئاڭلىق مۇتىھەم بولۇۋاپسىز. ئۇلار سىزنى خىزمەت قىلىشىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولدى دېيىشىۋاتىدۇ. بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس. قېنى سىز نېمە دېمەكچى ئىدىڭىز؟ تېز-تېز سۆزلەڭ. مېنىڭ ۋاقتىم قىس، — كاتىپ دەيدىغاننى دەپ بولۇپ، تېخىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان ئوسمانغا سۆز قىلىشقا پۇرسەت بەردى.

— سىلىگە دېيەلمىگۈدەكمەن.

— نېمىشقا؟

— يېزىدىن، ئۇلاردىن ئاڭلاپلىغۇ، — ئوسمان ئىشارە بىلەن مۇدىرنى كۆرسەتتى.

— ئىككىلا تەرەپتىن ئاڭلىمىساق بولمايدۇ-دە.

— شۇنداقتىمۇ گەپ-سۆزنىڭ راست-يالغاننى ئايرىش مۇھىم.

— ئەمىسە سىزمۇ دەپ بېقىڭ قېنى.

— سىلىگە دېيىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك قىلىدۇ.

— بۇ قانداق گەپ، مەن ھاكىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە سىز بىلەن سۆزلەشكىلى كەلگەن تۇرسام.

— ئۇنداق بولسا ئىككىمىزلا سۆزلىشەيلى.

ئوسماننىڭ چىرايىدىكى قەتئىيەتنى، سۆزلىرىدىكى مەنتىقى ئىقتىدارنى ئوبدانلا ھېس قىلغان كاتىپ نائىلاجلىقتا مۇدىرنىڭ چىرايىغا قانداق قىلىمىز دېگەندەك مەنىدە قارىدى. لېكىن مۇدىر مىدىر-سىدىر قىلماي ئورنىدا مەھكەم ئولتۇراتتى. كاتىپمۇ ئۇنىڭغا چىقىپ كېتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرەلمەي ئەكسىچە ئوسمانغا:

— مۇدىر بۇ يەرنىڭ رەھبىرى. ئۇ سۆزدىگىزنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىسۇن. مەسىلىنى ھەل قىلىدىغانلارمۇ مۇشۇلار بولغاندىكىن دەيدىغانلىرىڭىزنى دەۋېرىڭ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭمۇ دەيدىغان گېپىم يوق. سىلەر ھەمىشە شۇنداق قىلىسىلەر. ئارىمىزدىن مەركەزگىچە ئەرز قىلىپ بارغانلار بار. يۇقىرىدىن تەكشۈرگۈچىلەر دېسە ئۇدۇل يېزىغا، كەنتكە «بۇ نېمە ئىش» دەپ كېلىسىلەر. ئۇلار شۇ كۈنى كېچىسى زىياپەت تەييارلاپ، مەشرەپ قىلىپ سىلەرنى ئوبدانلا كۈتۈۋالىدۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق خىزمەتلىرىنى، دېھقانلارنى قانداق قىلىپ بېيىش يولىغا باشلىغانلىقى، زىرائەتنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى قانداق ئاشۇرغانلىقى ھەققىدە بىرمۇنچە يالغان سانلار بىلەن سىلەرگە ۋەز ئېيتىدۇ. «ئېغىز يېسە تىل ئۇيۇتار» دېگەندەك داستىخاندا دېيىلگەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماسلىققا، ئۇلار سىزغان سىزىقتىن چىقىشقا ئامالىڭلار يوق. تەكشۈرۈپ، سىياسەتكە خىلاپ بىرەر ئىشنى بايقىساڭلارمۇ كېلىڭلار پوق بولغاندىكىن لىللا تۇرۇپ بىرەر ھەق گەپ قىلالمايسىلەر. بەلكىم سىز ئۇنداق قىلمىغانسىز... ئوسمان سۆز قىلىۋېتىپ كاتىپنىڭ ۋىلىلدە قىزارغان چىرايىنى كۆرۈپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — راستىنى ئېيتسام سىلەرنىڭ دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈڭلار يوق. بۇ يەرگە باشلىقىڭلار «بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشۇپ كەل» دېگىنى ئۈچۈنلا كېلىسىلەر. «بۇ دېھقانلار ئالتە ئاي ياز بويى ئىشلەپ قانچىلىك ھوسۇل ئالدى؟ قانچىلىك يەر تېرىدى؟ يەر بېجى، سۇ ھەققى، ئۇ ھەققى، بۇ ھەققى دېگەنلەردىن باشقا ئۆزىگە قانچىلىك قالدى؟ كۈنى قانداقراق ئۆتۈۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىڭلارغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايسىلەر! بوسۇغۇڭلاردىن ئاتلاپلا پېزىدىكى بىرەر باينىڭ ئۆيىدە ئوينايدىغان مەشرەپ تانسىسى، كاۋاپ بىلەن شارابنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرىسىلەر. سىلەر دېھقانلارنىڭ پىلە، پاختا ۋەزىپىسىنى پىلانغا يەتكۈزەلمەي قوتانلىرىدىكى قوي-كالىلىرىنى، ئۆي بىساتلىرىنى سېتىپ ئەتراپتىن تالون سېتىۋېلىپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلەمسىلەر زادى؟ بەزىلەرنىڭ كۆز كەلمەستىنلا قىشلىق تەمىناتى تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ئوسمان شۇلارنى دەۋېتىپ خۇددى قوقاستا ئولتۇرغاندەك ئازابلىنىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرغان مۇدىرغا ئاڭلىتىپ شۇنداق دېدى:

— بۇنى ماۋۇ مۇدىر ياخشى بىلىدۇ. لېكىن سىلەرگە راست گەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە، بوغالتىرنىڭ دەپتىرىدە، سىلەرگە يوللانغان دوكلاتتا مەھسۇلات ھەمىشە ئاشقىنى ئاشقان. بۇنىڭ سىرىنى سىلەر زادى ئاچالمايسىلەر. سىرىنى ئاچارمەن بولساڭلار يېزىدا، كەنتتە توختىماي تىك ئۇچارغا چۈشۈپ ئۇدۇللا دېھقانلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا چۈشۈڭلار، ئۇلارنىڭ چامغۇر سالغان سۇيۇقئېشى بىلەن ئۇمىچىنى ئىچىپ تۇرۇپ دەردىنى ئاڭلاڭلار. خەير-خوش، مەن كەتتىم، — ئوسمان كاتىپنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئىشخانىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. كاتىپ ئورنىدا بېشى ئاغرىغان كىشىدەك ئىككى چېكىسىنى تۇتقىنىچە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ، تېنىگە ھارغىنلىق يەتكەندەك بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇدىر ئۇزاتقان چايغىمۇ، تۇتقان تاماكىغىمۇ خۇشى تۇتماي ئوسماننىڭ سۆزلىرىنى يىغىپ باشتىن ئەسلىمەكتە ئىدى.

# ئىككى شېئىر

**مەئىلىك كېرەم (ياۋا)**

## ئىلاھە

قەلبىم قەسرى تۆرىدىن ئورۇن ئالدىك مۇقەددەس،
رەزىللىك يوق يۈرەكتە، مۇھەببىتىم چېچەكلار.
ئاتا قىلدىڭ ئىلاھە ماڭا غايەت زور قۇدرەت،
پاك روھىمنىڭ ئىشكى ساڭا مەڭگۈ ئېچىقلار.

## ... ... غا

سەن دۇنيانىڭ مەركىزى شەكسىز،
مەن تىنىمسىز ھايات ئېقىمى.
سەن خۇشاللىق تۇپرىقى چەكسىز،
مەن گىياھنىڭ بۈيۈك چېقىنى.
سەن تاشقىنلار ئەۋجى دولقۇنلۇق،
مەن دولقۇندىن ماكان تۇتقۇچى.
سەن سەجدىگاھ چوڭقۇر، يالقۇنلۇق،
مەن شارابمەن كۆڭۈل ئۇتقۇچى.
سەن يورىغان تاڭنىڭ دېرىكى،
مەن تەبىئەت تەلپۈنگەن ساڭا.
سەن ھۇزۇرلۇق سۆيگۈ بۆشۈكى،
مەن بوۋاقمەن تاشلانغان ئاڭا.

## چۆككەن كېمە

**ئابدۇخېلىل ئابدۇشۈكۈر**

سوغۇق ھەم ۋەھىملىك زۇمرەت كەڭ دېڭىز،
تارتىدۇ قوينىغا ئۆلۈم سايىسى.
تۇرسامۇ ئۈمىدتىن مەڭگۈلۈك جۇدا،
قارىچۇقتا سىڭمەكتە قىرغاق جىلۋىسى.
كۆكتىكى ئايرىلماس بىر جۈپ تۇرنىغا،
قارىدىم ھەسرەتتە ئۇزاق تېكىرقاپ.
تىلىدىم خۇدادىن گۈزەل بىر تىلەك،
قاچمىسۇن ئۇلاردىن بەخت يېتىرقاپ.

## كېمىكش

**نۇرئامىنەم ئەھەت**

ئالقىنىمدىن كۆرۈپ تۇردۇم مەن سېنى،
بارلىقىمنى قوشۇۋەتتىم ھەم ئاڭا.
لال بولىمەن سەزگۈلىرىم بولۇپ مات،
ئېغىر دەردكە قىلسا ئەگەر مۇپتىلا.
مەۋجۇتلىقىم ئۇلۇغلىنار يوقلۇقتا،
يۈرىكىمدە جاراھەتلىك ئىشتىياق.
كېلىپ قالساڭ تاسادىپىي ئېزىقىپ،
نۇر ئەۋجىدە پاكلىنارمۇ يا پىراق.

ئامەت كۈتۈپ ھالاكەتكە سېغىنىپ،
مۇھتاجلىقنىڭ كۆركىدە مەن يانىمەن،
ئېيتاي دەيمەن تۆت يىل بۇرۇن قانداقتىڭ؟

نەم يۈرىكىم بىھوش، بەكلا چانىمەن.
ئەلەم بىلەن سېغىندۇرار خىيال، چۈش،
مۇقەددەستۇر بولسىمۇ گەر كېچىكىش.

# ئىككى شېئىر

قەيسەر تۇرسۇن

## ئوت كېتىش

مەن چوقۇم قايتىدىن كۆيۈپ كېتىمەن،
كۆز يېشىم ئوت ئېلىپ تۇرۇپتۇ مانا.
يالقۇندەك ئوت يانغان كۆزلىرى بىلەن،
بىر جەسەت يۈگۈرەر قومۇشلۇق ئارا.

ئۆيۈشقان پۇت-قولۇم ئاقماقتا يەنە،
ماغدۇرسىز يوللارغا قار-يامغۇر بولۇپ.

بۇ قەلبىم بىر چەكسىز دەريا بولسىمۇ،
ئۆلۈمنىڭ رەڭگىدە كەتمەكتە قۇرۇپ.

ھۆكۈمران پىسخىكا ئاملى بىلەن،
ئۇن-تىنسىز يول ئالدىم كېچىگە يەنە.
تېپتىنچ، جىمجىت سوغ يالتىراپ تۇرار،
مەن ئۇچۇن خىيالغا بېرىلگەن كېچە.

## كۆز يېشى

مەن كۆڭلۈمنى ئاياپ شۇ قەدەر،
يىغلامسىراپ چىقتىم بۇ كېچە.
ھەممە ماڭا كېرەك بولسىمۇ،
مەنلا كېرەك ئەمەس ھېچكىمگە.

ھەممە جىمجىت، سۇلغۇندۇر شۇ تاپ،
تەڭرى ئۆلۈپ قالغاندەك گويا.

قەبرىستانلىق، ئىنسان، مۇھەببەت،
لەيلەپ يۈرەر كۆز ياشلار ئارا.

كۆز ياشلارنىڭ چوڭقۇرلىقىدا،
ئەسلەپ تۇرۇش مۇمكىن ھەممىنى.
بۇ بىر قۇرغاق شەھەر بولسىمۇ،
سەلدەك ئېقىپ تۇرار كۆز يېشى.

# ئىككى شېئىر

ئەخەت كەلپىن ئىنسانى

## يالىڭاچ تـن، يالىڭاچ جاھان

بوياپ چىقتىم بارچە شەيئىنى
تېنىمگىلا ئوخشاش بىر رەڭدە.
بارچە شەيئى ئايلاندى ئاخىر،
پەقەت مېنىڭ ئوماق تېنىمگە.

مەن ھەممىگە بولدۇم ھوقۇقلۇق،
ۋە يېڭىدىن قويۇپ چىقتىم نام.
پۈتتى ئاخىر ئوماق تېنىمدىن،
قىپيالىڭاچ گۈزەل بىر جاھان!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### ئەگەر...

زېھىن قويۇپ تەڭرىنى سىزسام،
ئوخشاپ قالدى ئۆزۈمگە ئەينەن.
شۇئان سىزسام ئۆزۈمنى، ئەمما
ئوخشىمىدىم سىزغىنىمغا مەن!

پۈتۈپ چىققان ئاشۇ رەسىمنى
تەڭرىمىكىن دەپ قالدى كۆزۈم.
ئەگەر راستلا تەڭرى بولسا ئۇ،
تەڭرى دېگەن ئەمەسمۇ ئۆزۈم؟!...

## ئىككى شېئىر

مۇھەممەتياسىن ئوسمان

### ئارمانلار ئۈپۈقتا چاقىرسا مېنى

ئارمانلار ئۈپۈقتا چاقىرسا مېنى،
يىراقتىن سەن ماڭا تۇراتتىڭ قاراپ.
كەچۈرگىن سۆزلەيمەن كۆڭلۈمنى ئەينەن،
سۆيۈش ۋە سۆيۈلىش ھەممىسى ئازاب.

تۇرغۇم بار شۇ تاپتا كەينىمنى قىلىپ،
رەنجىسەڭ رەنجىگىن بۇ كۈن، تاڭ سەھەر،
كەچمەكچى ھەممىدىن بىراقلا جىمجىت،
لەززەتنى تەڭلىسەڭ ئالمايمەن ئەگەر...

نېمىشقا زېرىكمەي سەندىن — قىزلاردىن،
تەكرارلىق جېنىمنى ئالدۇ ھامان.
ئېسەدەپ تۇرۇۋشۇڭ ئۆمىد شامىمنى،
ئۆچۈرمەك بولىدۇ، قويماستىن ئامان.

مىجىقلاپ تۇرىمەن بەختىڭنى شۇ تاپ،
بەرگىم يوق ئازراقمۇ شادلىقنى ساڭا.
ئۆتسۇن ۋە ئۆتمىسۇن سەندىن سەۋەنلىك،
كېچىمەن، يول ئالغاچ قاراپ ئۈپۈققا.

### رەنجىش

رەنجىشلەر ئەۋجىدە ياتقان ئەي دۇنيا،
ئوخشىدىڭ زۇلمەتلىك قەلبىمگە بۈگۈن.
ساقلىدىڭ قانچىلىك ئازابنى ماڭا،

ئارىدا يېشىلمەس بىر چەكسىز تۈگۈن:
ئاق كۆڭۈل، تۈزلۈكۈم سۆيگۈ گۈلىنى
تەڭلىسە، پايخان قىپ دەسسەيسەن نېچۈن؟!

### مەڭگۈلۈك بىر كۈي

مۇھەممەتتۇرسۇن ھامۇت

ئاڭلايمەن سارغايغان ياپراق بەرگىدىن
ئۆزۈمگە ئەڭ يېقىن دەردلىك بىر كۈينى.
ئۇ پىنھان بولسىمۇ، دېڭىزدەك چوڭقۇر
دولقۇنلۇق قەلبىمدىن ئىزدەيمەن شۇنى.

يادلايمەن شۇ كۈينى، ئۇنتۇش ماڭا يات
سۆيىمەن مەڭگۈلۈك گۈزەل بىر قوشنى.

كۈيلەيمەن ناخشامدا ئورمانزارلىقنى
تەبىئەت ھۆسنىدە جىمجىت كېچىنى...

كەلگەندەك تۈيۈلار پىچىرلاشلىرىم
ئۆزۈمدىن يىراق بىر جىگدىزارلىقتىن.
بوشلۇقتا چېچىلغان مەرۋايىت يېشىم،
تۆكۈلەر شەبنەمدەك ياپراق بەرگىدىن.

ئاڭلايمەن سېنىڭدىن مۇڭلۇق بىر كۈيىنى
پېچىرلاپ تۇرغاندەك يېقىنلا يەردىن.
شۇ تونۇش جىگدىزار، تونۇش چىغىر يول...
كۈي تۆكەر زېمىنگە ئىككى يۈرەكتىن.

# ئىككى شېئىر

**ئابدۇكېرىم ئەبەي**

## تۇرىمەن يىگانە ئۆزۈمگە قاراپ

تۇرىمەن يىگانە ئۆزۈمگە قاراپ،
مەسخىرىلىك بىر كۈلكە جاراڭلار بۇندا.
ئالدىمدا پايانسىز دالا ھەسرىتى،
بۇ مىسكىن دىلىمنى قىلماقتا يارا.

يىراقتىن تەبەسسۇم قىلسەن ئىللىق،
ۋە لېكىن تۇيۇلار ئۇ ماڭا سوغۇق.
يۇتتۇردۇم ھەممىنى ئېرىشمەك ئۈچۈن،
ئىشەندىم شۇندىلا ئۆزۈمگە تولۇق.

شادلىقنىڭ بىپايان ئۆتەڭلىرىدە،
يۈرىمەن ئازابنى مەھكەم قۇچاقلاپ.
بەختنىڭ شەكىلسىز يۇمران جىلۋىسى،
ئۆتمەكتە يېنىمدىن ئاستا شىۋىرلاپ.

## شەكىل جىلۋىسى

شەكلىمنى ئۆزگەرتتىم تالاي قېتىملاپ،
يوقالدى ئاقىۋەت مېنىڭ بۇ شەكلىم.
قاياققا كەتتىكىن بىلەلمىدىم ھېچ،
زېرىكىپ يىراققا كەتكەندۇر بەلكىم.
شەكلىمنى تاپالماي يۈرىمەن ھەر كۈن،
پايانسىز ئويلارغا بولۇپ بىر مەلەك.
قەلبىمدە رەڭگارەڭ شەكىل جىلۋىسى،
شەكىللەر ئۆزىنى قىلىدۇ كۆرەك.

# ئىككى شېئىر

**نۇسرەتگۈل ئالماس**

## كېچىدىكى قۇياش

گۈگۈم تونى يېپىلغان ئورمان،
ئاڭلىنىدۇ ئەسەبىي ھۇۋلاش.
شۇنچە ساددا مەغرۇر بىر تىلەك،
(كېچە ئارا خىيالىي قۇياش).
ئايسىز ئايدىڭ، ئېقىشچان يۇلتۇز،
تەبىئەتتە سۈرلۈك مەنزىرە.
چېلىقىدۇ غىل-پال ھەم تەنھا،
يىراقتىكى نامسىز كۆلەڭگە.

## ئىلتىجا

دېرىزەمنى قاقماڭلار زىنھار،
گۈگۈمدىكى قار چېچەكلىرى.
چىللىماڭلار سوغۇق شامالنى،
ئىشىكىمگە قىش بولۇتلىرى.
يۈرىكىمگە سالماڭلار نەزەر،
ئەگىپ يۈرگەن يۇلتۇز كۈيلىرى.
مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار تېزدىن،
خىلۋەت كوچا، تاغ ئورمانلىرى.
چاقىرماڭلار كەچلىك سەيلىگە،
جىمجىت كېچە، ئىللىق ئاي نۇرى.
ئۇخلىغىلى قويۇڭلار بىردەم،
شېرىن ئۆتمۈش، چۈش تۇمانلىرى...

www.uyghurkitap.com

# قىز، قوناقگۈلى ۋە سىم-سىم يامغۇر

(ئىزلەنمە ھېكايە)

ئەكبەر سالىھ

## 1

ئۇ ئۆلۈپ كەتتى.

سىرتتا سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

قىز كارىدوردا ئاڭلانغان قەدەم تىۋىشىغا چۆچۈپ قۇلاق سالدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئىشىك قىيا ئوچۇق. نىئون لامپا يېقىمسىز گىژىلداپ يېنىپ تۇراتتى. يامغۇرلۇق كېچىنىڭ دېرىزىدىن كىرىۋاتقان سوغۇق شامىلى دېرىزە پەردىسىنى سۇس يەلپۈتەتتى. قىزنىڭ يەلكىسىگە شارقىراتمىدەك يېيىلىپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى دەم-دەملەردە تۇزغۇپ قوياتتى. كارىدوردىكى ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. كارىدوردىكى بىرنەچچە ئىشىك تاراقلاپ كەتتى. قىزنىڭ ئەنسىزلىكى كۈچەيدى. ئۇ خېلىدىن بېرى دېرىزە ئالدىدا تەشتەكتىكى قوناقگۈلگە قاراپ ئولتۇراتتى. قوناقگۈلنىڭ ئۇزۇن يوپۇرمىقى تەشتەك ئاستىغا قايرىلىپ چۈشكەنىدى. ئۇ بۇ گۈلنى نېمە ئۈچۈنكىن تولىمۇ ياقتۇراتتى. قىز بۇ ئورۇنغا ئىشقا چۈشكەن چېغىدىن تارتىپلا قوناقگۈلى دېرىزە تەكچىسىدە تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئۇدۇل ئۈستەلدە ئولتۇرىدىغان ئالپتە تەرجىمان قىز ئىشخانىغا كىرگەن چاغدا يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىسسىقىنا كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالدى. ئۇ چاغدا قوناقگۈلى تېخى ئېچىلمىغانىدى.

قىز تەرجىمە قىلىنىشنى كۈتۈپ ئۈستەل ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ كەتكەن ماتېرىيال دۆۋىسىگە كىرىپلا كەتتى. ئۇ چارچىغان چاغلىرىدا تەشتەكنىڭ ئالدىغا كېلەتتى-دە، گۈل تۈپىنى يۇمشىتىپ، سۇ قۇياتتى. ئۇ قوناقگۈلنى ئېچىلدۇرۇش خىيالىغا كەلدى ھەم بۇ ئىشقا بەكلا مەپتۇن بولۇپ كەتتى. كەچلىرى ياتىقىدىن ئىشخانىسىغا چىقىۋېلىپ ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ پات-پات گۈلگە قاراپ قوياتتى. گۈلنىڭ ئۇزۇن يوپۇرماقلىرىنى سىلايتتى. گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىغا پەقەت ئاشۇ تەشتەكتىكى قوناقگۈللا ھەمراھ ئىدى. كارىدوردا قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ تاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قىز قورقۇپ كەتتى. ئىشىكنى تاقىۋېتىشنى ئويلىدى. بىراق ئۈلگۈرمەيتتى. قىز ئۈنلۈكرەك تىنىشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئۇ كەچلىرى ئىشخانىغا چىقىپ يالغۇز ئولتۇرۇشقا كۆنۈپ قالغانىدى. بۇنداق چاغلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا پەقەت ئۆزى بىلەن تەشتەكتىكى قوناقگۈللا ھاياتتەك، باشقا نەرسىلەر، ھەتتا ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئىشخانىنى ياتاق قىلىپ يېتىۋاتقان بىرەيلەننىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. قىز تەشتەكتىكى قوناقگۈلگە قاراپ ئولتۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەر ۋە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلايتتى. گاھىدا چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلسا، گاھىدا ئاچچىق ھەسرەت ئەكس ئېتەتتى. ئۇ قوناقگۈلگە نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلايتتى. خۇشاللىقىنىمۇ،

خاپىلىقنىمۇ ئېيتاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ ياتىقىدىن ئىشخانىغا چىقىپ شۇ ھالەتتە ئولتۇرۇۋاتقىنىغا خېلى بولغانىدى. ئۇ كارىدوردىكى ئاۋازنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ قاپلىدى. قىز ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ كارىدورغا قاراشقا تەمشىلىۋىدى، تۇيۇقسىز كارىدوردا ئەينەكنىڭ جاراڭلاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

## 2

ئۇ ئاشۇ كېچە ئۆلۈپ كەتتى.

يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. يامغۇر سۈيى دېرىزە ئەينەكلىرىدىن شورۇلداپ تۆۋەنگە ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. سوغۇقتىنمۇ ياكى قورقۇنچتىنمۇ، قىزنىڭ تېنى بىردىنلا قاتتىق شۈركىنىپ كەتتى ۋە شۇئان بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرىكى بىر يامغۇرلۇق كېچە يادىغا يەتتى. ئۇ كۈنى قىز يىگىتى بىلەن كىنودىن قايتىپ چىققاندا سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتكەنىدى. كىنودىن تارقاپ چىققانلار يامغۇردا پاتىپاراق بولۇپ ھېكەت تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. قىز بىلەن يىگىتمۇ چاپسان قەدەملەر بىلەن بېكەتكە قاراپ ماڭدى. ئاپتوبۇستا ئادەملەر قىستىلىپ كېتىشكەنىدى. ئاپتوبۇس قوزغالغاندا كىشىلەر بىر-بىرىگە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى-دە، قىز يىگىتكە مەھكەم چاپلىشىپ قالدى.

ئۇ يىگىت بىلەن يېقىندىلا تونۇشقانىدى. بۈگۈن ئىككىسى تۇنجى قېتىم بىرگە كىنو كۆردى. قىز يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ ئۇيالغىنىدىن يۈزى ئوت ئالغاندەك قىزىشىپ كەتتى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتكۈسى كەلدى. ئاپتوبۇس ھەر بىر تورمۇزلانغاندا ئۇ يىگىتكە تېخىمۇ بەكرەك چاپلىشىپ قالاتتى. تومۇر-تومۇرلىرىدا قانداقتۇر بىر خىل شېرىن تۇيغۇ تارقىلاتتى. ئۇ بۇ خىل تۇيغۇنى ئىلگىرى چۈشىدە بىرنەچچە قېتىم ھېس قىلغان، راھەتلەنگەنىدى. ئۇلار خېلىدىن كېيىن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدى. قىزنىڭ ياتىقىغا بارغۇچە بىرپەس پىيادە يۈرۈشكە توغرا كەلدى. قىز تېخىچىلا بايامقى خىجىللىقتىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. يامغۇر ھېلىھەم يېغىۋاتاتتى. ھاۋا خېلىلا سوغۇق، قىز يىگىت بىلەن ياندىشىپ مېڭىۋېتىپ ئۆزىنىڭ توڭۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. نېپىز، قىسقا يەڭ كۆڭلىكى قىزنىڭ يۇمشاق تېنىگە چاپلىشىپ، كىيىم كىيمىگەندەكلا بولۇپ قالغانىدى. يىگىت قىزغا نېمىلەرنىدۇر دېگەندەك قىلدى. قىزنىڭ تېنىگە سوغۇق ئېقىم تارىلىپ بەدىنى بىردىنلا شۈركەندى ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىلىكىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇنى كىيىۋېلىڭ، سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ، — يىگىت بوغما چاپىنىنى قىزنىڭ مۈرىسىگە يېپىپ قويماقچى بولدى.

— رەھمەت، توڭلىمىدىم، — قىز ھودۇقۇپ كېتىپ يىگىتنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.

— كىيىۋېلىڭ دېگەندىكىن كىيىۋېلىڭ، — يىگىت چاپىنىنى قىزغا يېپىپ قويدى. قىز ئۇنىڭ دېگىنىگە نائىلاج بويسۇندى. ئەمما يىگىتنىڭ توڭۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى. نەمدەلگەن كوچا چىرىغىنىڭ نۇرى ئۇلار كېتىۋاتقان پىيادىلەر يولىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. قىز كېتىۋېتىپ يىگىتكە يەر گىدىن قاراپ قويدى. ئۇ بايا ئاپتوبۇستا يىگىتنىڭ مۇشۇ ئۇستىخانلىق، تەمبەل تېنىگە يېقىلغان قوناق شېخىدەك چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلىغىنىدا ھەم خىجىل بولدى، ھەم كۆڭلىدە بىر خىل تاتلىق ئىستەكلەر كەچتى. ئۇلار قىزنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. قىز يىگىتنىڭ چاپىنىنى مۈرىسىدىن ئېلىپ قايتۇرۇپ بەردى.

— بولدى، كىيىپ كىرىپ كېتىۋېرىڭ، — دېدى يىگىت.

— رەھمەت، سىزمۇ توڭۇپ كەتتىڭىز.

يىگىت كۈلۈمسىرىگىنىچە قىز ئۇزاتقان چاپاننى قولىغا ئالدى.

كارىدوردا بىرنەرسىنىڭ چىرىسلاپ ئۇۋۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىقى ئاياغ تىۋىشى تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئۇ گويا بىرنەرسىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك قىلاتتى.

چوقۇم بىرەر ئوغرى ئىشىكنى بۇزۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى قىز ۋە ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدى.

3

ئۇ ئاشۇ كېچە يامان كىشىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتتى.

يامغۇر ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. قىزنىڭ كۆزى قوناقگۈلىگە قاراپ تالمىدى. كارىدوردىكى ئاياغ تىۋىشى تېخىچە يۈتمىگەندى. قىز ئاخىرى بېشىغا كەلگەننى كۆرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئىشخانىدا جانغا ئەسقاتقۇدەك بىرەر نەرسىنىڭ بار-يوقلۇقىغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۈستەلنىڭ يېنىغا قىزنىڭ كۆنلۈكى يۆلەپ قويۇلغانىدى. ئىشىك تۈۋىدىكى ياغاچ شادىلىق كىيىم ئاسقۇ ھەم قوپال، ھەم ئېغىر بولۇپ قوغدىنىشقا ئەپسىز ئىدى. تەشتەكنى ئوغرىنىڭ يۈزىگە ئېتىش، ئاندىن بار ئاۋازدا ۋارقىراپ، ئادەم چاقىرىشنى ئويلىدى. بىراق قوناقگۈلىگە قاراپ بۇ نىيىتىدىن يالتايدى. قىز گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋاتقىنىغا بىر يىل بولاي دېگەنىدى. ئۇ ئاخىرى كۆنلۈك بىلەن قوغدىنىشنى ئەڭ لايىق تاپتى. ئاياغ تىۋىشى يەنە باشلاندى. قىز كۆنلۈكنى قولىغا ئېلىشقا تەمشەلدى. ئەمما ھېلىقى قەدەم تىۋىشى ئىشىك تۈۋىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇ شارت قىلىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ھېلىقى كۆنى كېچىسىمۇ قىز كەينىگە ئاشۇنداق تېز بۇرۇلغانىدى. قىزمۇ، يىگىتمۇ يامغۇردا چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

— ياتاققا كىرىپ، يامغۇر توختىغاندا ئاندىن قايتىڭ، — دېدى قىز ئۆزى بىلەن خوشلىشىپ قايتىشقا تەمشەلگەن يىگىتنى توسۇپ.

— بولدى رەھمەت، قايتىپ كېتەۋېرەي، — يىگىت قىزنىڭ تەكلىپىگە ئۆزۈر ئېيتتى.

— بۇنداق يامغۇردا ماڭسىڭىز زۇكامداپ يېتىپ قالىسىز، يۈرۈڭ.

قىز يىگىتنى ياتىقىغا باشلاپ كىردى. يىگىت قىزنىڭ پاكىز ۋە چىرايلىق ياسالغان ياتىقىغا كىرىپ كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇردى.

— قىزىق چاي ئىچىڭ، — قىز يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە ئىسسىق چاي كەلتۈردى. يىگىت چاينى بىرنەچچە ئوتلاپ، تېخىچىلا ئۆرە تۇرۇۋاتقان قىزغا قارىدى.

— كېلىڭ، سىزمۇ ئولتۇرۇڭ.

قىز تاتلىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، يىگىتنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماستىن شىرەگە پىرەنىڭ ۋە مېۋە-چېۋە تىزىشقا باشلىدى. يىگىت قىزنىڭ ئەپچىل ۋە چاققان ھەرىكەتلىرىگە زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ، تاماكىسىغا ئوت ياقتى. ۋاقىت ئېقىن سۇدەك تېز ئۆتۈۋاتاتتى. يىگىت قىزغا بىرنەچچە ئېغىز يۇمۇرلۇق سۆزلەرنى قىلدى. قىز ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئېچىلىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن يامغۇرنىڭ توختىغان-توختىمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن دېرىزە ئالدىغا كەلدى. يامغۇر تېخىچىلا يېغىۋاتاتتى. قىز سىرتقا بىرپەس قاراپ تۇردى. ئۇ بىردىنلا يوغان بىر قولنىڭ ئۆزىگە سوزۇلغانلىقىنى سېزىپ، شارت قىلىپلا كەينىگە بۇرالدى، لېكىن يىگىتنىڭ كۈچلۈك قوللىرى قىزنىڭ نازۇك بېلىگە يېتىپ بولغانىدى. قىز ساراسىمىگە چۈشۈپ، قاتتىق ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. قىز كۆنلۈكنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭغا سانجىشنى، سانجىغاندىمۇ يېكىرتىكىگە سانجىشنى ئويلىدى. ئۇ ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ ئولتۇرمىدى. قىز شۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنى قوغداشنى لايىق تاپتى.

4

ئۇ ئاشۇ كېچە يامان كىشىلەرنىڭ قولىدىكى پىچاقتا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئۈستىبېشى قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندە كېچىكىپ قالغان، پىچاق ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلغانىدى. ساقچىلار ئۇنىڭ بۇلاڭچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆلگەن-

لىككە ھۆكۈم قىلدى.

قىز قوناقگۈلگە ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر رەت قاراپ قويدى. كۆڭلىۈكىنىڭ قىسماقتەك ئېگىلگەن سېپىنى مەھكەم تۇتتى. شۇ چاغدا يىگىتمۇ ئۇنىڭ بېلىنى تۇتقاندا قىزغا ئاشۇنداق تۇيۇلغانىدى. يىگىت ئۇنىڭ بېلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قىزنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. ئۇ ئۇيۇلۇپ بېشىنى تۆۋەنگە سېلىۋالدى. يىگىت قىزنى باغرىغا بىردەم بېسىپ لېۋىنى قىزنىڭ نېپىز لېۋىگە تەگكۈزدى. قىز يىگىتنىڭ بۇ ئىشلىرىغا قارشىلىق بىلدۈرمەكچى بولدى-يۇ، لېكىن ئاستا-ئاستا ئويغىنىۋاتقان تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ قارشىلىقىنى بەربات قىلدى. قىز يىگىتنىڭ كۈچلۈك ۋە ھارارەتلىك قۇچىقىدا سىماپتەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. يىگىتنىڭ چوغدەك لەۋلىرى قىزنى مەستخۇش قىلىپ تىنىقىنى ئىتتىكلەشتۈرۈۋەتتى. يىگىت قىزنى بىر پارچە پاختىنى كۆتەرگەندەكلا كۆتۈرۈپ يۇمشاق كارىۋات ئۈستىگە ئاستا ياتقۇزدى. بۇ ھەرىكەتلەر قىزغا ناھايىتى تېز بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ قىزنى ئاتلىق قىلىقلار بىلەن ئەركىلىتىپ تۇرۇپ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئاستا ئېچىۋەتتى. قىز كۆزىنى بوش يۇمۇپ ئاللىقانداق بىر خىل تۇيغۇلاردىن مەستخۇشلانغىنىچە بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈۋاتقاندەك، گۈل-گىياھلار ئارىسىدا دومىلاپ ئويناۋاتقاندەك ھېس قىلدى. يىگىتنىڭ قولى ئۇنىڭ كۆكرەكلىرىدىن ئاستا-ئاستا تۆۋەنگە سوزۇلغاندا قىز چۆچىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك، يىگىتنى بار كۈچى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى-دە، كارىۋاتتىن تۇرۇپ كەتتى.

— چىقىپ كېتىڭ، ھازىرلا چىقىپ كېتىڭ! — قىز ھاسىراپ تۇرۇپ يىگىتكە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى. يىگىت تېڭىرقىغىنىچە قىزغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭ، — قىزنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ ئىشكنى جالاقىدە ئاچتى. يىگىت ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، چىرايى تاتارغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

قىز كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئەلەم بىلەن بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، بايامقى يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلىدى. يىگىتكە بەك قاتتىق تېگىپ قويدۇممۇ-نېمە دەپمۇ ئويلاپ قالدى. قىز دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتقا قارىدى. سىرتتا يامغۇر تېخىچىلا يېغىۋاتاتتى. ئۇ قانداق قىلغاندۇ، كېسەل بولۇپ قالارمۇ، ئۆيىگە ساق-سالامەت قايتىپ بارالارمۇ؟ قىز يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ، ئۆزىنىڭ قوپاللىق قىلغانلىقىدىن ئۆكۈندى. ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا چوقۇم مەندىن ئەپۇ سورايدۇ، دەپ ئويلىدى قىز ۋە بۇ ئويدىن كۆڭلى خېلىلا تەسەللى تېپىپ قالدى.

قىز كارىدوردىكى ئاياغ تىۋىشىغا چېچەنلىك بىلەن قۇلاق سالدى. ھېلىقى ئاياغ تىۋىشى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر بىر جۈپ كۆز قىزغا سەل ھەيرانلىق بىلەن قاتتىق تىكىلدى.

## 5

قىز لەسسىدە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. قولىدا مەھكەم سىقىمدىۋالغان كۆڭلىۈك يەرگە چۈشۈپ كەتتى. كۆزلىرى قوناقگۈلگە تىكىلىپ قالغانىدى. ھېلىقى ئاياغ تىۋىشى بارا-بارا يىراقلاپ، كارىدوردىكى بىر ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى-دە، كارىدور ئاۋۋالقىدەك جىمىپ كەتتى. قىزنىڭ بېشى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرىلىپ، ئۇزۇن چاچلىرى پەسكە مەجنۇنتال چۈشقىدەك سويلاپ چۈشكەنىدى. ئۇ دېرىزە تەكچىسىدىكى ساپال تەشتەكتە گۈللىرى تېخىچە ئېچىلمىغان قوناقگۈلگە قاراپ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، يېرىم كېچىدە يامان كىشىلەرنىڭ قولىدىكى پىچاقتا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئازابىنىڭ ئۆزىنىڭ يۈرەك-باغرىنى نەقەدەر ئېزىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۈستەلگە بېشىنى قويغىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

# ئىككى نەسىر

ئاسىيە ئابدۇرېھىم

## يىگانىلىق

ئاھ، تەڭرىم، غەزەپتىن، ھەسرەتتىن ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىمنى ئازراق بولسىمۇ پەپىلىگىن. ئاچچىق زەرداپ بىلەن تولغان ۋۇجۇدۇمغا ئارام بەخش نۇرلىرىڭنى چاچقىن. ياش بىلەن نەمدەلگەن ئاھۇ كۆزلىرىمنىڭ ئۈمىدسىز ئىچىرقاشلىرىغا خۇشاللىق ھېسلىرىڭنى سىڭدۈرگىن. بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل مەڭگۈلۈككە خوشلاشقان سۆيۈملۈك ۋاپادارىمنىڭ ناتونۇش توپرىقىغا مېنى باشلاپ بارغىن.

ئاھ، ھەممىگە قادىر تەڭرىم!

قىساسىمنى ئېلىپ بەر. ماڭا مەزگىلسىز قېرىتقان، زەئىپلەشتۈرگەن، ياشلىقىمنى ۋۇجۇدۇمدىن بىر يوللا سۈپۈرۈپ تاشلىغان خائىن، ئىچى زەھەرلەردىن قىساسىمنى ئېلىپ بەر. ئۇلار قىساسىنىڭ دوزاخ كەبى قاتمۇ-قات ۋەھشىيانە ئوتلىرىدا جازاغا تارتىلسۇن، ئۇلارنىڭ ھالاكەتلىك تۇرمۇشى ئەبەدىي ياشنىمايدىغان قۇرتلاپ كەتكەن كۆل بولسۇن. ئۇلارنىڭ قايغۇسىز ئىستەكلىرى ئىقبال شامىلىدا توزسۇن.

مەن يېڭچە، چۈشىنىكسىز بىر خىل ئازاب ئىچىدە شۇنى چۈشىنىپ يەتتىم: ئادەملەرنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ھەم يىرگىنچلىك، ھەم يېقىملىقتۇر. كۆڭۈل بەرگەن نەرسە ھامان ئۈمىدسىزلىك، ئېغىر قايغۇ، مىسكىنلىك، زەئىپلىك ئاتا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن.

مېنىڭچە، گۈزەللىكنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى سىرلىقلىق. ئادەمدە سىرلىق، مۇقەددەس ئارزۇ-ئارمانلا بولىدىكەن، ئەبەدىي كونا تۇرمۇشنىڭ ئۆتمۈشىدىن خالاس بولالايدۇ.

ئەتراپىمدا بىر توپ ئادەملەر بولسىمۇ مەن يەنىلا تەنھا، ھالسىزلىقىم سۈكۈت ئىچىدىكى قايغۇمدەك تىنىچ، قەلبىم سەبىي باللارنىڭكىدەك بىغۇبار، ئېتىقادىم ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىمدەك كۈچلۈك.

ئادەملەر يوقاتقان نەرسىلىرىگە سېغىنىش بىلەن ئىنتىلىدۇ. لېكىن ئۆزىنى ئەبەدىي يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. يوقىتىشنىڭ تۈپ يىلتىزى يەنىلا ئۈمىدۋارلىق. ئادەملەرگە تەسەللى بولالايدىغان بىردىنبىر تىلەك مېھرىبانلىقتۇر. مەن مېھرىبانلىقنىڭ ئاي نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان قارىچۇقلىرىغا مەھلىيا.

مەن ساھىللاردىن كۆكۈمنىڭ غۇۋا تىمتاسلىقىنى، مەجنۇنتال ئېگىلىپ تۇرغان سۈزۈك دېڭىزدىن يەلكەنلىك كېمىنىڭ مېنىڭدەك يىگانىلىقىنى، دېرىزە سىرتىدىن تەبىئەتنىڭ كۆكلەم باھاردەك سۆسۈن رەڭلىك ھىدىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە يېپيېشىل تۇرىدىغان تەبىئىي گۈزەللىك تۇيغۇسى.

## تۇمان ئىچىدىكى مۇھەببەت

ئەزرائىل يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ سەت تەلەتىدىن غال-غال تىترەۋاتىمەن. ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى قالغاندا يەنە نېمىگىدۇر تارتىنىمەن. ئاچچىق كۆز ياشلىرىم يىپەك كۆڭلىكىمنى ھۆلدەپ باغرىمنى ئەزمەكتە. بەلكىم كۆتۈۋاتقىنىم بىلەن ئەبەدىلئەبەد خوشلىشالمىسام كېرەك.

سۈكۈت قەلب خاتىرەمنى تىت-تىت قىلىپ، ۋۇجۇدۇمنى قان يىغلىتىپ، ھاياتلىقىمنى ھەسرەتلىك، ئۈمىدسىزلىك دېڭىزىدا ھالاك قىلدى.

كۆز ئالدىمدا بىر تال سېرىق ياپراق لەيلەپ-لەيلەپ بوشلۇقتىن ئاستا-ئاستا يوقالدى.

قارلىق زېمىن ئېغىر ئۇيقۇدا.

ئاھ، مىسكىنلىككە تولغان مۇقەددەس ھاياتىم!
مەڭگۈلۈككە داۋاملاشقۇچى ئىزگۈ پەريادىم!...
مەن جان-جەھلىم بىلەن سۆيگەن ئىپتىخارلىق!...

مەن كۆز يۇمدۇم. مەرمەردىن قوپۇرۇلغان قەبرەمدىن ئەمدى ئەبەدىي چىقالماسمەن. ئاشىقىمنىڭ قان تامچىغان ھالسىز لەۋلىرىگە ئۈمىدلىك قارىيالماسمەن. يورۇقلۇقنىڭ زەررەڭ نۇرلىرى كۆزۈمدىن ئوت چاقنىتالماس. مېنى پەسكويغا چۈشۈرىدىغىنى زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقنىڭ قورقۇنچلۇق تۇۋشى بولار ئېھتىمال.

مەن ھاياتلىقىمدا، ھاياتلىقىمنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، ئايدەك غۇۋا تىمتاسلىقىمنى ھېس قىلالمىغان. بۇ مېنىڭ بارلىق ئىچكى تۇيغۇلىرىم، بارلىق ئازغان روھىمدۇر. مېنىڭ روھىم يىغا ئاۋازىدىن كۆتۈرۈلگەن دەھشەتلىك بەختسىزلىكنى، تەنھا ئۆلۈمگە قايغۇرۇۋاتقان مۇسىبەتلىك كۈلپەتنى، ئازابتىن سىقىلغان يۈرەكنىڭ ئېچىنىش تۇيغۇسىنىلا سەزمەكتە.

ھەممىگە ئايانكى، ئىنسانلارغا ئېنىق بولغان نەرسىلەر تۇمان ئىچىدىكى مۇھەببەتتۇر.

## ئىككى نەسىر

**نۇرمۇھەممەت ھاشىم**

### قارشىلىق

ناۋادا قىپقىزىل گۈلخانلار ئىچىدە لاۋۇلداپ كۆيىدىغان ئىش بولسا، مەن مەڭگۈ ياغاچ پارچىسى بولۇشنى خالىمايمەن. مەن سېنى چىن قەلبىمدىن سۆيگىنىم ئۈچۈن ئىشقىڭدا ئازاب يۇتۇپ ئۆمۈر بويى قان يىغلايدىغان ئىش بولسا، مەن ھەرگىزمۇ ساڭا مۇھەببەت قويۇشنى خالىمايمەن.

مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ھاياتلىق دۇنياسىدىن كىچىككىنە بولسىمۇ يورۇقلۇقنى كۆرەلمىسەم، ئۇنداقتا مەن ئۆز قەلبىمنى كۆيدۈرۈپ ھاياتىمغا زىم-زىيا نۇرلارنى چاچىمەن. ياق، سەن مېنى ھەرگىزمۇ سەن باشقىلارغا ئوخشىمايسەن دېگۈچى بولما. مەن ئەسلا ئۇنداق بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. خۇددى ئوت-گىياھلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان قۇرت-قوڭغۇزلارنى ھېچكىم تاپالمىغىنىغا ئوخشاش مېنى ھېچكىم كۆرەلمىسە ھەم تاپالمىسىكەن دەپ ئويلايمەن. سىلەر مېنى، سەن ئۇچۇپ كېتىۋاتىسەن دېگۈچى بولماڭلار. چۈنكى مەن ئۆز پەرۋازىمنىڭ سىلەرنىڭ قەدىمىڭلاردىن ئاستا ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن.

### سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن

مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن پانىي دۇنيانىڭ خىيالى ۋە ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان مۇھەببەتنىڭ گۈزەل ناخشىلىرىنى ئاڭلىدىم. تۈن قاراڭغۇسىنىڭ كۆكسىنى يېرىپ ئۆتۈپ تاڭ سەھەردە قۇياش نۇرلىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان قەلب يورۇقلۇقىنى كۆردۈم. مۇقەددەس مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ نۇرانە سىماسىنى ئۇچراتتىم. كۈندۈزىمۇ كېچىسىمۇ تەۋە بولمىغان ۋاقىتنىڭ چېچەكلىرىنى ھەم كۈچىنى سەزدىم.

جاۋاب بەر، سەن زادى مېنىڭ ياراتقۇچى ئىلاھىممۇ، ئەمەس؟!

www.uyghurkitap.com

# موسكۋا خىياللىرى

(ئەدەبىي خاتىرە)

## نەبىجان تۇرسۇن

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

### كىرىمىل تېمى يېنىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن»

لېنىن مۇزېيى يېنىدىن كىرىمىل سارىيى تېمىنى بويلاپ ئارقا ئىشىكىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەشھۇر ئالېكساندىروۋىسكى باغچىسى جايلاشقاندى. موسكۋا شەھىرىنىڭ ئەڭ مەركىزىدىكى بۇ باغچا ئانچە چوڭ، ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ داڭقى پۈتۈن دۇنياغا پۇر كەتكەن. ھەر يىلى باش يازدا بۇ باغچىدا خىلمۇ خىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ بۇلبۇللار سايرىشىدۇ، ئۇ سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن تاماشىبىنلارنى ئۆز قوينىغا تارتىدۇ. گۈللۈكنى چۆرىدەپ ياسالغان ئورۇندۇقلاردا ئادەملەر گۈللەرنى تاماشا قىلغاچ دەم ئېلىشىدۇ، ياكى جۈپ-جۈپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ گۈلدەك ھايات ۋە گۈزەل ئەسلىمە لەززىتىگە چۆمۈلىشىدۇ. ئادەملەرگە مۇھەببەت ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدىغان بۇ باغچا توغرىسىدا كۆپلىگەن شائىرلار يارقىن مىسرالارنى، مۇزىكانتلار ئەڭ لىرىك مۇزىكىلارنى قالدۇرۇشقان. قىز-يىگىتلەرنىڭ ئورتاق ھاياتقا بولغان تۇنجى قەدىمى مۇشۇ باغچىدا بېسىلىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ.

چۈنكى بۇ باغچىدا، يەنى كىرىمىل تېمىنىڭ يېنىدا مەرمەر تاشتىن ياسالغان سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «يۇلتۇز» دىن ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ئوت يالقۇنلاپ تۇرىدۇ. بۇ ئوت ئادەملەردە ھاياتقا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئويغىتىدۇ. مانا بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرىسى ئۈچۈن يېقىلغان دۇنياغا مەشھۇر «مەڭگۈلۈك يالقۇن» دۇر. ئالېكساندىروۋىسكى باغچىسىغا كىرگەن كىشى مۇشۇ ئوتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىر پەس ئېغىر سۈكۈتتە قاراپ تۇرماي قالمايدۇ. بەزىلەر دەستە-دەستە گۈللەرنى قويۇپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆككەن ھالدا ئۈن-تىنسىز ماتەمگە چۆمىدۇ.

بۇ يەردە كۆنىگە سانسىزلىغان خاتىرە سۈرەتلەر تارتىلىدۇ:

ئورتاق ھاياتقا قەدەم قويغان قىز-يىگىتلەر توي كۈنىنىڭ بىرىنچى سائىتىدە بۇ يەرگە كېلىپ گۈل قويىدۇ ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدۇ. بۇنداق رەسمىيەت پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خاراكتېرلىك بولۇپ، پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ-كىچىك شەھەرلىرىنىڭ

ھەمملا يىرىدە مۇشۇنداق قەھرىمانلار خاتىرىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ ھەر يىلى 9-ماي «غالىبىيەت بايرىمى» كۈنى بۇ خاتىرە سۇپىسى گۈللەرگە پۈركىنىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياكى ھازىرقى روسىيىگە زىيارەتكە كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەمەلدارلىرى بۇ يالقۇن يېنىغا كېلىپ ئېغىر قايغۇ ئىچىدە تەزىيە بىلدۈرۈپ، گۈل تەقدىم قىلماي كەتمەيدۇ. بۇ خىل ئادەت خەلقئارالىق دىپلوماتىيە رەسمىيەتلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلانغان. 1990-يىلى لى پېڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا كەلگەندە «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ، ماتەم بىلدۈرۈپ گۈللەر تەقدىم قىلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەمەلدارلىرى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سابىق رەئىسى تۆمۈر داۋامەتمۇ قاتناشقانىدى. شۇ چاغدىكى موسكۋا ئاخبارات ساھەسى بۇ ھەقتە بەس-بەستە خەۋەر بەرگەنىدى. ئاخبارات ئۇچۇرلىرىدا لى پېڭ زۇڭلى بىلەن تۆمۈر داۋامەتنىڭ نامى ۋە سالاھىيەتلىرى ئالاھىدە تەكىتلەنىدى. چۈنكى بۇ 1950-يىلى ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن (ئۆمەك تەركىبىدە سەيپىدىن ئەزىزىمۇ موسكۋاغا كېلىپ، ماۋزېدۇڭ بىلەن بىرگە «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ ماتەم بىلدۈرگەن) كېيىنكى 2-قېتىم بۇ ئوت ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرۇشى ئىدى. 1990-يىلغا كەلگەندە جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتى نورماللىشىپ تۇنجى قېتىم ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۇچرىشىشىدا سەممىي دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق قايتىدىن تەكىتلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغانلىقى جاكارلاندى. شۇنداق قىلىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ موسكۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن باشلىنىپ، سەيپىدىن ئەزىزى جۇڭگو-سوۋېت دىپلوماتىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ستالىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ تېگىشلىك ھۆججەتلەرگە قول قويغان بولسا، تۆمۈر داۋامەت س س س ر نىڭ ئاخىرقى ۋە بىرىنچى زۇڭتۇڭى بولغان گورباچوۋنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ قالدى. جۇڭگو-سوۋېت دىپلوماتىيە تارىخىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشىدا ئۇيغۇر ۋەكىللىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك سىياسىي ۋەزىپىلەر يۈكلەنگەنلىكى، سوۋېت مەتبۇئاتلىرىنىڭ شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش بىلەن بىرگە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەر بېرىشتىكى قىزىق تېمىلىرىغا ئايلانغانىدى. ئەلۋەتتە، جۇڭگو ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبىدە، بولۇپمۇ لى پېڭ زۇڭلىنىڭ يېنىدا بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا ياردىشىملىق ئاق كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، قاپقارا، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك ھوقۇقلۇق جۇڭگو ئەمەلدارى مانا مەن دەپلا گەۋدىلىنىپ ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. ھەتتا مۇخبىرلارنىڭ جۇڭگودىكى «مىللىي مەسىلە» توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا لى پېڭ زۇڭلىغا ۋەكالىتەن جاۋاب بېرىپ پارتىيىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بىرقانچە يىللار ئىچىدە مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ موسكۋادا زىيارەتتە بولغانلىقىنى موسكۋا «ماياك» رادىئوسىدىن ئاڭلىغانىدىم.

1994-يىلى ئەتىيازدا ئىسمائىل ئەھمەد لى پېڭ زۇڭلى بىلەن بىرگە يەنە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە زىيارەتتە بولدى. لى پېڭ زۇڭلىنىڭ زور سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ستراتېگىيىلىك زىيارىتىدە ئىسمائىل ئەھمەدمۇ خۇددى تۆمۈر داۋامەتكە ئوخشاشلا پۈتۈن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مەركىزىي ئاسىيا، شۇنداقلا روسىيە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغانىدى. ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدە بەلگىلىك دەرىجىدە سىمۋوللۇق رولىنى ئوينىغاش بىلەن بىرگە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى ۋە مىللىي باراۋەرلىكىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا جاكارلاش بىلەن بىرگە مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ جۇڭگوغا بولغان چۈشەنچىسىنى ۋە ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇشتا كاتتا رول ئوينىدى. بۇ قېتىمقى زىيارەتتە ئىسمائىل ئەھمەد ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پايتەختىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن» خاتىرىسى ئالدىدا ماتەم بىلدۈرۈپ گۈل تەقدىم قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن غەرب ۋە روسىيە ئاخبارات ساھەسى مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، سىياسىي مۇناسىۋىتى، بولۇپمۇ سابىق چار روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن چىڭ خاندانلىقى، ئەنگلىيە شۇنداقلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا كۆپلەپ مۇلاھىزىلەرنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ رايونىنىڭ، بولۇپمۇ بۇ رايوندىكى يەرلىك ئاساسىي مىللەت — ئۇيغۇرلارنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا مەۋجۇت بولغان كونا-يېڭى ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە، جۈملىدىن ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ رايون دىپلوماتىيىسىگە ئارىلىشىش ۋە يۇقىرىدىكى ئۈچ تەرەپلىمە دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتتە ئوينىغان رولىنى، بۇ ئۈچ تەرەپلىمە دىپلوماتىيىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا بەس-بەستە توختالدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى تارىختا قانداق مۇھىم بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ تىنچلىقى، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن مۇھىم گېئوپولىستىك رايونىنىڭ غەرب بىلەن شەرق سودىسىدا نورمالنى ۋاسىتىچىلىك رول ئوينىشى، يەنى كەلگۈسىدە ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇق قاتناش يولىنىڭ ئېچىلىشىدا زور رول ئوينايدىغانلىقى، قىسقىسى، ئۇيغۇرلار تارىختا مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن ياۋروپا، ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋىتىدە قانداق مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتى.

پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، بىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەدكە ئوخشاش پېشۋالىرىمىز دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى بىلەن شۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا قەھرىمانلارغا بولغان قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ تەزىيە گۈلى تەقدىم قىلغان بولسا، مەنمۇ ئوخشاشلا جۇڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇر ئاسپىرانت بولۇش سۈپىتىم بىلەن قەھرىمانلار خاتىرىسىگە ئاتاپ گۈل قويغانىدىم.

مەن ھەر قېتىم ئالېكساندىروۋسكى باغچىسىغا كىرگىنىمدە كرېمىل سارىيىنىڭ يېنىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىغا كېلىپ، لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇنغا بىردەم قاراپ تۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. «مەڭگۈلۈك يالقۇن» خاتىرە سۈپىتى يېنىدىكى موسكۋا، لېنىنگراد، ستالىنگراد، ئودېسسا، مىنىسكى قاتارلىق ئون «قەھرىمان شەھەر» نىڭ ئازاد قىلىنغان ۋە قوغداپ قېلىنغانلىق خاتىرىسى ئۈچۈن قويۇلغان ئون كىچىك مەرمەردىن ياسالغان خاتىرە تاشقا قايتا-قايتا قارايمەن. قەھرىمان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇندەك ئوتلۇق يۈرىكى ۋە ئوتتەك ئىسسىق قانلىرى، شۇنداقلا لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇن كەبى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، ئەركىنلىك سۆيەر روھى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياتلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن، زوراۋانلىقىدىن، قۇل قىلىنىشىدىن قوغداپ قالغانىدى. بەش يىللىق

ئۇرۇش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلار سابىق سوۋېت جەڭچىلىرىنىڭ، سابىق سوۋېت خەلقىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش، قۇربان قىلىشتەك پىداكارانە روھى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرۇپ، بۇ روھ دۇنيا خاراكتېرلىك رىۋايەتكە، داستانلارغا، ناخشىلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەن ھەر قېتىم ئاشۇ «يالقۇن» ئالدىغا كەلگىنىمدە سانسىز قەھرىمانلارنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ، تومۇرلىرىمدا قانلار ئۇرغۇيدۇ. بۇ نېمىدېگەن مۇقەددەس روھ-ھە! ھەرقانداق بىر مىللەت، ھەرقانداق بىر خەلق ئوغلانى ۋەتەننى سۆيسە ئەنە شۇنداق سۆيۈش كېرەك، مىللەتنى سۆيسە ئەنە شۇنداق سۆيۈش كېرەك، ئەركىنلىكنى سۆيسە ئەنە شۇنداق سۆيۈش كېرەك!

ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە ئەنە شۇنداق ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش روھىغا ئىگە كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر! «جاندىن كەچمىگىچە، جانانغا يەتمەس» دېگەندەك ئەنە شۇنداق پىداكارلىق روھ بولغاندىلا، ئىسسىق قانلىرىنى ئايىمىغاندىلا، خۇددى ماتروسوۋدەك پىلىموتنى مەيدىسى بىلەن توسۇپ غەلىبىگە يول ئاچقاندەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باتۇر، شىر يۈرەك ئوغلى سۇلھى لوتپۇللىندەك ئۆزى يالغۇز ئاخىرغىچە جەڭ قىلىپ، بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالمىغاندىمۇ چىشىنى-چىشىگە چىشلەپ نېمىسلارنىڭ 18 تانكىسىنى بىتچىت قىلغاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى ئوخشاشلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلى مەسۇم ياقۇپوۋدەك بەدىنىنىڭ ئون نەچچە يېرى يارىلىنىپمۇ ئۆزى يالغۇز جەڭ قىلىپ نۇرغۇن نېمىس ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئىستىھكامنى قوغداپ پۈتۈن ئۇرۇش سېپىنى ئوڭشىغاندەك تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاجايىپ قەھرىمانلىق روھ بولغاندىلا ۋەتەننى ياتلارنىڭ ئىپلاس ئاياغ ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى، خەلقنىڭ قەددىنى، ئوبرازىنى تىكلىگىلى بولىدۇ. سوۋېت خەلقى ناھايىتى توغرا يەكۈنلىگەن بۇ داۋلىنى ئېزىلگۈچى خەلقلەرگە تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاشۇ «مەڭگۈلۈك يال-قۇن» ئالدىدا باش ئېگىپ بۇ ئوغلانلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن بىزگە تەقدىم قىلغان ئاشۇ قەھرىمانلىق روھىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، گۈل تەقدىم قىلىمەن، ئەڭ ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش يىللىق ۋەتەن ئۇرۇشىدا يېقىنقى ئەڭ يېڭى سان بويىچە تەخمىنەن 30 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولغان بولۇپ، جەمئىي 11618 ئادەمگە «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك ئالىي نام بېرىلگەن. بۇ 11618 مەشھۇر قەھرىماننىڭ بەش نەپىرى ئۇيغۇر، 96 نەپىرى قازاق، 69 نەپىرى ئۆزبېك، 18 نەپىرى تۈركمەن، 14 نەپىرى تاجىك، 12 نەپىرى قىرغىز ئىكەن. سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ بەش نەپەر ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنىڭ خاتىرىسىنى مەڭگۈلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن موسكۋا شەھىرى، ئالمائاتا، تاشكەنت، ئەنجان، يەركەنت، چونجى قاتارلىق شەھەرلەردىكى بىرقانچە چوڭ-كىچىك كوچىلار، مەكتەپلەر ۋە باشقا ئاممىۋى مەركەزلەرگە ئۇلارنىڭ نامى بېرىل-گەن. شۇنداقلا ئۇلارغا ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارلىرى، ھەيكەللەر ئورنىتىلغان.

ھەر يىلى 9-ماي كۈنى پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە «غالىبىيەت بايرىمى» بولغاندا ئۇرۇش قاتناشچىلىرىغا كۆرسىتىلىدىغان ئالىي ھۆرمەتلەر، خاتىرە پائالىيەتلەر، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىشلار داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر-نى كۆرگەندە سىز يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكەن روھنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلماي قالمايسىز. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچى-لانغاندىن كېيىن بۇ خىل بايرام كەيپىياتلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا سەل ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھۆكۈمەت ۋە باشقا كىشىلەر پۈتۈن ئىمكانىيىتى بويىچە ئۇرۇش قاتناشچىلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. مەيدىلىرى لىقمۇ-لىق مېدال، ئوردېنلار بىلەن تولغان بوۋاي-مومايلارنىڭ گەرچە بۈگۈنكى كۈندە سىياسىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن بىر بولىكىمۇ

www.uyghurkitap.com

قۇربى يەتمىگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا تېتىك روھ بىلەن قەددىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر يۈرۈشكىنىنى، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرىدىكىدەك جەڭ مارشىنى ياڭرىتىپ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، روسىيە ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى، نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

دېمەك، ئۇلار تاكى ھازىرغىچە ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى، جۈملىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى توختاتمىغان. بۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس، ئۇلۇغ بىلىدىغان ۋەتەندىن باشقا ھېچنەرسە يوق. ۋەتەن غېمى ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم.

1995-يىلى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 9-ماي خاتىرىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن چاي پائالىيىتىگە بىردىنبىر چەت ئەللىك ئاسپىرانت سۈپىتىدە تەكلىپ بويىچە قاتناشتىم، ئۇرۇش قاتناشقۇچىلىرىغا گۈل تەقدىم قىلىندى، قەدەھلەر كۆتۈرۈلدى، مەدھىيىلەر ئوقۇلدى، نۇتۇقلار سۆزلەندى. شۇ قاتاردا ماڭىمۇ سۆز بېرىلدى. مەن قەدەھ سۆزى سۆزلىدىم. ئاخىرىدا «سىلەرنىڭ ئاشۇنداق ھەممىنى قۇربان قىلىش روھىڭلار، مىللەت — خەلقنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىنى قوغداش روھىڭلار مەڭگۈ ئىنسانلارنىڭ تارىخى بىلەن بىرگە ياشايدۇ» دېپ سۆزۈمنى خۇلاسىلىغىنىمدا بېرلىنگىچە جەڭ قىلىپ بېرىپ، رەيىختاگ سوقۇشىدا بولغان بىر پروفېسسور مېنى قۇچاقلاپ، رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە كۆپچىلىككە ئۆزى بىلەن بىرگە غەربىي ئۇكرائىنا جەڭ فرونتىدا مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان بىر جۈپ ئاكا-ئۇكا ئۇيغۇرنىڭ جەڭدىكى ئاجايىپ قەھرىمانلىقى، پۈتۈن دېۋىزىيە بويىچە داڭق چىقارغانلىقى، ئۇلارنىڭ «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقى، ئۇلار جەڭدە بىرىنچى بولۇپ ماڭىدىغانلىقى، چېكىنگەندە ھەممىنىڭ كەينىدە سوقۇشۇپ چېكىنىدىغانلىقى، ئەڭ قىيىن ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ رازۋېتچىك ئىكەنلىكى، بۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ بىرسى سازەندە بولۇپ، راۋابنى ئاپتومات بىلەن بىرگە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ جەڭ قىلغانلىقى، ئارام ئېلىش ۋاقتىدا راۋاب چېلىپ جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغانلىقى، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقى، ئۇلار كۆپ قېتىم دەھشەتلىك جەڭلەردە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ گېتلېرنىڭ ئۇۋىسى بولغان رەيىختاگ بىناسىغا ھۇجۇم قىلغاندا ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، گېتلېرچىلارنىڭ ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايدىغان بۇ ئەڭ ئاخىرقى جەڭدە قۇربان بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ھەممىنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. ئاخىرىدا ئۇ يەنە:

— ئۇيغۇرلارنى مەن ئاشۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا دوستلىرىمدىن بىلگەنىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق باتۇر كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار ئىسسىق قېنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ، مىللىتىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى تىكلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئارىمىزدىن بىر رۇس سولدات بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكىغا چاقچاق قىلىپ «سىلەردىن مەخسۇس بىر دېۋىزىيە تەشكىللەپ بىر بۇيرۇق بىلەن بېرلىنغا ھۇجۇمغا ئەۋەتسە، ئۇدۇل بارغانچە گېتلېرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ ئەكەلگۈدەكسىلەر» دېگەنىدى. گەرچە بۇ بىر چاقچاق بولسىمۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەھرىمانلىقىغا، سوۋېت زېمىنىنى فاشىستلاردىن قوغداشتا نەقەدەر باتۇرلۇق، پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىگە ئوقۇلغان مەدھىيە ئىدى. كېيىن مەن ئاسپىرانت بولدۇم. مەخسۇس شەرق تارىخىنى ئۆگەندىم. شۇ چاغدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى، مەدەنىيەتلىك، ئۇلۇغ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن ئاشۇ يىگىتلەر كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئاشۇنداق قەدىملىكى، مەدەنىيەتلىكى، قىسقىسى ئۇلۇغ بىر مىللەت بولغانلىقىدىن بۇ قەھرىمانلىق روھىنىڭ بۇ مىللەتكە ئەسلى تۇغما مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. قىسقىسى، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋە قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، قارا قالپاق ۋە باشقا مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى، جىسمانىي ياردىمى بولمىغان

بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبىسى بولمىغان بولاتتى، — دېدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرى نوپۇسىنىڭ ئاز بولۇشىغا باقماي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىدا ۋەتەننى ئازاد قىلىش ۋە ياۋروپا خەلقىنى گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئۈلۈش ھەسسىسىنى قوشتى. جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەركىزىدىكى باتۇرلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە مەدەنىيەتلىك، ئاق كۆڭۈل خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن 2-دۇنيا ئۇرۇشىغا فاشىزمغا قارشى مىللەتلەر قاتارىدا قاتنىشىپ شەرقتە ياپون فاشىزمىنى، (يەنى جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلار گەرچە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشمىسىمۇ لېكىن، خەلق ئاممىۋى سەپەرۋەرلىك بىلەن ئىئانە توپلاپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى ۋە چوڭ ئارقا سەپنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىدى) غەربتە گېرمانىيە فاشىزمىنى گۇمران قىلىش ئۈچۈن، ئىسسىق قېنىنى قىلچە ئايىماستىن تۆكتى ۋە كۆپ قۇربانلارنى بەردى.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى « ھەممە فرونت ئۈچۈن! » دېگەن شوئارغا بىنائەن، قېرى - ياش، خوتۇن-قىزلارغىچە ھەتتا باللارغىچە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمدە ياۋروپانىڭ جەڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى 3-4 ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كاپالەتلەندۈردى. ئوش ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇرلىرى بىر مىليون رۇبلى يىغىپ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تانكا قىسمىغا ياردەم قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ياردىمى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن قىلىنغان ئەڭ چوڭ ياردەملەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلانغان ستالىن ئەينى ۋاقىتتا ئوش ئۇيغۇرلىرىنىڭ خالىسانە ياردەم قىلىش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئىمىن ئاخۇن ئەخمەتوۋغا « مېنىڭ قېرىنداشلارچە چوڭقۇر سالىمىمنى ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ رەھمىتىنى < مېهنەتكەش ئۇيغۇر > نامى بىلەن بىر مىليون 100 مىڭ رۇبلى ئەۋەتكەن ئوش ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇڭ » دەپ تېلېگرامما يوللىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىرغىزىستان جالال ئاباد رايونىدىكى ئۇيغۇرلار 359 مىڭ 227 رۇبلىنى ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇلار ستالىنغا يازغان خېتىدە « سىزگە خەت يازغۇچى قىرغىزىستان س س ر نىڭ جالال ئاباد رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلاردۇرمىز. بىز سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدە ئۇزۇندىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بىز ھەممىمىز قەشقەردىن كەلگەن. ئاچلىق ۋە مۇھتاجلىق بىزنى بۇ يەرگە قوغلىغان. بىز پەس كۆرۈلگەن، خارلانغان ھالدا ئىش ئىزلەپ يۈرگەنىدۇق. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن بىر ئىنقىلابقىچە بولغان ئارىلىقتا بولغانىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى بىزگە ھەممىنى بەردى. بىز ھازىر ھەممىدە باراۋەر گراژدانلارمىز. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە فاشىست قاراقچىلىرى باستۇرۇپ كەلگەندە بىز فاشىستلارغا قارشى جەڭگە ئاتلانماي تۇرالمايمىز. مالال كۆرمەي ئاز بولسىمۇ بۇ سەممىي ئىئانىمىزنى قىزىل ئارمىيە فوندىغا قوبۇل قىلغايسىز ۋە شۇ ياردەملەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارارسىز ». ستالىن بۇ خەتكە جاۋاب تېلېگراممىسى يېزىپ ئۆزىنىڭ ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرگەن.

يەنە قازاقىستاننىڭ تالقار رايونىدىكى « قىزىل غەيرەت » كولخوزى 4800 پۇت ئاشلىقنى قىزىل ئارمىيە فوندىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. چېلەك رايونىدىكى سەيدۇللايوۋ، دارۋان قولوۋ دېگەن كىشىلەر ئۆزلىرى يالغۇز 100 مىڭ رۇبلىنى قىزىل ئارمىيە فوندىغا ئەۋەتىپ ستالىننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇيغۇر رايونى 140 مىڭ رۇبلى ئىئانە قىلغان.

ئۇيغۇر خەلقى ۋەتەن ئۇرۇشى ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە 200 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرى جەڭگە ئاتلىنىپ، تىللاردا داستان

بولغۇدەك ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى ۋە سوۋېت ئارمىيىسى ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان.

ئۇيغۇر جەڭچىلىرى پۈتۈن ئۇرۇش سەپلىرىدە شۇنداقلا موسكۋا، لېنىنگراد، ستالىنگراد، سېۋاستىپول قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى قوغداش ۋە ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. يەركەنتلىك جەڭچى لوقمان ئىسھاقوۋ قوشۇنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئاجايىپ زور تەشكىللەش ۋە ئىلھام بېرىش قابىلىيىتى، شۇنداقلا باتۇرلۇقى ئارقىلىق جەڭچىلەر ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇ، ستالىنگراد ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئۆزىنىڭ مەردلىكى، باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ ئاخىرغىچە سوقۇشۇپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ھەر خىل ئوردېنلىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن. ئىنژېنېر تاھىر ئىمىنوۋ ۋە ئەكرەم دوغانوۋلارنىڭ قەھرىمانلىقى ھازىرغىچە سوۋېت پۇقرالىرى ئىچىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە. بۇلار باشقا ئۇيغۇر جەڭچى-لىرى بىلەن بىرگە موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىدا شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولغان.

موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىدا داڭق چىقارغان يەنە بىر ئۇيغۇر جەڭچىسى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرى — شەۋكەت بىر قېتىملىق جەڭدە 50 تىن ئارتۇق نېمىس ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىستىھكامنى ئۆزى يالغۇز قوغداپ قالغان ھەم چېكىنمەي جەڭ قىلىپ پۈتۈن ئۇرۇش سېپىنى قوغداپ ئاخىرى مەرتلەرچە قۇربان بولغان. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ئۈچۈن قىزىل يۇلتۇز ۋە قىزىل بايراق ئوردېنلىرى بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەرگەن ئوسمان توختايېۋ، ياقۇپ ئەخمەتوۋ قاتارلىق جەڭچىلەرگىمۇ يۇقىرىقىدەك ئوردېنلار بېرىلگەن. قىسقىسى موسكۋا بوسۇغىسىدا نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئاققانىدى.

سوۋېت ئارمىيىسىدە يۇقىرى خىزمەت ئۆتىگەن ئوفىتسېرلاردىن 192-دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ئابدۇللا باقىيېۋ بەش يىللىق جەڭدە ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ، سوۋېت ئارمىيىسى تەركىبىدە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ياپون كانتون ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسى ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم ۋەتەن ئۇرۇشى ئوردېنى بىلەن قىزىل يۇلتۇز ئوردېنى ۋە باشقا مېداللارنى تەقدىم قىلغان. ئالمائاتادا تەشكىللەنگەن پانفىلوپ دىۋىزىيىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبى ئۇيغۇرلار بولۇپ، بۇ دىۋىزىيىنى كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ بولغان گېنېرال پانفىلوپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ تەشكىللىگەن. كېيىن بۇ دىۋىزىيىنى موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرغان. بۇ دىۋىزىيە ھەقىقەتەنمۇ موسكۋانى قوغداش جېڭىدە ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن. مانا مۇشۇ دىۋىزىيىدىكى باتۇر جەڭچىلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇر پەرزەنتى باتۇر شەرىپوۋ، باتۇرلۇق بىلەن سوقۇشۇپ بىرقانچە قېتىم يارىدار بولسىمۇ، سەپتىن چېكىنمەي ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامى بىر قەھرىمانلىق رىۋايىتىگە ئايلانغانىدى. «ھەربىي چاقىرىق» گېزىتىدە ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى مەخسۇس ئوچېرك قىلىپ بېسىلغان. ئوچېركتە «باتۇر شەرىپوۋ جەڭلەردە ھەرقاچان بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئۇنىڭ ھەربىي پەلتوسى ئوق زەربىسىدە ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ تىتىلىپ كەتكەن، قوللىرى تىتىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدۇ، ئۇ، ئاپتوماتنى ئېلىپ فاشىستلار ئارىسىغا كىرىپ دۈشمەننى خۇماردىن چىققىچە قىرىدۇ. قىسقىسى ئۇنىڭ قەھرىمانلىق روھى ئالدىدا ئۆلۈم ئۇنىڭغا ھامان بويسۇنىدۇ...» دەپ مەدھىيىلىگەن. بۇ كىشى موسكۋادىن تاكى بېرلىنغىچە بولغان مۇساپىدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئۇرۇشتىن ساق-سا-لامەت قايتقان ھەم 1945-يىلى 6-ئاينىڭ 24-كۈنى قىزىل مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن غەلىبە پاراتىغا شەرەپ بىلەن قاتناشقان.

1941-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى نېمىس فاشىست-لىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان بىرىنچى كۈنى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى مۇداپىئە توسۇقى بولغان مەشھۇر چېگرا پونكىتى — بىرتىس قورغىنىنى

قوغداش ئۇرۇشىدا ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن ئى. كامالوۋ، ئا. سوپىيوۋ، ك. تۇردىيوۋ قاتارلىق جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوردېنلار بىلەن تەقدىرلەنگەن. نېمىسلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن بىخەۋەر تۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە زور بەدەل بېرىش بىلەن بىرگە سەپ بويىچە گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، نۇرغۇن يەرلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان بولسىمۇ لېكىن نېمىسلارنىڭ بىرىنچى ھۇجۇم لىنىيىسى بولغان بىرىتس قورغىنىنى نېمىسلار ئۇزاققىچە ئىشغال قىلالمىغان. بىرىتس قورغىنىنى قوغداش جېڭى سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىدا مەشھۇر مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرىتس ئۈچۈن بولغان جەڭدىكى سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ قەھرىمانلىقى، تىز پۈكمەس روھى ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتقان دېيىلگەندە، بۇ ئۇرۇشتا ئاخىرقى بىر پاي ئوق قالغۇچە سوقۇشۇپ، قوچاقلاشما جەڭ قىلىپ نېمىس ئەسكەرلىرى بىلەن تەڭ ھالاك بولغانلار يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدۇر. بۇ يىگىتلەرنىڭ مەردلىك، باتۇرلۇق روھى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى، جۈملىدىن بىرىتس ئۇرۇشى توغرىسىدىكى تارىخىي ئەسلىمىلەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ مەدھىيىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا لېنىنگراد ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئۇيغۇر ئوغلى نىزامىدىنوۋ زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەتەن ئۇرۇشى ئوردېنى، قىزىل يۇلتۇز ئوردېنى ۋە باشقا باتۇرلۇق مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

ئالمائاتانىڭ غالچات يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر جەڭچىسى شاماخۇن ئابدۇراخمانوۋ گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى سوۋېت زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش جېڭىگە تولۇق قاتنىشىپ ئاخىرى پولشانى ئازاد قىلىش جەڭلىرىنىڭ بىرىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرى شاماخۇن ئۆزىنىڭ قىسمى بىلەن بىر قېتىملىق ۋەزىپە ئورۇنداش جېڭىدە دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ، قورشاۋدا ئەسكەرلىرىگە باتۇرلۇق بىلەن توغرا قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىپ قەتئىي تىز پۈكمەيدۇ. ئۇلار ئوقلىرى تۈگىگىچە سوقۇشۇپ، ئاخىرى نېمىس ئەسكەرلىرى بىلەن قوچاقلاشما جەڭ قىلىپ ھەممىسى قىرىلىدۇ. شاماخۇن پىلىموتنى كۆتۈرۈپ دۈشمەن توپىغا ئېتىلىپ بېرىپ، بىراقلا 60 نەچچە دۈشمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن ئوق تۈگىگەندە قوچاقلاشما جەڭ قىلىپ قۇربان بولىدۇ. شاماخۇننىڭ باتۇرلۇقى، تىز پۈكمەس روھى ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇ قۇربان بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردېنلار بىلەن تەقدىرلىگەندىن باشقا پۈتۈن سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا كەڭرى تەشۋىق قىلىدۇ.

دىنېپىر دەرياسى بويىدىكى كيېۋنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ پاراشوتچى قىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ئوفىتسېرى مەسۇم ياقۇپوۋ پۈتۈن ئۇرۇش سېپىنى قوغداپ، كيېۋنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاجايىپ زور تۆھپە قوشقىنى ئۈچۈن «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئىگە بولغان.

1943-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئارمىيىسى نېمىسلارنىڭ دىنېپىر دەرياسى مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كيېۋغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى باشلايدۇ. مۇستەھكەم ئىستىھكام ۋە دولقۇنلۇق دىنېپىر دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئىبارەت تەبىئىي توساق بىلەن مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن نېمىسلار زور ئىشەنچ بىلەن دەريا يۈزىنى يامغۇردەك پىلىموت ئوقلىرى ۋە زەمبىرەك توپلىرىغا كۆمۈپ تاشلاپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قارشى قىرغاققا ئۆتۈشىگە قەتئىي يول قويمايدۇ، ئەنە شۇنداق ھايات-ماماتلىق پەيتتە، مەسۇم ياقۇپوۋ 24 نەپەر جەڭچىنى باشلاپ، قولۋاق بىلەن دەريادىن ئۆتۈشتىن ئىبارەت خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ. يامغۇردەك پىلىموت، توپ ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى ئىچىدە ئاخىرى دەريادىن ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ مۇداپىئە توسىقىنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەنگە ئوت ئېچىپ سەپىنى كېڭەيتىدۇ، دۈشمەن بۇ ئەترەتنى يوقىتىش ئۈچۈن نەچچە ئون قېتىملاپ ھۇجۇمغا ئۆتىسىمۇ، لېكىن مەسۇم ياقۇپوۋ ئەترىتى دۈشمەننىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئىستىھكامنى بىر سوتكا قوغداپ، پۈتۈن

بىر باتالىئوننىڭ دەريادىن ئۆتۈۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. باتالىئون دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، نېمىسلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ دەريا بويىدىكى نېمىسلارنى يوقىتىپ پۈتۈن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كىيېۋ شەھىرىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشىغا ئاساس يارىتىدۇ. بۇ، باتۇر مەسۇم ياقۇپوۋ باشچىلىق قىلغان ئەترەت ۋە باتالىئون بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئاجايىپ زور ئىشەنچ تۆھپە كۆرسىتىدۇ. مەسۇم ياقۇپوۋنىڭ نەچچە يېرى ئېغىر يارىلانسىمۇ پەسەنت قىلماي، سەپتىن قالماي ئىلگىرىلەپ ئۆزى يالغۇز دۈشمەن بىلەن سوقۇشۇپ 12 نەپەر نېمىس ئەسكىرىنى ئەسىر قىلىپ پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ بېرىپلا يىقىلىدۇ. مەسۇم ياقۇپوۋنىڭ تىللاردا داستان بولارلىق بۇ ئاجايىپ قەھرىمانلىقى پۈتۈن سوۋېت ئارمىيىسىدە زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا دەرھال «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى» دېگەن ئالىي ئۇنۋان بېرىدۇ. ئەڭ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ باتۇر جەڭچى چالا ئۆلۈك ھالەتتە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ، داۋالانغاندىن كېيىن، ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتى — ئالمائاتاغا قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ. چۈنكى، پولك كوماندىرى ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ قالىدۇ. كۆپ ئىزدەشلەر ۋە سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن ئارىدىن 15 يىل ئۆتۈپ ئاخىرى بۇ قەھرىمان تېپىلىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەسۇم ياقۇپوۋغا ئالمائاتادا چوڭ داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى» دېگەن ئوردېنىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ ۋە ئالمائاتادىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، جۈملىدىن بىرقانچە كوچىلارنىڭ نامىنى مەسۇم ياقۇپوۋ نامى بىلەن ئاتاشنى بۇيرۇيدۇ.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە يەنە داداش باباجانوپ، سۇلھى لوتفۇللىن كەبى تىللاردا داستان بولغىدەك قەھرىمانلار يېتىشىپ چىققان. داداش باباجانوۋ سۋاستىپول ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ، جاھىللىق بىلەن مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان دۈشمەننىڭ ئىستىھكامىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئۈچ جەڭچى قاتارىدا ئەۋەتىلىپ، ئىككى جەڭچى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز دۈشمەننىڭ ئاساسىي ئىستىھكامىنى پارتلىتىپ تاشلاپ بىراقلا 40 دۈشمەننى يوقاتقان ۋە ئارقىدىنلا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان دۈشمەن زەمبىرەك ئىستىھكامىغا باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنى پارتلىتىپ تاشلىغاندىن باشقا دۈشمەننى ئەسىر ئېلىپ، چوققىغا ئۆزى يالغۇز قىزىل بايراق قاداپ غەلىبە تەنتەنىسىنى نامايىش قىلغان. داداش باباجانوۋنىڭ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. سۇلھى لوتفۇللىن ئۆزى يالغۇز نېمىسلارنىڭ 18 تانكىسى ۋە بىرنەچچە بىرونېۋىكلىرىنى پارتلىتىپ «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. بۇ يەردە يەنە بىر ئاجايىپ قەھرىمان «پولشا جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەھرىمانى» دەپ نام بېرىلگەن قاھار شەرىپوۋنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. ئۇ، نېمىسلار بىلەن بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن پولشادىكى يىغىۋېلىش لاگېرىدا ياتقان. ئاخىرى ئۇ تۆت نەپەر سەپدىشى بىلەن لاگېردىن قېچىپ، پولشا پارتىزانلىرىغا قوشۇلغان ۋە ئالتە قېتىم يارىدار بولغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم قوشۇنغا قايتقان. بۇ پولشا پارتىزانلىرى بىلەن بىرگە نېمىسلارنىڭ كۆۋرۈكلىرىنى بۇزغان. پويىز، ھەربىي مۇلازىمەت ئاپتوموبىللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. ھەتتا بىر قېتىم نېمىسلارغا ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ قەتئىي تىز پۈكمىگەن. ئۇنى جازا مەيدانىدا ئېتىۋېتىشقا ئېلىپ چىققاندا ئەپچىللىك بىلەن قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ يەنە قېچىپ كەتكەن. پولشا ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇ، پولشا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن لىگۇنا شەھەر-لىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئۇنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن پولشا ھۆكۈمىتى ئەڭ ئالىي ئوردېن «پارتىزانلىق ئالتۇن كرېست» ى بىلەن تەقدىرلىگەن، «پولشا جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى» دەپ قارىغان ھەم ئۇنىڭ شەرىپىگە لىگۇنا شەھىرىگە ئۇنىڭ ئېگىز مىس ھەيكىلىنى ئورناتقان. يەنە ھاكىم ئەيسايوۋنىڭ نامى چۆچەكلەردىكى قەھرىمانلاردەك تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ، بېلورۇسسىيىنىڭ ئورمانلىرىدا بېلورۇسسىيىدىكى تۆت چوڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ بىرسىدە مەسئۇللۇق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋەزىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇرۇش جەريانىدا ئۇ، ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا لېنىنگرادقا قايتىپ كېلىپ ئىشلىگەن.

يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ۋە ئاتالمىغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ قاتارىدا قەمرە جامال ئەلىيوۋا، رىزۋانگۇل قادىروۋا، روشەن قادىروۋا قاتارلىق ئۇيغۇر ئوفىتسىر، قىز جەڭچىلىرى تاكى بېرلىنغىچە جەڭ قىلىپ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقى ئەينى ۋاقىتتا كەڭ تەشۋىق قىلىنغانىدى.

ھازىرمۇ ئالمائاتا، بىشكەك قاتارلىق مەركىزىي ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارسىڭىز ئاشۇ قانلىق ئۇرۇشنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ، مەردلىكنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە مەيدىسىگە لىق ئوردېن، مېداللارنى تاقاپ، كۆكرەكلىرىنى كېرىپ يۈرگەن يېشى يەتمىش-سەكسەنلەردىن ئاشقان بولسىمۇ ۋۇجۇدىدىن كۈچ-قۇۋۋەت، مەردانىلىق ئۇرغۇپ تۇرغان ئۇيغۇر بوۋايلارنى كۆرىسىز. بۇ بوۋايلار بىلەن پاراڭلاشسىڭىز ئۇلاردىكى ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك — مەردانىلىق مەردلىك بولۇپ، ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقانلىقى، باللارغا تەربىيە بېرىپ قانداق ئۇيغۇر بولۇش كېرەكلىكىنى سۆزلەۋاتقانلىقى، قىسقىسى، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۆز مىللىتى ئىشقىدا كۆيۈۋاتقانلىقى ھېس قىلىسىز.

مەن 1994-يىلى ئالمائاتادا 5-ئاينىڭ 9-كۈنە-دىكى «غالىبىيەت بايرىمى»غا قاتناشتىم، قازاقىستان خەلق ئارتىسى، شۇنداقلا لېنىننىڭ رولىنى ئويناپ پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە شۆھرەت قازانغان ئارتىس، ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى مەخپىر ئاكىنىڭ ئۆيىدە مېھماندا بولدۇم. ئايالى قازاقىستان خەلق ئارتىسى، مەشھۇر سەنئەت ئەربابى روشەنگۈل ئىلاخونوۋا پېشانەمدىن سۆيۈپ مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. شۇ كۈندىكى بايراملىق چايغا ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان يېشى 80 لەر ئەتراپىدىكى، مەيدىسى لىق ئوردېن، مېداللار بىلەن تولغان ئوندەك ئۇيغۇر بوۋايلار، يەنى پېشقەدەم جەڭچىلەر كەلدى. بۇلار بىرسى توكۇر، بىرسى چولاق بولسىمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن يەنىلا باتۇرلۇق، مەردلىك ئۇرغۇپ تۇراتتى.

شۇنىسى قىزىقكى، بوۋايلار شۇنچە كۆپ ھاراق ئىچىپمۇ يەنىلا جەڭگىۋار ھالەتتە ئىدى. ئۇلار زادىلا مەست بولمىدى. شۇ چاغدا مەخپىر ئاكىنىڭ «ئۇيغۇر بولساڭ باتۇر بول، بولمىسا يوق بول» دېگەن سۆزى تاكى ھازىرغىچە قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلايدۇ.

ئەگەر بىز ئۆز تارىخىمىز ۋە پۈتۈن دۇنيا تارىخىغا مۇراجىئەت قىلساق شۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، ئاجىزلارغا ھېچ قاچان بەخت يار بولمىغان. باتۇرلۇق، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە بولمىغان مىللەت مەڭگۈ ھالاكەتكە، خارۇ-زارلىققا مەھكۇمدۇر. ئەركىن-لىكپەرۋەر ۋە باتۇرلۇق مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن شۇنداقلا مىللىي خاراكتېرىدىن بىرى ئىدى. ھالبۇكى، ھازىر بىزنىڭ بۇ مىللىي خاراكتېرىمىز ئاجىزلىشىپ يوقىلىپ بارماقتا.

پروفېسسورنىڭ ئۇزۇن نۇتقى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن قارشى ئېلىندى. شۇ چاغدا مەن ھەممە كىشىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ماڭا تىكىلگەنلىكىنى، بۇ كۆزلەردىن ھەر خىل ھۆرمەت ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇلىرىنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئاشۇ پروفېسسور تىلغا ئالغان قەھرىمان ئۇيغۇر ئوغلانلىرىنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقىمدىن پەخىرلەندىم.

سوۋېت خەلقى ياراتقان ئاشۇ تىللاردا داستان بولغىدەك قەھرىمانلىق روھىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ روھى سىڭىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق مۇقەد-دەس روھ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېخىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن ھەر قېتىم مېترولاردا، چوڭ رەستە-لەرنىڭ پىيادىلەر يولىدا، باغچىلاردا، ھەر خىل جامائەت سورۇنلىرىدا مەيدىسىگە ئوردېن، مېداللارنى تاقىۋالغان بىر پۇتى يوق ياكى قولى يوق مېيىپ تىلەمچى بوۋايلارنى، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن ئاجىز مومايلارنى كۆرگىنىمدە، ئۇلارنى دىۋانە كۆرگىنىم ئەمەس، بەلكى چەكسىز ھۆرمەتلىگىنىم ئۈچۈن پۇللارنى ئايىماي بېرىمەن. شۇ ۋاقىتتا ئاشۇ كرېمىل تېمى يېنىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن» كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ ئوردېن، مېدال تاقاپ

تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بىچارە بوۋاي، مومايلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆرسەتكەن پىداكارلىق روھلىرى ئاشۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن روھى» بىلەن بىر ئىدى ئەمەسمۇ؟!

ھازىرقى روسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كىرزىسى تۈپەيلىدىن بۇ روھنى ئاغزىدا قۇرۇقتىن-قۇرۇق مەدھىيىلىگىنى بىلەن مەيدىسىگە ئوردېن، مېدال تاقىغان بوۋاي-مومايلارنىڭ كوچىغا تاشلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولماقتا. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي قايسى شەخسلەرنىڭ بانكىسىغا ۋە يانچۇقىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن بۇ مېدال تاقىغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنى چىقىۋاتقانلىقىنى ھەر كۈن، ھەر مىنۇت تېلېۋىزىيە، گېزىت ۋە يىغىلىشلاردا سۆزلەنمەسمۇ، بەربىر بۇ دۆلەت، تارىخ ئاتا قىلغان تەقدىر يولىدا پەقەت بىر كىلەچەكتىلا خۇلاسە چىقىرالايدىغان نەتىجىگە قاراپ كېتىپ بارماقتا.

لېكىن ئادەملەر يەنىلا شۇ روھقا ئاتاپ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا باشلىرىنى ئېگىپ پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى تەقدىم قىلىشىدۇ.

مەن 1994-يىلى غۇلجىغا بارغاندا تونۇشۇمنىڭ قورۇسىدىكى گۈللۈكتە پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل گۈللەردىن بىر دەستە تەييارلاپ باغچا تەرەپكە ماڭغىنىمدا، ئادەملەرنىڭ ماڭا ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن قاراشقانلىقىنى سەزگەنىدىم. ھەتتا بەزىلەر ماڭا بۇ گۈلنى قايسى جانانىغا تەقدىم قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى سوراپ ئۈلگۈردى. مەن گۈللەرنى بىزنىڭ ئۆز تۇپرىقىمىزدا بىز ئۈچۈن ئاشۇنداق مۇقەددەس روھنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئوغلانلارنىڭ قەبرىسىگە قويدۇم. گەرچە بۇ يەردە كېچە-كۈندۈز يېنىپ تۇرىدىغان «مەڭگۈلۈك يالقۇن» بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا قەبرىلەردىن ھەتتا «مەڭگۈلۈك يالقۇن»نىڭ تەپتىدىنمۇ كۈچلۈك سىرلىق ئوت يالقۇنلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ئۆرلىگەن ھارارەت كىشىلەر قەلبى بىلەن قوشۇلۇپ، ئالەمنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان ئوت يالقۇنى كەبى مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلاتتى.

مەن بۇ قەبرىلەر ئالدىدا تۇرۇپ ئويغا پاتتىم. كىرىملىن تېمى يېنىدىكى ئاشۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن خاتىرىسى» ھەرقاچان گۈللەر بىلەن بېزىلىدۇ. ئەپسۇس، بۇ قەبرىلەر ساڭا گويا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراۋاتقان ئادەمدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە بۇ قەبرىلەرمۇ ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت گۈللەر بىلەن بېزىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟!

بىزنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغان ھەتتا ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى ئالدىدا خىجىل بولىدىغان يەرلىرىمىز خېلى كۆپ. بىز يەنە بىزنىڭ بەخت-سائادىتىمىز ئۈچۈن شېھىت بولغان تالاي ئوغلانلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىگە گۈل قويالىدۇقمۇ؟ يامان يېرى شۇكى، بىز ھەتتا بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرى نەدە ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمەيمىز...

1995-يىلى غۇلجىغا يەنە بىر قېتىم باردىم ۋە باغچىغا بىر دەستە گۈل ئېلىپ كىرىپ ماڭا تونۇش بولغان قەبرىگە چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە گۈللەرنى قويدۇم. قولۇمنى دۇئاغا كۆتەردىم. دەل شۇ چاغدا ئاپئاق توي كىيىمى كىيىپ، قولىدا قىزىل ئەتىرگۈل كۆتەرگەن نازاكەتلىك قىز بىلەن قاملاشقان قارا بۇرۇتلۇق يىگىتنى ئارىغا ئالغان، قوللىرىدا گۈللەر كۆتۈرۈشكەن بىر توپ ياشلار قايغۇ ۋە شادلىق ئارىلاش ۋاڭ-چۇڭلىرى بىلەن قەبرە يېنىغا كېلىشتى-دە، سۈكۈتتە تۇرۇشتى. قىز بىلەن يىگىت گۈللەرنى ئەخمەتجاننىڭ قەبرىسىگە قويدى ۋە ئارقىدىن ھەممەيلەن قوللىرىنى دۇئاغا كۆتەردى. مەنمۇ ئىختىيارسىز شۇلار بىلەن بىرگە بۇ توي مۇراسىمىغا قاتناشتىم. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن روھى ھامان ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. ئۇ، كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، ئۇلغىيىپ، يېڭى ئەۋلادلارنىڭ تومۇرىدىكى قانلار بىلەن بىرگە ئاقىدۇ!

مەن خىياللارغا پاتتىم. خىياللىرىمنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان. مەكتەپتىن يېنىپ كېتىۋېتىپ قىزىل مەيدانغا بارغۇم كەلدى. چۈنكى قىزىل مەيدان بىزنىڭ ئىنستىتۇتتىن پىيادە 20 مىنۇتلۇق يول ئىدى. قىزىل مەيداننى بىردەم ئايلاندىم. كېيىن قەدىمىم ئاستا-ئاستا كىرېمل سارىيى يېنىدىكى ئالېكساندىروۋسكى باغچىسىغا قاراپ تاشلاندى، يەنىلا شۇ ئادىتىم بويىچە گۈل سېتىۋېلىپ «مەڭگۈلۈك يالقۇن»نىڭ قېشىغا بېرىپ گۈل قويدۇم-دە، چوڭقۇر خىياللارغا پاتتىم...

www.uyghurkitap.com

## ئەتىرگۈل ۋە كىتاب

1990-يىلىنىڭ بېشى ۋە س س س ر پارچىلانغان دەسلەپكى يىلى — 1991-يىلى موسكۋا ھەققىدىكى خىياللىرىم تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن چاغ بولدى. ھەممە يەردە ئۆچىرەت، ماگىزىنلاردا نەرسىلەر، بولۇپمۇ يېمەك-ئىچمەك خېلىلا كەمچىل ئىدى. بەزى تاۋارلار ئىسكىلاتقا سولانغان، موسكۋا شەھىرىدە بىر خىل جىددىيچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. لېكىن ئىككى نەرسە ھەممىلا يەردە ھاياتقا گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇراتتى. بۇ نەرسە — ھەر خىل گۈللەر ۋە رۇسلارنىڭ ھاياتىدا ئىككىنچى بولكا دەپ ئاتالغان كىتاب ئىدى.

چىرايىدىن ئېغىر روھىي بېسىم چىقىپ تۇرغان رۇس كىشىلىرى، پەقەت بىرلا نەرسىدىن يەنى كىتابتىن ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپالايتتى. ئاپتوبۇس، تراموۋاي، مترو، سامالىيوت، تاكسى ھەتتا پىيادە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ قولىدىن گېزىت، كىتابلار چۈشمەيتتى (ئۇلار تېز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈندىلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدىن تولۇق، ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇشقا تىرىشاتتى. ئەگەر بىر كۈن تېلېۋىزور ياكى گېزىت خەۋەرلىرىنى كۆرەلمەي قالسا خۇددى بىرەر كۈن ئاچ قالغاندەك ئەپسۇسلۇقتىن ئىچى سىقىلاتتى). شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مترو، تراموۋايلاردا، ئاپتوبۇس، تاكسىلاردا ھەمدە پىيادە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەر خىل چىرايلىق گۈللەرنى كۆتۈرۈۋالغىنىنى، شۇنداقلا چىرايىدىن بىر خىل خۇشاللىق ياكى ئاللىقانداق جىددىيلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ، جۈملىدىن رۇس خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر خىل خاتىرە كۈنلىرىدە ئۆزئارا گۈل تەقدىم قىلىش، ياش يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەن قىزلىرىغا دائىم گۈل سوۋغا قىلىپ تۇرۇش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغانىدى. مۇنداق چاغلاردا قىز تەرەپنىڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈللىرى ئاساس قىلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزئارا دوستلۇق، ھەر خىل ھېيت-بايرام، بولۇپمۇ «ئاياللار بايرىمى» ھەمدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا مەلۇم نەتىجە قازانغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ گۈل تەقدىم قىلىناتتى. ئۇلاردىكى يەنە بىر ئېسىل ئەنئەنە، بىزگە ئوخشاشلا كونسېرتلاردا ئۆزلىرى خالىغان ئارتىسلارغا گۈل تەقدىم قىلىشتىن سىرت خىزمەت، ئىلمىي ئەمگەكلەردە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغىمۇ گۈل تەقدىم قىلىش ئادەتكە ئايلانغانىدى. (بۇ خىل گۈل تەقدىم قىلىش گاھىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىنمۇ ئېلىپ بېرىلاتتى، ئەلۋەتتە.) گۈل تەقدىم قىلىشنىڭمۇ ئۆز قائىدىسى بولۇپ، تاق سان ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ دەپ قارىلاتتى. ئادەتتە تەقدىم قىلىنغان گۈللەر 3 ياكى 5، 9، 11 تالدىن تەشكىل قىلىناتتى. مەيلى قانچىنى تەقدىم قىلىڭ خۇشاللىق، ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن تاق سان بولۇش كېرەك ئىدى. جۈپ سان چوقۇم قايغۇدىن دېرەك بېرىدۇ دەپ قارىلىپ مۇسىبەت خاتىرىسى ئۈچۈن مۇشۇ جۈپ سان بويىچە گۈل قويۇلاتتى.

قىسقىسى گۈل تەقدىم قىلىش رۇسلارنىڭ، جۈملىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، سىمۋول خاراكتېرلىك بىر ئەنئەنە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا موسكۋاغا كەلگەن جۇڭگولۇقلارمۇ رۇسلارنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆگىنىپ ئۆزئارا گۈل تەقدىم قىلىدىغان بولۇشقانىدى. ھەتتا گۈل تەقدىم قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ رومانتىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن مەستخۇش بولغان، ئەمما بۇ ھەقتىكى قائىدىلەرنى پىششىق بىلىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن بىر جۇڭگولۇق ساۋاقدىشىم، موسكۋاغا كېلىپ 2-ھەپتىسىلا بىر گۈزەل رۇس قىزىغا گۈل تەقدىم قىلغانىكەن، ئەپسۇس، ئۇ قىزنىڭ تەشەككۈرىنى ئەمەس، ئەكسىچە تىل-ئاھانىتىنى ئاڭلاپتۇ. ئەسلى ساۋاقدىشىم ئۇقۇشماسلىق بىلەن ئۇ قىزغا تۆت دانە گۈل تەقدىم قىلىپ قويغانىكەن. بۇ گۈللەرگە خۇش بولۇش ئەمەس، ئەكسىچە خاپا بولغان ئۇ قىز «كىمگە شۇملۇق تىلەيسەن! كۆتەر بۇ نېمەڭنى!» دەپ ۋارقىراپ گۈللەرنى بېشىغا

www.uyghurkitap.com

ئاتقاندا بۇ جۇڭگولۇق ساۋاقدىشىم داڭقىتىپ قېلىپ يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي نەچچە كۈنگىچە بېشىنى سىلىپ يۈرگەنكەن. ئۇ پەرىشانلىق ئىچىدە بۇ ئەھۋالنى ماڭا ئېيتقاندا مەن ئۆزۈمنى باسالماي كۈلۈپ كەتكەنىدىم. ئىككىمىز چىرايلىق بەش دانە ئەتىرگۈل ئېلىپ ھېلىقى قىزنىڭ قېشىغا يەنە باردۇق. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقنى ئېيتتىم، «بىزنىڭ جۇڭگودا ئوغۇللار قىزلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ جۈپ ساندا گۈل تەقدىم قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ قائىدىسى بويىچە سىزگە تۆت دانە گۈل تەقدىم قىپتۇ» دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ قويدۇم. قىز خۇشاللىق بىلەن گۈلنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇ قىز بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. كېيىن بۇ ھېكايە ئاسپىرانتلار ئارىسىدا تارقىلىپ لەتىپىگە ئايلىنىپ كەتتى.

گۈلدىن ئىبارەت تەبىئىي گۈزەللىك ئارقىلىق ئىنسانلار ھاياتلىقنى بېزەيدۇ ھەمدە ھاياتلىقنى قەدىرلەيدۇ ۋە سۆيىدۇ. يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكەندەك ياۋروپالىقلارنىڭ، جۈملىدىن رۇسلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا شۇنچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان گۈل، ئەلۋەتتە بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. گۈل ئۆستۈرۈش، گۈل پەرۋىش قىلىش، شۇنداقلا گۈل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پاك، سەممىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى. بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلنى ياكى ئەتىرگۈلنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ چېچىغا قىستۇرۇپ قويۇش ياكى قىزلىرىمىز. ئۆزلىرى چېچىغا گۈل قىسىپ يۈرۈش بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى. بىزنىڭ ھاياتىمىزدا گۈل شۇنچىلىك قەدىرلىك بولغاچقا قىزلىرىمىزنىڭ ئىسمىغىمۇ «گۈل» ئىبارىسى قوشۇپ ئاتايمىز. بۇ ئادەت مېنىڭچە پەقەت بىزگىلا خاس بولسا كېرەك. ھەتتا ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكىمىزدىمۇ كۆپلىگەن دورىلارغا قىزىلگۈل قېتىپ ياساپ ئىستېمال قىلىمىز، قىزىلگۈلدىن ئېسىل ئىچىملىك ياسايمىز. ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى بولغاندا قۇرۇتۇلغان قىزىلگۈل بەرگىنى تاۋۇت ئىچىگە چاچىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي قول سانائىتىمىزدىمۇ گۈلنى يۇقىرى ئورۇندا قويۇپ رەختلەرگە، گىلەملەرگە، تەڭلىمات-كىگىزلەرگىمۇ گۈل باسىمىز. رەختلەرگە ئېسىل گۈل نۇسخىلىرىدىن كەشتە ئىشلەيمىز. ئۇيغۇر مىمارچىلىقىدىمۇ گۈل نەقىشلىرى ئىشلەش بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىمىز. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن لۇتفى، ناۋائى، خىرقىتى، زەلىلى، نىزارى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ گۈل توغرىسىدا ئېسىل مىسرالارنىڭ قالدۇرۇلغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئەپسۇسكى، ھازىر بىزنىڭ گۈلگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن ئېسىل ئادەتلىرىمىز يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. پاك مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى سۆپىتىدە قىزلىرىمىزغا گۈل تەقدىم قىلىدىغان ئادەتلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن يوقالغان (گەرچە قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ). بىزنىڭ گۈلنى شۇنداق قەدىرلىگەنلىكىمىز بىزنىڭ ئەسلىدىنلا ئانا تەبىئەتنى ۋە تەبىئىي گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل، سەممىي، تىنچلىقپەرۋەر خەلق ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. نىيىتىمىزنىڭ ساپلىقى، كۆڭلىمىزنىڭ ئاقلىقى تۈپەيلىدىن يۇرتىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەرقانداق مېھماننى دەستە-دەستە گۈل تەقدىم قىلىپ كۈتۈۋالىمىز ھەمدە چىن سەممىيلىك بىلەن مېھمانلارنى سورۇنىنىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىپ ئۆزىمىز پەگادا ئولتۇرىمىز ئەمەسمۇ؟ بار نەرسىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىچ سىرىمىزنى قوشۇپ ئايىماي مېھماننىڭ ئالدىغا تۆكۈپ، ئۆزىمىز ئاچ-زېرىن يۈرۈشكە رازى ئەمەسمۇ؟... قىسقىسى، گۈل مەنىۋى كامالەتكە تەلپۈنگۈچى ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەڭ يارقىن سىمۋولى.

مەن موسكۋادا ياشاش جەريانىدا قانچىلىك گۈل تەقدىم قىلغانلىقىم ۋە باشقىلارنىڭ ماڭا قانچىلىك گۈل تەقدىم قىلغانلىقى ئېسىمدە يوق. بىر مەنزىرە تاھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن

كەتمەيدۇ.

1991-يىلى قارلىق كەچ. مەن مېھمانخانىدىن يېنىپ ياتقىمغا قايتىش يولىدا ئالدىمدا مەندىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدا ئىت يېتىلەپ كېتىۋاتقان زىلۋا بويلۇق بىر قىزغا كۆزۈم چۈشتى. قىز يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشىدىن تاماكا سورىۋېدى، ئۇ كىشى تاماكا يوقلۇقىنى ئېيتتى. يەنە بىرسىدىن سورىغانىدى، ئۇ كىشي تاماكا چىقىرىپ قىزغا بەردى ھەم قىزنىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەرگەچ قىزغا پوخۇرلۇق قىلدى. قىز ئەمدىلا بىر شورىغان تاماكىنى ئاغزىدىن شۇ زامات يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلىدى-دە، كېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن قىز يەنە تاماكا چېكىپ كېتىۋاتقان بىر ئېگىز بويلۇق كىشىدىن تاماكا سورىدى. يىگىت تاماكىدىن بىر تال بېرىپ ئوت تۇتاشتۇرغاچ قىزغا بىرگە سەيلە قىلىش تەكلىپىنى قويىدى. قىز بىرنېمىلەرنى دەپ قارشىلىق بىلدۈرگەندەك قىلدى. يىگىت ئۇنىڭغا يەنە گەپ ئاچتى. ئاخىرى قىز تاماكىنى تاشلاپ، ئۇيناقلاپ تېپچەكلەپ كېتىۋاتقان كۈچۈكنى سىلىكىپ تارتقىنىچە كېتىپ قالدى. دېمەك بۇ قىزنىڭ بەك خۇمارى تۇتقان بولسىمۇ تاماكا ئالاي دېسە يېنىدا پۇلى يوق، چەكمەي دېسە ئامال يوق ھالەتتە قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاخىرى مەن قىزغا يېتىشىۋالدىم-دە، ئۇنى توختاتتىم. قىز ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن خاپا چىراي ھالەتتە قارىدى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەكەللۇپ بىلەن، — مېنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. بىر مىنۇت مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرسىڭىز، مەن سىزگە تاماكا ئەكېلىپ بېرەي.

قىز ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ قارىدى. كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىدا ئۇنىڭ مۇرىسىگە چۈشكەن ئالتۇن چاچلىرى جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەگمە قاشلىرى قاڭشارلىق بۇرنىغا خوپ ياراشقان، ئۇزۇن كىرپىكى يوغان، چوڭقۇر كۆزلىرىگە قوشۇلۇپ ئادەمگە بىر خىل سېھىرلىك تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. ئەمدىلا 17-18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزنىڭ ئاپئاق يۈزىدىن جىددىي ئەمما سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان كۆزىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يەنىلا پاكلىق ۋە ھاياتىي كۈچ يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ ماڭا ئىشەنچسىزلىك بىلەن كۆزلىرىنى يالت قىلىپ تىكتى-دە:

— مەن سىزدىن تاماكا سورىمىدىم، كەچۈرۈڭ. ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس. رەھمەت، — دېدى ئۇ رەت قىلىپ.

— باياتىنقى ئادەملەرگە مېنى ئوخشاتماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن.

— ھە، سىز ھەممىنى كۆرۈپسىز-دە، بولدى، ھازىر مېنىڭ خۇمارىم بېسىقتى، — دېدى قىز.

بىز ئاشۇنداق پاراڭلاشقاچ مىترونىڭ يېنىغا كېلىپ قالدۇق. مەن دەررۇ بېرىپ بوتكىدىن ئىككى قاپ تاماكا، بىر دانە چاقماق ئالدىم-دە، ئۇنى قىزغا بەردىم ھەم تاماكىغا ئۆز قولۇم بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەردىم. قىز تاماكىنى شورىغاچ ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ مەندىن ھېلىقى ئادەملەرگە ئوخشاش تاماكىنى بېرىپلا ئاللىقانداق بىرەر شەرت قويىدۇ دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئۇ تاماكىنى ئارقا-ئارقىدىن شوراپ سورىدى:

— سىز تاماكا چېكەمسىز؟

مەن تاماكا چەكمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ خىجىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ تاماكا چېكىشىنى ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى، سىنىپتا بىرگە ئوقۇيدىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاساسەن تاماكا چېكىدىغانلىقىنى، ئىمكان بار تاماكىنى تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، چىرايلىق ئېچىلغان ئەترگۈلدىن ئۈچنى سېتىۋېلىپ قىزنىڭ يېنىغا باردىم. قىز كەتمەي مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مەن قىز مېنى ساقلىماي كېتىپ قالارمۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەكسىچە ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، مەن گۈلنى قىزغا بەردىم. قىز تېخىمۇ ھەيرانلىق بىلەن گۈلنى ئالدى-دە،

ماڭا قاراپ سۆزسىز تۇرۇپلا قالدى. سۆھبەت ئارىلىقىدا قىز مەندىن:

— سىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام، قىز ھەيرانلىق بىلەن:

— مەن سىزنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۆزبېك، ياكى قازاق دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. راستىنى دېسەم سىز جۇڭگولۇققا ئوخشىمايدىكەنسىز، — دېدى.

مەن قىزغا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى، جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگودىكى چوڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن قوشنا ۋە نۇرغۇن جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— مەن بۈگۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، — دېدى قىز ھاياجان بىلەن، — مېنىڭ بوۋام دەل ئۇيغۇرشۇناس ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرىنى ئوقۇغان. ئىش قىلىپ بوۋامنىڭ شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە خېلى داڭلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بىز ھازىرغىچە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ساقلاۋاتىمىز. قارىسىڭىز ھەممىسى شەرقشۇناسلىق تارىخىغا ئائىت كىتابلار. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ شەرقتىكى نۇرغۇن جايلارغا بارغانلىقىنى ئېيتقان ھەتتا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ماڭا كۆپ ھېكايىلەر-نى سۆزلەپ بەرگەن، ئويلىمىغان يەردىن بوۋام سۆزلەپ بەرگەن مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۇچرىتىپ قاپتىمەن. بەك ياخشى بولدى. خالىسىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ، مەن سىزنى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە تونۇشتۇراي. بوۋامنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈپ بېقىڭ. قىزىقسىڭىز ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇڭ، — دېدى.

— مەنمۇ بەكلا خۇشال بولدۇم، ئۇيغۇر-شۇناسنىڭ نەۋرىسى بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالىدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن، — دېدىم مەن.

مەن قىزغا خۇشاللىق ۋە نەتىجە تىلەپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مېترو تەرەپكە ماڭدىم. مېترو ئىشىكىدىن كىرىشتىن ئىلگىرى ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام ئۇ قىز گۈلنى تۇتقىنىچە ماڭا قېتىپ قالغاندەك قاراپ تۇراتتى. شۇ چاغدىلا مەن ئۇ قىزغا دادىللىق بىلەن ئېغىز ئېچىپ ھەتتا گۈل تەقدىم قىلىپ ياخشى قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ يارىشىملىق، لاتاپەتلىك پىگورىسى كۆزۈمگە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈندى. ئۇنىڭ ماڭا مېتروغا كىرىپ كەتكىچە قاراپ تۇرغىنىدىن شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كىرگەندە ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭدىن بۇ گۈلنى كىم تەقدىم قىلدى؟ دەپ سورىسا، بۇنى بىر ئۇيغۇر تەقدىم قىلدى دەر. ئائىلىدىكە-لەر بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ناھايىتى خۇشال بولار. ھەتتا ساۋاقداشلىرىغا، دوستلىرىغا ئۆزلىرى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەر.

تەقدىرنىڭ ئەڭ قىزىق يېرى شۇكى، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ مەن موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا جۇڭگوشۇناسلىق سىنىپىغا دەرس بەرگىنىمدە ناتاشا ئىسىملىك بۇ قىزمۇ موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېت-نىڭ جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن-دى. ئۇ قىز سىنىپتا ئەلاچى بولۇپ ئوقۇپ كەتتى. شۇ سائەتلىك دەرستە مەن ئوقۇ-غۇچىلارغا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرنىڭ سۈرەتلىك ئالبوملىرىنى كۆرسەتتىم، شۇنداقلا رۇس ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم. ئىلگىرى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان بۇ ياش ئوقۇغۇچىلار مانا ئەمدى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالغانىدى. كېيىن ئۇ قىز ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرشۇناس بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ناتاشا بىكار ۋاقىتلىرىدا رۇس ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كىتابلىرىنى خېلى كۆپ ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمى سىنىپ بويىچە خېلى مول ئىدى. ناتاشا ۋە سىنىپتىكى بىرقانچە بالا بىلەن ئۇيغۇرشۇناس

www.uyghurkitap.com

بولۇشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، تارىخىنى، مەدە-نىيىتىنى ئۆگىنىپ بۇ ساھەدە بۇرۇنقىلار قىلغان ئۆز ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىغانلىقى-نى بىلدۈرۈشتى.

دېمەكچىمەنكى، ئاشۇ قارلىق كېچىدىكى ئاددىيغىنە بىر دەستە گۈل نېمىدېگەن خاسىيەتلىك بولغان-ھە! ئاشۇ ئاددىيغىنە گۈل ناتاشانىڭ قەلبىدە قانچىلىك ئورۇن تۇتقان بولسا، ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئاشۇ گۈل ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغانىدى.

رۇسلارنىڭ (باشقا خەلقلەردىمۇ بار ئەلۋەتتە) كىتابقا بولغان مۇھەببىتى نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى رۇس زېمىنىغا تۇنجى بولۇپ ئاياغ باسقان كىشى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ. رۇسلار كىتابنى مەنىۋى بايلىق شۇنداقلا ماددىي ئوزۇقلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەنگەچكە كىتابقا «2-بولكا» دەپ نام بەرگەن.

دېمەكچىمەنكى، رۇس ھاياتىدا بولكا (نان) بىلەن كىتاب تەڭ ئورۇندا تۇرغانىدى. مەيلى ئىشچى-دېھقان ياكى ئالىم بولسۇن كىتابقا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز مەخسۇس كىتاب جاۋىنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇلار ئادەتتە سىز بىلەن پاراڭلاشقاندا چوقۇم ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەر ياكى مەلۇم بىر يازغۇچى توغرىسىدا قىزغىن سۆھبەتلىشىدۇ.

رۇسلاردا بىر-بىرىگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىتابنى تەقدىم قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. ھەتتا قىز-يىگىتلەرمۇ دوستلۇق ۋە مۇھەببەت خاتىرىسى ئۈچۈن ياخشى يېزىلغان كىتابلارنى تەقدىم قىلىشىدۇ.

يېقىنقى ۋاقىتلاردا بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن مەخسۇس كىتابپۇرۇشلار، كىتاب ۋە نەشرىيات سودىگەرلىرى كۆپەيدى. كۆپلىگەن نەشرىياتلار ۋە فوتوگراف ئورۇنلىرى شەخسلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى ياكى ھۆددىگە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە نەشرىياتچىلىقى-دا يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرى باشلىنىپ، نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سۈپىتى، تۈرى تېخىمۇ ئاشتى، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. بۇرۇنقى ئىدېئولوگىيىلىك كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان نەشرىيات سودىگەرلىرى ۋە نەشرىياتچىلار بازار ۋە كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھەر خىل تېمىدىكى كىتابلارنىڭ تارقىتىش بىلەن بىرگە بازار ئىگىلىكىگە جىددىي ئېھتىياجلىق كىتابلارنى كۆپلەپ باستى. شۇڭا ھازىر موسكۋانىڭ ھەرقانداق كوچىسىدا، ھەرقاندا ق مېترو ئىستانسىسى زاللىرىدا كۆپلىگەن كىتاب يايمىچىلىرىنى كۆرىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاخبارات ساھەسىنىڭ ئەركىنلەشتۈرۈ-شى بىلەن يېڭى-يېڭى گېزىتلەر نەشر قىلىندى. بەزىلىرىنىڭ ناملىرى ئۆزگەرتىلىپ مەزمۇن، سۈپەت جەھەتتىن تامامەن يېڭىچە تۈس ئالدى. بەزى چاغلاردا ئاشۇ كۈندىلىك چىقىۋاتقان گېزىتلەرنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش مۇمكىن بولسا ئادەمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، روسىيە ۋەزىيىتى، دۇنيا ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى خېلى يېتەرلىك ھالدا ئۆسكەن بولاتتى. ھازىر بۇ يەردىكى ئادەملەر غەرب دۆلەتلىرىگە ئوخشاشلا گېزىت ئوچۇرلىرى بويىچە ئىش ئىزلەيدىغان، ئۆزلىرىگە جۆرە تاپىدىغان، شۇنداقلا باشقا ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىدىغان ھەتتا شۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسەن تىجارەت قىلىدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىرقانچە يىلنىڭ ئىچىدىلا بارلىققا كەلدى.

روسىيىلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۈستۈن بولۇشى مەدەنىيەت سەمەرىسى بولغان كىتابنى قەدىرلەش ۋە سۆيۈش بىلەن بىرگە ئۆز تۇرمۇشى، ئۆز ھاياتى، ئۆز مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر خىل سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن-لىكىدىن بولغان. سىز بۇ يەردە مەيلى بوۋاي-موماي ۋە ياكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسۇن ھەرقانداق كىشىدىن روسىيە ۋەزىيىتى، بولۇپمۇ ھاكىمىيەت تالىشىۋات-قان كىشىلەر توغرىسىدا سوئال سورىسىڭىز،

شۇ زامان سىزگە ئۆز كۆزقارىشىنى ئوچۇق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ناتىقلىق، سۆزمەنلىك نۇتۇقۇقا ئەھمىيەت بېرىش روسىيىلىكلەرنىڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز سەۋىيىسى بويىچە ناھايىتى چىرايلىق، راۋان جۈملىلەر بىلەن ئۆز كۆزقارىشىنى ئەركىن بايان قىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى بىزگە سېلىشتۇرساق ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە ناتىقلىق ئالاھىدىلىك ناھايىتى كەمچىل ئىكەنلىكىنى سېزىش مۇمكىن. بىزنىڭ ستودېنتلىرىمىز، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز، خىزمەتچىلىرىمىز، باشلىقلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن قەغەزگە قارىماي تۇرۇپ مىكروفون ئالدىدا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئەركىن، دۇدۇقلىماي بايان قىلالمايدۇ. ئادەتتىكى سۆھبەتتىمۇ بۇ ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلىمىز، سۆزلەرنى ئىشلىتىشىمىز ۋە تەلەپپۇزىمىز، سۆزلىگەن چاغدىكى روھىي كەيپىياتىمىز كۆپىنچە ھاللاردا يېقىمسىز، قوپال تۇس ئالغان. بىر يۇمشاق، مۇلايىم، ئىلمىي، ئەدەبلىك سۆزلەش بىر خىل ئاجىزلىق، ئۇ «ئەرلەرگە خاس ئەمەس» دەپ قارايمىز. ھەتتا بىزنىڭ ئاخبارات خادىملىرىمىز، يەنى مۇخبىرلىرىمىز، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى رىياسەتچىلىرىمىز، دىكتورلىرىمىز قاتارلىقلاردىمۇ بۇ خىل قوپاللىق ياكى مەنىۋى كەمتۈكلۈك كەيپىياتلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىر نەرسىنى ئېيتىش كېرەككى، ھەر مىللەت ئۆزىگە خاس مىللىي پىسخىكىغا، مىللىي تىلغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ. شۇڭا بىز باشقىلارنىڭ، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل ئېسىل ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىشىمىز، مەدەنىيەت ساپاسى ئۈستۈنرەك بولغان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئەگەر سىز تاشكەنت كوچىلىرىدا يۈرسىڭىز ئۆزبېكلەرنىڭ شۇنچە يۇمشاق، سىلىق، ئىلمىي يوسۇندا بىر-بىرى بىلەن سۆزلىشىشىنى، تىنچلىق سوراشقانلىقىنى كۆرىسىز. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرسىڭىز دىكتورلار شۇنچە لاتاپەتلىك سۆزلەيدۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە پۇختا بولۇپلا قالماي بىلىملىرىنىڭ ئاجايىپ مول ۋە ئەتراپلىق ئىكەنلىكى، كۆپلەپ كىتاب ئوقۇغانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدۇ.

يامان يېرى شۇكى، بىزدە كىتابقا يامان كۆز بىلەن قاراش، ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئەقلى ئەمگەكنى قەدىرلىمەسلىك خاھىشى ئېغىر، بۇ بىزنىڭ ئەڭ نومۇس قىلارلىق ئاجىزلىقىمىز. بىزدە 80% ئادەمنىڭ كىتاب ئوقۇمايدىغانلىقى ئېنىق. ئىلمىي خادىملار، كىتاب سۆيەر كىشىلىرىمىزنى كىتاب مەستانىسى ياكى كىتاب خالتىسى دەپ شاڭخو قىلىدىغان، كىتاب سېتىۋالغۇچىلارنى كۆرسە مەسخىرىلىك قاراپ قويىدىغان ئىش پەقەت بىزدىلا مەۋجۇت بولسا كېرەك. كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان، بىلىم ئىشقىدا يۈرگەن ئادەملەرنى پەس كۆرىدىغان ئىللەت بىزدىلا بار، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كىم بەك تىرىشسا، كىم كېچە-كۈندۈز كىتاب كۆرسە ئۇنى ئارىغا قاتمايدىغان، ئۇنىڭغا ھەر خىل ناملارنى بېرىدىغان ھەتتا ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەھۋال كەڭ ئەۋج ئالغان. ئۇنداق باللار ھەر جەھەتتىن چەتكە قېقىلىدۇ، ھاقارەتلىنىدۇ، مازاق قىلىنىدۇ. ئۆي-ئوچاقلىق كىشىلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەھۋالدا يەنىلا زور پەرق يوق؛ قىمار ئوينىغان، زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن ياكى ئىچىملىكلەرگە زىيادە بېرىلگەن ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى شۇنىڭغا چىدايدۇ-يۇ، كىتابخۇمار كىشى بىرەر كىتاب سېتىۋالسا، ئايالى بۇنىڭغا چىدىمايدۇ، تاپا-تەنە قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ كىشى ئايالىدىن يوشۇرۇن كىتاب سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ... بۇ نېمىدېگەن زور مەدەنىيەتسىزلىك، نېمىدېگەن زور پاجىئە-ھە؟! بۇنداق پاجىئە پەقەت بىزدىلا مەۋجۇت. ئەگەر سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى يۈكلەنگەن ئاشۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ يامان ئىللەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا...

خەلقىمىز ساۋاتسىزلىق، نادانلىق، كەمبەغەل-

لىك، كېسەللىك دەردىدىن پۈتۈن ئۈمىدىنى
ئاشۇ جەسۇر، قانلىرى قايناپ، جىسمانىي قۇۋۋىتى
ئۇرغۇپ تۇرغان ستۇدېنتلارغا، ئاشۇ ئوت يۈرەك
ياش ئەۋلادلارغا يۆكلىگەن تۇرسا ئۇلار تېخىچە
ئۆزلىرىنىڭ خەلق، مىللەت، شۇنداقلا كېلەچەك
ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنى ئۇنتۇپ، يەنىلا
بىر-بىرىنى ھاقارەتلەپ يۈرۈشمەكتە ۋە تەستە
قولغا كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تىرىشىپ
ئۆگەنمەي، شۇنداقلا يېڭى شارائىتلارنى، يېڭى
پۇرسەتلەرنى يارىتىشقا ئۇرۇنماي، چۈشكۈنلۈك
قاپلىغان نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئالدىغا ئەمەس
ئارقىغا قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ساۋاتسىز ئادەم
لەردەك قوپال، گېپىنىڭ تۇتامى، باش-ئاخىرى
يوق، ئەركىن بايان قىلىشنى، مۇستەقىل پىكىر
يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنەلمەيدۇ. رۇس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالى
بولسا ئۇنداق ئەمەس.

موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس
ئۆتۈش، 1991-يىلىنىڭ بېشىدا موسكۋا ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا-ئافرىقا ئىنستىتۇتىدا يۇقىرى
يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرقانچە
لېكسىيە ئاڭلاش، شۇنداقلا ئالمائاتا ۋە تاشكەنت،
سانكت پېتربورگ قاتارلىق شەھەرلەردىكى
ئالىي مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا
كۆپ نەرسىلەرنى ھېس قىلدىم.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى
پسخىكا ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەر-
دىن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. نەتىجىدە مەن ئىككى
دۆلەتنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى ئۆزگىچە مېتودىكى-
لىق پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رۇس
ئوقۇغۇچىلىرىدا ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىق يۇقىرى
بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ ناھايىتى
كەڭرى، بىلىمىنىڭ چوڭقۇر، مۇستەقىل، ئەركىن
پىكىر قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش روھىغا ئىگە
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
پارچىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان بۆگۈنكى روسى-
يىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىياسىي،
ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر
بېسىم تۈپەيلىدىن زور قىيىنچىلىققا يولۇققان
بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار
يەنىلا چىداشلىق بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتى-
دۇ، ئۇلار روسىيە جەمئىيىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ
زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان پاجىئەلىك تەقدىرىگە
ئېچىنىش، رۇس مىللىتىنى كىرزىستىن قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن
غەلىبە قازىنىش ئىشەنچلىرىنى ئۇرغۇتۇپ يەنىلا
تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. ھەر خىل سىياسىي،
ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ،
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى ئورتاق
مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن قۇربان قىلىۋاتىدۇ.
كېيىنكى ئېيتىمەنكى، رۇس ستۇدېنتلىرىنىڭ
قىيىنچىلىققا چىداش روھى بىزنىڭ ئۇيغۇر ستۇدېنت-
لىرىمىزدىن كۈچلۈك. رۇس ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش،
ئۆگىنىش، قىسقىسى كەڭرى بىلىمگە ئىگە بىر
ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىش ھەر بىر ياشنىڭ
مەجبۇرىيىتى دەپ قارايدۇ. بازار ئىگىلىكى
يولغا قويۇلغاندىن كېيىن روسىيىدە كەمبەغەل
بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن
چوڭ بولدى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ياشاش
ئۈچۈن پۇل تېپىشقا، چوڭ-كىچىك سودا-سېتىق
بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. زىيالىيلارنىڭ
مائاشى بىراقلا چۈشۈپ كۈن ئۆتكۈزۈش
ناھايىتى تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالدى.
ھەممە جايدا زىيالىيلار، مائارىپچىلار تەبىقىسى
ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ تەسۋىرلىگۈسىز
ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى. بىلىمى بار
ئادەملەرنىڭ ئىناۋىتى يەرگە ئۇرۇلغان بولسىمۇ،
لېكىن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئاڭ سەۋىيىسى-
نىڭ يۇقىرىلىقى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق پۇل
تاپقان باي، ئەمەلدار، ھەتتا قاراقچىنىڭمۇ
بىلىمى بار ئادەملەر ئۇچرىسا ئۇلارغا تەكەللۇپ
قىلىۋاتقان، ئەيۇ سوراۋاتقان، ھۆرمەت
قىلىۋاتقانلىقىنى ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىش
مۇمكىن. ئۇرغۇنلىغان سورۇنلاردا يەنىلا
ستۇدېنتلارغا، سولداتلارغا ئېتىبار بېرىش،
ئۇلارنى ھۆرمەتلەش پۈتۈن جەمئىيەت
خاراكتېرلىك ھادىسە. چۈنكى، مەيلى باي
مىليونېر بولسۇن ياكى قاراقول گۇرۇھلارنىڭ
ئادەملىرى ۋە ياكى ئىشچى-دېھقان، ئادەتتىكى

www.uyghurkitap.com

پۇقرا بولسۇن، ھەممىسىنىڭ نەزەرىدە بىرلا نەرسە، يەنى «ۋەتەن»، «روسىيە» دېگەن مۇقەددەس ئۇقۇم مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ھەممىلا جايدا ھەتتا ئاپتوبۇس، مېترولاردىمۇ روسىيىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىپ بىر-بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، مۇشتلىشىپ كەتكەن كىشىلەرنى دائىم ئۇچرىتىش مۇمكىن. رۇس ستودېنتلىرى، جۈملىدىن رۇس زىيالىيلىرى ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئەڭ باش قاتۇرىدىغان زور كۈچ. ئۇلار ئېگىلمەس-سۇنماس روھ — ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان روھقا ئىگە. رۇس زىيالىيلىرىدا بىزدىكىدەك ئىنتىپاقسىزلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئۆز مەنپەئەتىنى ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ساختىپەزلىك ياكى ئىرادىسىزلىك، بوشاڭلىق، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئىللەتلىرى مەۋجۇت ئەمەس. نادان خەلقنى ئالدايدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئاسىيلىق قىلىدىغان، پىشقەدەملىرى بىلەن ياشلىرى بىر-بىرىگە ئۆزئارا ئورا كولايدىغان، بىر-بىرسىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىپ تۆھپىلىرىنى ئىنكار قىلىشىدىغان، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن مەشھۇر خەلق رەھبەرلىرىنىڭ، ئالىم، شائىر، يازغۇچىلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا، ئەمگىكىگە توغرا، ئىلمىي باھا بەرمەستىن، ئۇلارنىڭ زىددىيىتىگە تېگىدىغان ئەخلاقسىز قىلمىشلار، قوپال راق ئىپتىقاندا قارا قورساقلىقلار مەۋجۇت ئەمەس. ھازىر بىزدە پۇلى بار بىلەن ئىلمى بارلارنىڭ، ھوقۇقى بارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق ئىنتايىن زور. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەتلا «نادانلىق» تىن ئىبارەت بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بۈگۈن بىزنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇشىغا قارىماي، بىر-بىرىنى يارىتىشمايدىغان «بىچارە» زىيالىيلىرىمىز (ئەلۋەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى) ئۆتكەنلەرنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ ئۆزلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ دۇنيادىكى ئىلغار زىيالىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، مىللەتنىڭ يۈز-ئابرويى ئۈچۈن كۆرەش قىلماستىن، ئۆزلىرىنى شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتمەكتە.

بىزنىڭ ستودېنتلىرىمىز ئۆزلىرىنى چوقۇم باشقىلارغا سېلىشتۇرۇشى كېرەك. جەنۇبىي كورىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلىم ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان قاتتىق سۆڭەك روھى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىق روھى، غەربلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى موللاشتۇرۇش روھى، رۇس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۇنيا ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش روھى بىزگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز مەيلى پىشقەدەم بولسۇن ياكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش بولسۇن چوقۇم كاللىسىنى سەگىتىپ باشقىلار قانداق، مەن قانداق؟ دەپ ئويلاپ كۆرۈشى لازىم.

ئەگەر بىز ئىلگىرى ھېچ قانداق مەدەنىيەت ياراتمىغان ياۋايى بىر مىللەت ئەۋلادلىرى بولساق ئىدۇق، چۈشكۈنلىشىپ كەتسەكمۇ ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى تارىختا جاھان مەدەنىيىتىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەتنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىمىزگە ۋە كەلگۈسىمىزگە جاۋاب بېرەلمىسەك، بىز ئۈچۈن دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جىنايەت يوق!

لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مىللىتىمىزنىڭ ئاشۇ قىزىل ئەترگۈلدەك گۈزەل ھەم ئاشۇ گۈل تۈيغۇلىرىدەك سەممىي، پاك ۋە غۇبارسىزلىقى بىلەن چوقۇم نادانلىق، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، دۇنياغا تېخىمۇ گۈزەللىك ئېلىپ كېلىدۇ. جاھان مەدەنىيەت گۈلزارلىقىدا تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. گۈل مىللىتىمىزنىڭ سىمۋولى بولسا، مەرىپەت-مەدەنىيەت مىللىتىمىزنىڭ ھاياتلىق، مەۋجۇتلۇق نىشانىدۇر.

# دەنچاڭ ۋە ئالتاي ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى

(ئەدەبىي ئاخبارات)





لوپەن، نيۇبوچىڭ

ئابدۇسالام ئابلىز، نىياز ئەمەت تەرجىمىسى

## بەشىنچى باب

(بېشى ئۈتكەن ساندا)

### يولۋاس ئۇۋىسىغا يېقىن كىرىش

مەنزىرىسى گۈزەل ئېرتىش دەرياسى ساھىلىدا كېتىۋاتقاچ غەربكە شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراۋېرىپ ئۆزۈمنى نىشاندىن ئادىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. يىراقتىكى جىمجىت ۋە قاتمۇ-قات تاغلار سىرلىق ھەم ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن ئورمانلىق تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان سىرلىق ئادەملەر توپىنىڭ ۋە نۇرغۇن ئاجايىپ-غارايىپ قانلىق ۋەقەلەرنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمايتتىم.

دەنچاڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ جىپ ماشىنىسى ئارقىمىزدىكى يېقىنلا دەرەخلىققا توختىتىپ قويۇلغانىدى، دەنچاڭ ئايلىنىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېلەيلى دېگەچكە بىز دەريا ياقىلاپ كېتىۋاتاتتۇق. ئۇ ماڭا، بۇ يەردە بوش ۋاقتىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقىمۇ ئاندا-مۇندا پۇرسەت چىقسىلا سىرتلارنى ئايلىنىدىغانلىقى، ئېرتىش دەرياسى، ھەيۋەتلىك ئالتاي تاغلىرىنى تاماشا قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، بۇ يەرنىڭ تاغ-دەريالىرىنى قىزغىن سۆيىدىكەن، بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست قازاق خەلقىگە ناھايىتى ھېرىسمەن ئىكەن.

بۇ جاي تەبىئەتنىڭ ناگان-ناگاندا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان خىلمۇ خىل ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تولىمۇ جىمجىت بولۇپ، بۇ جىمجىتلىقنى بۇزىدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئىدى.

بىز دەريا بويىدىكى بىر جايدا ئولتۇردۇق، دەنچاڭ بىر پارچە تاشنى ئېلىپ سۇغا ئاتتى. «ئىشەنمەمسىز، مۇبادا مەن ھازىر سۇغا تاشلىۋەتكەن تاشمۇ ئاشۇ بىر پارچە ئالتۇن بولغىنىدا ئىدى، بۇ يەرگە ئەتىلا ئادەملەر يىغىپ كەتكەن بولاتتى» دېدى ئۇ.

بۇ گەپنىڭ قىلچە يالغان ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدىم. راست، بۇ يەردىن ئالتۇن چىققان بولسا، ئەتە بۇ يەرنىمۇ چوقۇم كىشىلەر كولاپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە بىز كۆرگەن ئاشۇ جايغا ئوخشاشلا قىلىپ قوياتتى. مەن بۇ تەسىراتىمنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزمەن. بۇزغۇنچىلىق توغرىسىدا سۆز ئېچىلسا، مەن تەشكىلسىز بالاخورلار-نىڭ ئەڭ زور بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئۇلار تەبىئەتنىڭ دۈشمىنى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى.

دەنچاڭ ماڭا ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش خىزمىتىنىڭ دەھشەتلىكلىكى — تاشيولدا ئەتكەسچىلەر بىلەن تۇتۇشۇشلا ئەمەس، قانداق يوشۇرۇنۇش، زوكزىيىپ ئولتۇرۇش، قانداق قوغلاپ تۇتۇش، ئۇلار بىلەن پەمپا-راسەت ۋە باتۇرانە ھالدا قانداق ئېلىشىش ھەققىدىمۇ سۆزلەپ بەردى. ئادەمنى تەشۋىش-كە سالىدىغىنى ۋە خەتەرلىك بولغىنى، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بولغان ئەھۋالنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى، يولۋاس ئۇۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئەتكەسچىلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ كۈرەش قىلىش ئىدى.

## تاغ ئىچىدىن تارقالغان خەۋەر

دەنچاڭنىڭ يالغۇز كىشىلىك ياتىقىغا ئورۇق، ئېگىز بويى بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى-دە، دەنچاڭغا:

— شاڭخەيلىك خوجايىن ۋاڭ لىننى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى.

دەنچاڭ ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇۋېتىپ:

— مەن ۋاڭ لىننى تونۇمايمەن، قانداق ئەھۋال بولسا ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى. كەلگەن كىشى:

— ۋاڭ لىن ئالتۇن ساتماقچىكەن، خېلى كۆپ ئوخشايدۇ، ئۇ خېرىدار ئۇقۇشۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— بۇ قاچانقى خەۋەر، — دەپ سورىدى دەنچاڭ شۇئان روھلىنىپ.

— ئانچە ئۇزاق بولمىدى، كۆپ بولسا ئىككى-ئۈچ كۈن بولغاندۇ، — دېدى كەلگەن كىشى.

دەنچاڭ كەلگەن كىشىدىن يەنە ۋاڭ لىن توغرىسىدا بەزى ئەھۋاللارنى سورىدى. ئۇ بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەنچاڭغا ئېيتىپ بەردى، بىر سائەتتىن كېيىن دەنچاڭ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

كەچتە دەنچاڭ سوغۇق شامالدا مېڭىسىنى سەگىتىش ئۈچۈن سىرتتا يالغۇز چۆگىلىگەچ كاللىسىدا بىر دادىل پىلاننى پىشۇردى. دەنچاڭ ئەھۋالنى ئىككىنچى كۈنى سەھەردىلا يۇقىرىغا دوكلات قىلدى.

— ئەھۋال ئىشەنچلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى باشلىق قايتىلاپ.

— مېنىڭچە ئىشەنچلىك، بىرىنچىدىن، ئالتۇن چايقاشنىڭ ھوسۇللۇق مەزگىلى ئۆتۈپ كەتتى، ھەرقايسى كان نۇقتىلىرىدىكى ئالتۇن خوجايىنلىرى قوللىرىدىكى ئالتۇنلارنىڭ كۆپىنى سېتىپ بولدى، ۋاڭ لىننىڭ شۇ تاپتا ئالتۇن ساتماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇنلىرىنى يۇقىرى باھادا ساتماقچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ۋاڭ لىن دېگەن بۇ

كىشى شاخچە يىلىك. ئۇ قۇۋ تۈلكىنىڭ ئۆزى، بىز ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، خەۋەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىشەنچلىك، خەۋەرنى بىزنىڭ كونا تونۇشىمىز تەمىنلىگەن، ئىلگىرىمۇ ئۇ بىز بىلەن ھەمكارلاشقانىدى. لېكىن ۋاڭ لىنغا تاقابىل تۇرۇشتا ئىلگىرىكى توشقاننىڭ ئۇۋىسىدىن چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش ئۇسۇلى ئاقماسمىكىن، بىز ئۇنىڭ سودىلىشىش ئورنى ۋە ئالتۇن سېتىۋالىدىغان ئەتكەسچى سودىگەرنىڭ تاغدىن قايسى يول بىلەن چىقىدىغانلىقىنى ئوڭايلىقچە بىلەلمەيمىز. مېنىڭچە بىز ئەتكەسچى سودىگەر قىياپىتىدە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ۋاڭ لىن بىلەن بىۋاستە سودىلىشىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇنلارنى چاندۇرماي سېتىۋالساق، شوپۇر ئۇنى قولغا ئالسا، — دېدى دەنچاڭ.

بۇ ئەلۋەتتە ياخشى چارە ئىدى، لېكىن يولۋاس ئۇۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش، يەنە كېلىپ ۋاڭ لىننىڭ كان نۇقتىسىدىكى ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلىمىگەن ئەھۋالدا بۇنداق قىلىش بەكلا يەڭگىلتەكلىك بولامدۇ قانداق؟

دەنچاڭنىڭ قارىشىچە، ئۇ مۇنداق بىرنەچچە بايدىلىق شەرتكە ئىگە ئىكەن: بىرىنچىدىن، ئۇ ئالتۇن خوجايىنلىرى ۋە ئالتۇن ئەتكەسچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىكەن. ئىككىنچىدىن، ۋاڭ لىن ئۇنى تونۇمايدىكەن؛ ئۈچىنچىدىن، ۋاڭ لىن ئاشكارا ھالەتتە، بىز يوشۇرۇن ھالەتتە بولغاچقا پۇرسەتكە قاراپ ئىش قىلىشقا قولايلىق ئىكەن؛ تۆتىنچىدىن، سەپداشلار ئارا زىچ ھەمكارلىق ئورنىتىپ پىلاننى پۇختا تۈزگەندىلا دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدىكەن. خەۋپ كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئەتكەسچىلىك يولغا كىرگەن ئالتۇن قازغۇچى خوجايىنلارنىڭ كۆپىنچىسى جېنىدىن تويغان ئەبلەخلەر، يەنە كېلىپ كان نۇقتىلىرى ئۇلارنىڭ ئىلكىدە. ئۇلارنىڭمۇ مۇھاپىزەتچىلىرى، قولىدا قورال-ياراقلىرى — تاپانچا، خەنجەر، پارتلاتقۇچ دورىلىرى بار. ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسىڭىز ئۇلار سىزنى شۇئان جېنىڭىزدىن جۇدا قىلىدۇ. كان نۇقتىلىرىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش قۇشقاچ ئۆلتۈرگەنچىلىكلا ئىش. ئېھتىمال جەسىتىڭىز كېلەر يىلى ئەتىيازدا جاۋلىت دەرياسىدا لەيلەپ يۈرەر...

ئەمما دەنچاڭنىڭ كاللىسى قىزىپ قالغىنى يوق. ئۇنىڭ ئوي-پىكرى پىشقان. ئۇ يۇقىرى رەھبەرلىككە ئۆزىنىڭ ھەممە ئوي-پىكرىنى ۋە جەڭ پىلانىنى تەمكىنلىك بىلەن دوكلات قىلغاندىن كېيىن رەھبەرلىك ئۇنىڭ پىلانىغا ئاخىرى قوشۇلدى.

— سىزگە قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاپ بېرىمىز؟

يولۋاس ئۇۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئالتۇن قازغۇچى خوجايىنلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە مەلۇم شەرتلەرنى ھازىرلاشقا توغرا كېلەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا تەشكىل ئۇنىڭغا خىزمەت كىنىشكىسى، سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى قاتارلىق تولۇق يۈرۈشلۈك گۇۋاھنامىلەرنى ۋە مەخپىي شىفىر بىلەن ئېچىلىدىغان قاتتىق تاشلىق چامادانىدىن بىرنى تەييارلاپ بەردى، چامادانغا 400 مىڭ يۈەن نەق پۇل قاچىلانغانىدى.

ئۇنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتى دەنچاڭ بولماستىن، بەلكى ناھايىتى كاتتا باي خوجايىن ئىدى.

## لەنجۇلۇق خوجايىن جۇ يۈنلۇڭ بىلەن ئۇنىڭ شوپۇرى ۋە مۇھاپىزەتچىسى

بىر دالا ماشىنىسى كان رايونىغا بارىدىغان يولدا كېتىۋاتاتتى. ماشىنىدا ئۈچ ئادەم — ياش شوپۇر ۋاڭ ۋېنجېڭ، بەستلىك كەلگەن مۇھاپىزەتچى داچياۋ ۋە كاتتا خوجايىن جۇ يۈنلۇڭ ئولتۇراتتى.

ئېگىز بوي كەلگەن جۇ خوجايىن ئاددىيلا كىيىنگەن بولسىمۇ، قىياپىتىدىن بىر خىل خوجايىنلارغا خاس سالاپەت چىقىپ تۇراتتى. ماشىنا دەريا بويلاپ مېڭىپ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا يامىشىپ كېتىۋاتاتتى. جۇ خوجايىن جاۋلىت دەرياسى بويىدىكى شالاڭ گەمىلەرگە زەن سېلىپ قارايتتى. قوم-شېغىل كولاۋاتقان، قول ھارۋىسى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ مىيقىدا بىلىنەر-بىلىنمەس سوغۇق كۈلكە جىلۋىلىنەتتى.

ماشىنا ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى ئەتراپتىكى تاغلىق يەرلەر شۇنچە قاقاسلىشىپ باراتتى.

ئۇلار يەنىلا جىياۋلىت دەرياسىنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئەتراپلاردا ئادەم شالاڭ ئىدى، ئۇلار يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلەپ تاغ قاپتىلىنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ يەر-بۇ يەردە گەمىلەر كۆرۈندى.

ماشىنا توختىدى، جۇ خوجايىننىڭ ئىشارىتى بىلەن شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ يول ياقىسىدىكى بىرنەچچە ئالتۇن چايقىغۇچىدىن:

— شاڭخەيلىك ۋاڭ خوجايىننىڭ كان ئۇۋقىتىسىغا يەنە قانچىلىك قالدى؟ — دەپ سورىدى.

ئالتۇن قازغۇچىلار ئۇنىڭغا غەلىتە نەزەردە قاراپ قويدى-دە، زۇۋان سۈرمەستىن قوللىرى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىشتى.

ماشىنا يەنە ئالدىغا قاراپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن بىر تۆپىلىك ئالدىدا توختىدى، جۇ خوجايىن مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ماشىنىدىن چۈشتى. جۇ خوجايىن يوغان قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى، ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋېلىش ئاسانغا توختىمايتتى.

ۋاڭ خوجايىننى كۆرۈش تولىمۇ تەسكە چۈشتى. ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسلانغاندا بۇ يەر ۋاڭ لىننىڭ كان ئۇۋقىتىسى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. جۇ خوجايىن يېنىدىن نام-ئەمەل كارتوچكىسىنى چىقىرىپ، بىر كىچىك ئىش بېشىغا كىرىپ ۋاڭ خوجايىنغا ئۇنىڭ كونا دوستى — لەنجۇلۇق مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشنى تاپىلىدى.

جۇ خوجايىن ۋە داجياۋ يېرىم سائەتچە ساقلىغاندىن كېيىن ئۇدۇلدىكى تاغ جىلغىسىدىن ئىككى ئايال چىقىپ كەلدى، ئۇلار جۇ خوجايىنغا بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسالغاندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ چىرايىدا خۇشامەت كۈلكىسى پەيدا بولدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سەگەكلىك ۋە گۇمان يوشۇرۇنغانىدى. ئاياللاردىن بىرى:

— سىز جۇ خوجايىن بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى جۇ يۈنلۇڭ. ئايال ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيلا:

— ئەمدى مەن بىلەن ماسلىشىپ بولدۇڭ، لېكىن شوپۇرىڭلار قېپقالسۇن، — دېيىشتى.

جۇ يۈنلۇڭ چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە [illegible] ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. تۆتەيلەن تاغ باغرىدىكى ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ گەمىلىرىدىن ئىككى-ئۈچ ھەسسە چوڭ گەمە ئالدىدا توختىدى. ئايال مۇھاپىزەتچىنىڭ ئالدىنى توستى، ئاندىن خوجايىنغىلا يول بېرىپ:

— كىرىڭ، جۇ خوجايىن، مەرھەمەت! — دېدى.

گەمىنىڭ ئىچى قۇرغاق بولۇپ، ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىدىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنەتتى. گەمىدە كارىۋات، ئۈستەل ۋە قاتلىما ئورۇندۇقلار بولۇپ، گەمىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يوغان بىر بىخەتەرلىك ئىشكاپى تۇراتتى. جۇ يۈنلۇڭ كۆڭلىدە: «شاڭخەيلىكلەر پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇشۇنداق جايدىمۇ پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىپتۇ ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى.

گەمىدە باشقا ئادەم يوق ئىدى. جۇ خوجايىن گەمىنىڭ ئىچىگە سەپسېلىۋاتقاندا ھېلىقى ئايال بىرەر ئىغىز گەپمۇ قىلماي گەمىدىن غىپپىدە چىقىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى گەمىدە جۇ خوجايىن يالغۇز قالدى. مۇھاپىزەتچىسى سىرتتا ئىدى، جۇ خوجايىن ۋاڭ لىننى تېخى كۆرمىدى. جۇ يۈنلۇڭ بىردىنلا ھوشيارلىشىپ چامادانىنى دەسسەپ قويدى، چامادانىدا 400 مىڭ يۈەن نەق پۇل بار-دە! ئۇ تاشقىرىدىكى ئەھۋالدىن بىخەۋەر ئىدى، ئۇ كان ئۇۋقىتىسىنىڭ مۇھىتى ۋە ئادەتلىرىنى بىلمەيتتى. بۇ يەر نېمىلا دېگەنبىلەن خەقنىڭ يېرى-دە! تەنتەكلىك قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمما ئۇ قارشى تەرەپنىڭ قورسىقىدىكىنى زادىلا بىلەلمەيۋاتاتتى.

ئالاھەزەل يېگىرمە نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ لىن بىلەن بايىقى ئايال كىرىپ كەلدى، جۇ يۈنلۇڭ ئۇلارغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى. ۋاڭ لىن دوغىلاق كىشى بولۇپ يۈزى گۆشلۈك كەلگەن، تىپىك شاڭخەيلىك قۇلاق كەستى ئىدى. ئايال چۈشەندۈرۈپ:

— ۋاڭ خوجايىن ئالدىراش، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئۇنى ئاران تاپتىم، — دېدى.

بۇ قىپقىزىل يالغان سۆز ئىدى. جۇ يۈنلۇڭ كۆڭلىدە ۋاڭ لىن بۇ ئەتراپتا بولمىغان بولسا سەن مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلمىگەن بولاتتىڭ دەپ ئويلىدى. لېكىن بۇ يىگىرمە مىنۇت ئىچىدە ئۇ ۋاڭ لىننىڭ نېمە قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئۇلار بىرنەچچە ئېغىز تىنچلىق سورىشىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىشتى، چەككەن تاماكىلىرىنىڭ ماركىسى ئوپئوخشاش ئىدى. شۇ ئەسنادا ۋاڭ لىن كۈلۈپ قويۇپ:

— جۇ خوجايىن، سىز بۇ يەرگە مېنى نېمە مەقسەتتە ئىزدەپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، سىز ئىشنى ئىنچىكە ۋە سىستېمىلىق قىلىدىكەنسىز، سىز بىلەن تونۇشۇپ دوست بولغۇم كەلدى، — دېدى جۇ يۈنلۇڭ.

— مەن سىرتتىكىلەر بىلەن بەكلا ئاز ئالاقە قىلىمەن، — دېدى ۋاڭ لىن.

— شۇڭا مەن ھۇزۇرىڭىزغا ئۆزۈم كەلدىم ئەمەسمۇ.

— بۇ يەرنىڭ يولى ئانچە ياخشى ئە-مەس.

— يەنىلا تەلىيىم باركەن، ئاخىرى سىز بىلەن كۆرۈشتۈم، لېكىن، سىز بىلەن كۆرۈشۈش ئانچە ئوڭايغا چۈشمىدى، — جۇ يۈنلۇڭ ئارقىسىغا يۆلىنىۋىدى، ئاستىدىكى ئورۇندۇق غىچىرلاپ كەتتى.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. جۇ يۈنلۇڭ:

— بولدى، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، ئاڭلىسام ۋاڭ خوجايىننىڭ بۇ يەردە بىرئاز مېلى بارئىكەن، مەن ئازراق سېتىۋالاي دېۋىدىم. قائىدە بويىچە نەق سودا قىلىشايلى، پۇلنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى-دە، چامادانىنى شاپىلاقلاپ قويدى.

ۋاڭ لىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا ھەم چامادانغا سەپسالدى.

— سىز قانچىلىك سېتىۋالىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— پۇلنى يەتكۈچە ئېلىپ كەلدىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا سىزدە قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك سېتىۋالالايمەن، — دېدى جۇ يۈنلۇڭ.

ۋاڭ لىننىڭ گۆشلۈك يۈزلىرى لىپىلداپ كەتتى، پىستە كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر چاقنىدى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئەپسۇس، سىز كېچىكىپ قاپسىز، مالنى سېتىپ بولدۇم، — دېدى.

جۇ يۈنلۇڭ كۈلۈپ قويۇپ:

— ئۇنداق ئەمەستۇ، قارىغاندا سىز ماڭا يەنىلا ئىشىنەلمەيۋاتسىزغۇ دەيمەن؟ مەن ئەزەلدىن قۇرۇق گەپ قىلمايمەن، — دېدى-دە، چامادانىنى ئۆرۈپ يېرىم ئېچىپ ۋاڭ خوجايىنغا كۆرسەتتى. چامادانىدا يۈز سوملۇق باغلام-باغلام پۇللار رەتلىك تىزىقلىق تۇراتتى. جۇ يۈنلۇڭ چامادانىنى ياپتى-دە:

— ئىش قىلىشتا كۆزۈم يەتمەيدىغان يەرگە بارمايمەن. مەقسىتىمگە يەتمىگىچە قايتىپ كەتمەيدىغان ئادىتىم بار، — دېدى.

ۋاڭ لىننىڭ كۆزلىرىدىكى يېشىل نۇر سۇسلاشتى. ھېلىقى ئايال باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ۋاڭ لىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى بىر چەتكە چاقىردى، ئىككىسى جۇ يۈنلۇڭدىن ئانچە يوشۇرۇپ ئولتۇرماي بىرپەس پىچىرلاشتى، ئاندىن ئايال چىقىپ كەتتى، ۋاڭ لىن جايىغا كېلىپ جۇ يۈنلۇڭغا:

— مەنمۇ كۆرۈپ يەتتىم، جۇ خوجايىن، سىز تۈز كۆڭۈل ئادەمكەنسىز، مەن بىر ئامال قىلىپ باقاي، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

پۇل كۆرستىلدى، جۇ يۈنلۇڭنىڭ كۆڭلى تىندى، چۈنكى ئۇ شۇ دەقىقە ئىچىدىلا قارشى تەرەپنىڭ كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرغان ئاچكۆزلۈك-نى كۆرگەنىدى. ئۇ ئەتەي:

— ۋاڭ خوجايىن قويغان باھانىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىگە قارايمىز-دە، — دېدى.

— مەن دوستلىرىمغا ئەزەلدىن زىيان سالغان ئەمەس، سىزدىن يوشۇرمايمەن، مېلىم بۇ يەردە ئەمەس شىخودا، ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېلەي، — دېدى ۋاڭ لىن.

جۇ يۈنلۇڭ زۇۋان سۈرمىدى، ۋاڭ لىن يەنە:

— مۇنداق قىلسام سىزچە قانداق بولاركىن، مەن ئاۋۋال سىزگە مالدىن 200 گرام بېرەي،

سىز پۇلىڭىزنى مېنىڭ بىخەتەرلىك ئىشكاپىمغا
سېلىپ ئۇنىڭغا قاراشقا ئادەم قويۇپ قويۇڭ،
مەن شىخوغا بېرىپ مالنى، ئەكەلگەندىن
كېيىن ئاندىن سۆزلىشەيلى، — دېدى.
ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى جۇ يۈنلۇڭ ئويلاپ
باقمىغانىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدىن شۇئان بۇ،
ۋاڭ لىنىنىڭ كۆز بوياپ قوتۇلۇش ھىيلىسمۇ ياكى
بىر قىلتاقمۇ دېگەن خىيال كەچتى. جۇ يۈنلۇڭ
دەرھال ئۆزىنى بىر قۇر دەڭسەپ كۆرگەن
بولسىمۇ ئۆزىدىن ھېچقانداق قۇسۇر تاپالمىدى،
ئەمما شۇ تاپتا يەنە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا
ۋاقىت يار بەرمەيتتى. ئۇ دەرھال ئىنكاس
قايتۇرسا بولمايتتى.
— مېنىڭ ماشىنام بار، شوپۇرۇممۇ تەييار،
شوپۇرنى ياللىۋالغان، ئۇ سىز بىلەن بىللە
بېرىپ كەلسە قانداق؟ — دېدى جۇ يۈنلۇڭ.
— ئۇنداق قىلساق ئەپلەشمەسمىكىن؟ — دېدى
ۋاڭ لىن ئاۋازىنى سوزۇپ، — ئۇ بىرپەس توختاپ
يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز ماڭا ئىشەنـ
مەيۋاتسىزغۇ دەيمەن؟ مەن ئۆزۈمنىڭ سەممىيىتىمنى
بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئاۋۋال سىزگە مالدىن بىر
ئاز قالدۇرۇپ قويسامغۇ بولار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلىڭىز
مېنىڭ بىخەتەر ئىشكاپىمغا سولاقلىق تۇرسا، يەنە
كېلىپ سىز ساقلاپ تۇرسىڭىز نەگە كېتەتتىم، بۇنىڭ
يەنە ئەندىشە قىلغۇدەك نەرى بار؟
بۇ چاغدا جۇ يۈنلۇڭ بىر قارارغا كېلىپ
بولغانىدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ۋاڭ ـ نوجاينىڭ بۇ پەمى نېمىدېگەن
قالتىس ـ ھە! ھەر ئىككىمىز قىچىپ كېتەلمەيمىز،
ئىككىمىز بىر ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىغا باغلىنىپ
قالدۇق، قارىغاندا بۇ تىجارەتنى قىلماي
بولمىغۇدەك، بولمىسا سىز مېنى قويۇپ بەرمە-
گۈدەكسىز، — دېدى.
ۋاڭ لىن تەييارلاپ قويۇلغان 200 گرام
ئالتۇننى دەرقەمدە ئۆلچەپ جۇ يۈنلۇڭغا بەردى،
ئاندىن بۇلۇڭدىكى رەڭگىنى ئىلغا قىلغىلى
بولمايدىغان بىخەتەرلىك ئىشكاپىنى ئاچتى.
جۇ يۈنلۇڭ چامادانىنى بىخەتەرلىك ئىشكاپىغا
سېلىپ قويدى. بۇ ئىشلار ئوچۇق ـ ئاشكارا بولدى
ھەم ھەر ئىككىلەننىڭ قولىدىن ئۆتتى،
قارىماققا تولىمۇ ئادىل بولغاندەك قىلاتتى. لېكىن
جۇ يۈنلۇڭنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرغىنى پەقەت
200 گرام ئالتۇن، ۋاڭ لىنىنىڭ بىخەتەرلىك
ئىشكاپىغا كىرگىنى بولسا 400 مىڭ يۈەن پۇل،
بۇ ئىككىسىنىڭ قىممىتى ئارىسىدىكى پەرق 25
ھەسسىدىن يۇقىرى ئىدى.

## كىشىنى تىت ـ تىت قىلىدىغان 200 مىنۇت

گەمە ئىچىدىكى بايىقى تولىمۇ جىددىي
كەيپىيات بىردىنلا پەسكويغا چۈشتى. ئەسلىدە
جۇ يۈنلۇڭ ئۆز ماشىنىسىنى ئىشلىتىشكە خېلى
تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ۋاڭ لىن رەت
قىلىۋەتتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆز شوپۇرىنىڭ
ۋاڭ لىن بىلەن بىرگە بېرىپ مال ئەكىلىشىنى
تەلەپ قىلىۋىدى، ۋاڭ لىن يەنە ئۇنىمىدى،
ئۇ ۋاڭ لىن ئوتتۇرىغا قويغان رەنگە قويۇش
ئۇسۇلىغا قوشۇلغان چاغدىلا پاسسىپ ئورۇنغا
چۈشۈپ قالغانىدى، چامادانىنىڭ بىخەتەرلىك
ئىشكاپىغا سولاپ قويۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ
پاسسىپ ھالىتىنى ئۆزگەرتىش يولى ئېتىلىپ
قالدى.
شۇ تاپتا ئۇ پۇت ـ قولى چۈشەپ قويۇلغان
ھاماقەتتەك باشقىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا
بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئىدى.
جۇ يۈنلۇڭلار باشقىلارنىڭ يېرىدە تۇرۇۋاتات-
تى، سىرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاڭ لىنىنىڭ
ئادەملىرى ئىدى. كىم بىلىدۇ، ۋاڭ لىن
ھەممىنى جاي ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ،
بىرمۇنچە ئادەمنى ئۇنى نازارەت قىلىشقا
قويدىمۇ ـ تېخى!
ۋاڭ لىنىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇ
بىلمەيتتى. ۋاڭ لىن راستىنلا شىخوغا كەتكەن-
مىدۇ؟ ياكى ئۇ كان نۇقتىسىدىن زادى
قوزغالمىغانمىدۇ؟ بۇنىسى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىدى.
دەسلەپتە جۇ يۈنلۇڭ مۇھاپىزەتچىسىنى
چاقىرىپ مەسلىھەتلەشمەكچى بولغانىدى،
لېكىن بۇنداق قىلسا باشقىلارنىڭ گۇمانىنى
قوزغاپ قويىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنداق قىلىشتىن
يالتايدى. نەدىمۇ ئۆزى بىر قارارغا كېلەلمەي

تۇرۇپ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان خوجايىن بولسۇن؟ مۇھاپىزەتچىنىڭ ۋەزىپىسى سىرتتا مۇھاپىزەت قىلىش-تە!

ئىشىك پەردىسى قايرىلىپ ھېلىقى ئايال كىرىپ كەلدى.

بۇ ئايالنى جەزمەن ۋاڭ خوجايىن جۇ يۈنلۇڭغا كۆز-قۇلاق بولۇش ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەن گەپ، بۇ ھال ئۇنى يەنە بىر قېتىم سەگىتتى: ۋاڭ لىنىنىڭ كان ئورنى، ئۇلارنىڭ سودىسى دەل ھالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا، شۇڭا ئۇ سالماق بولۇشى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، قىلچە بىخوتلۇق قىلماسلىقى كېرەك. بۇ بىر خىل ئۈنسىز كۈچ سىنىشىش، كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلىشىغا ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش تەس.

ئايال ئۈچىسىغا قىزىل رەڭلىك پوپايكا ئالماشتۇرغان بولۇپ، نازلانغان ھالدا پىگورىسىنى ئەتەي تولغاپ ئۇنىڭ ئالدىدا نېرى-بېرى ماڭاتتى.

جۇ يۈنلۇڭ ئۇنىڭغا سەپسالدى، ئايالنىڭ ئىسكەتى خېنى تۈزۈك بولۇپ بويى ئېگىز ئىدى، قارىماققا يىگىرمە يەتتە-يىگىرمە سەككىز ياشلاردا باردەك قىلاتتى. بۇ ئەتراپتىكى ئاياللار ئىچىدە بۇنداق ئاياللار ئاز ئۇچرايتتى. تەلەپپۇزىدىن شىماللىق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇستىبېشىمۇ كان رايونىدىكى باشقا ئاياللارنىڭكىدىن كۆپ پاكىز ئىدى. بۇلار ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇراتتى. ۋاڭ لىنىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىدىن قارىغاندىمۇ بۇ ئايال ئۇنداق-مۇنداق ئاددەملەردىن ئەمەس ئىدى.

گەمىنى باشقىچە بىر خىل كەيپىيات قاپلىدى، بۇ كەيپىيات بارغانسېرى قويۇقلاشقىلى تۇردى. ئايال كىيىمىنىڭ ياقىسىنى بىرئاز بوشاتتى، ئۇنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، بايا سېزىلمىگەن ئەتىر پۇرىقى ئەمدىلىكتە دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

ئايال جۇ يۈنلۇڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. جۇ يۈنلۇڭ ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى.

— جۇ خوجايىننىڭ تىجارىتى چوقۇم جايىدىمۇ دەيمەن؟

جۇ يۈنلۇڭ ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى، جۇ يۈنلۇڭ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا شەھۋەت-پەرەسلەرچە كۆز تىكىشى كېرەكلىكىنى، ھەتتا ئايالنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ سىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، پەقەتلا تىلىنىڭ ئۇچىدىلا:

— قەدىرلىك ئەھۋال، ئىشقىلىپ بىرنېمىلەر قىلىپ كېتىۋاتىمىز، — دېگەندەك تىجارەت توغرىسىدىكى گەپلەرنىلا قىلىپ ئولتۇردى.

— جۇ خوجايىن، سىز لەنجۇدا تۇرامسىز؟

— شۇنداق، لەنجۇدا تۇرىمەن.

— مۇبادا لەنجۇغا بېرىپ سىزنى ئىزدىسەم، سىز مېنى تونۇماس بولۇۋالامسىز-ھە؟

— ھا-ھا-ھا، نەدىكىنى، سىزدەك مۇنداق ساھىبجامالنى مەن قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟

بۇ چاغدا جۇ يۈنلۇڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغانىدى، ئۇ ئايالنىڭ قولىنى تارتىپ ئۆزىنىڭ ئالقىنىغا ئالدى-دە، يېنىككىنە ئۇرۇشقا باشلىدى. گويا بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك يېنىدىن نام-ئەمەل كارتوچكىسىنى چىقىرىپ:

— پۇرسەت چىقىپ لەنجۇغا بارسىڭىز چوقۇم شىركىتىمگە بېرىپ كۆرۈپ كېتىڭ، — دېدى.

ئايال جۇ يۈنلۇڭنىڭ يۇمشاقلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ سۈركىلىشكە باشلىدى.

شۇ تاپتا جۇ يۈنلۇڭنىڭ مېڭىسى ئىنتايىن سەگەك ئىدى، ئۇ، بۇ ئايالنىڭ سىناۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە خاتىرجەم بولۇپ قالدى، بەلكىم ئۇ ئىشنى ئىنتايىن جايىدا قىلىۋاتقاندۇ.

بۇ چاقىرىلمىغان ئۈچ مېھمان كان رايونىغا كەلسە ۋاڭ لىن ئۇلاردىن گۇمانلانمىسا، ئۇلارنى سىناپ باقمىسا ۋە ئۇلارنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرمىسە، مانا بۇنى نورمالسىزلىق دېسە بولىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتقۇزماي كەينى-كەينىدىن سىناپ كۆرۈشى دەل جۇ يۈنلۇڭلارنىڭ قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، قارشى تەرەپنىڭ قەدەممۇ-قەدەم قارماققا ئىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇبادا جۇ يۈنلۇڭلار چاندۇرۇپ قويغان، قارشى تەرەپ

ئۇلارنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىۋالغان بولسا، بۇ بىر قاتار سىناقلار ئارتۇقچە بولۇپ چىقاتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئايال دەل ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر بىخەتەرلىك كوئېففىتسېنتى ئىدى، ناۋادا بۇ ئايال يوقاپ كەتسە بۇ، خەتەردىن دېرەك بېرەتتى.

ئايال جۇ يۈنلۇڭغا بارغانسېرى چاپلاشقىلى تۇردى. ئايال ئۇنىڭ يوتىسىغا يوتىسىنى تەگكۈزدى، بەدىنى ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگىپ تۇراتتى. جۇ يۈنلۇڭ بۇ ئىشلارنىڭ ئەھلىدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ راسا قاملاشتۇردى، لېكىن باشقا گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇراتتى.

ئايال لەنجۇدىن سۆز ئاچسا جۇ يۈنلۇڭمۇ لەنجۇ توغرىسىدا سۆزلىدى، ياخشى يېرى جۇ يۈنلۇڭ لەنجۇنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ئىلگىرى لەنجۇغا كاماندىروپكىغا بارغانىدى. ئۇ ھەم ئايالدىن ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سوراپ، ئۇنىڭ خېيىلىق ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئۈچ يىل بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋالدى. بىرھازادىن كېيىن جۇ يۈنلۇڭ:

— ماڭا بىر پىيالە سۇ بېرىڭ، — دېدى ئايالغا.

ئايال شۇ زامان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، جۇ يۈنلۇڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ راۋۇرۇس ئولتۇرۇۋالدى، ئۇ بىرئاز تىت-تىت بولغانىدى، ئايالنىڭ سۈركىلىشلىرىدىن ئۇنىڭ بەدىنى قىزىشىپ راستىنلا چىدىغۇسىز ئۇسساپ كەتكەنىدى.

بىرئازدىن كېيىن ئىككىسى بىر-بىرىگە روبىرو ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى. ئايال ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا جۇ يۈنلۇڭغا ۋاڭ لىن توغرۇلۇق نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، بۇ ھال جۇ يۈنلۇڭنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقتى.

سائەت چىكىلداپ بىر خىلدا مېڭىۋاتاتتى. ئايال سائەتكە قاراپ قويۇۋېدى، جۇ يۈنلۇڭمۇ سائەتكە قارىدى. ۋاڭ لىننىڭ چىقىپ كەتكىنىگە بىر يېرىم سائەت بولغان بولۇپ، سىرتتا تېخىچە ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى.

ئايال بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇ شاللاق ئاياللارغا خاس قىياپەتتە جۇ يۈنلۇڭنىڭ قولىنى تۆۋەنگە كۆچە تارتتى. جۇ يۈنلۇڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى-دە، ئايالنى سىلكىۋەتتى.

ئايال داڭقىتىپ تۇرۇپلا قالدى، جۇ يۈنلۇڭ سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ۋاڭ لىن ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— شىخوغا كەتتى، — دېدى ئايال.

— سەن مېنى كولدۇرلىتىۋاتامسەن-نېمە؟ — سورىدى جۇ يۈنلۇڭ.

ئايال بىرپەس ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن ئازار يېگەن قىياپەتتە:

— جۇ خوجايىن، سىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، ۋاڭ خوجايىننىڭ باشقىچە نىيىتى يوق، ئۇ ماڭا سىزنى ياخشى كۈتۈشنى، زېرىكتۈرۈپ قويماسلىقنى تاپىلىغان، — دېدى.

جۇ يۈنلۇڭ ئېڭىكىنى سىلاپ قويۇپ بىرپەس ئويلانغان قىياپەتكە كىرىۋالدى، ئۇنىڭ چىرايىغا ئاستا-ئاستا كۈلكە يۈگۈردى.

گەمىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، بۇ بايىقى كەيپىياتتىن زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى.

جۇ يۈنلۇڭ بولارنىڭ ھەممىسىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدا ئالۋاستى ئۆككۈرىگە كىرىپ قالغاندەك بىر خىل تەسىرات بار ئىدى. بۇ بىرئازمۇ خاتا ئەمەس، بۇ ئالۋاستى ئۆككۈرىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ۋاڭ لىننىڭ كەتكىنىگە ئۈچ سائەت بولدى، گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىدى. گەمە ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىغانىدى. پەقەت رەڭگىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بىخەتەرلىك ئىشكاپىلا ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى.

ئەمدى يەنە ئۇزاق ساقلىماسمەن، ۋاڭ لىن مېنى مۇشۇنداقلا ئولتۇرغۇزۇپ قويماس دەپ ئويلىدى جۇ يۈنلۇڭ، شۇ تاپتا ئۇ ھەممە تۈگۈننىڭ يېشىلىشكە ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

يەنە چارەك ۋاقىت ئۆتتى، ئۇنىڭ ساقلاپ ئولتۇرغىنىغا 200 مىنۇت بولغانىدى، دەل شۇ

چاغدا سىرتتىن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى.

## ۋاڭ خوجايىن بىلەن جۇ خوجايىننىڭ كۈچ سىنىشىشى

دوغىلاق كەلگەن ۋاڭ خوجايىن جۇ يۈنلۈڭغا كۈن بويى ھەمراھ بولغان ھېلىقى ئايالنى، قىياپىتىدىن چەبدەسلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئەرنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئايال ئەسلى قىياپىتىگە قايتقان بولۇپ چىرايە-دىن مۇز يېغىپ تۇراتتى.

جۇ يۈنلۈڭ ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق سىرتتا ساقلىغان مۇھاپىزەتچىسنى چاقىرىۋالدى.

— مالنىڭ باھاسى پۈتۈشكىنىمىز بويىچە بولسۇن، مەن بەنە بىر پۈڭ ئۆتۈنۈپ بېرەي، — دېدى ۋاڭ خوجايىن.

— مەن دېگەندەك ئىككى پۈڭ ئۆتۈنۈپ بېرىڭ، — دېدى جۇ يۈنلۈڭ. ۋاڭ خوجايىن كۈلۈپ قويۇپ:

— بولىدۇ، يەنە تالىشىپ ئولتۇرمايلى، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئىككى پۈڭ ئەرزان بېرەي، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن پۈتۈشكەن بولدى.

ۋاڭ خوجايىن سومكىدىن بولاق-بولاق كېپەك ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ئاۋۋال جۇ يۈنلۈڭغا كۆرسەتتى. جۇ يۈنلۈڭ ئالتۇنلارنىڭ ساپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ۋاڭ لى مەخسۇس ئالتۇن تارتىدىغان تارازىغا سېلىپ ئۆلچىدى. ئالتۇنلار جەمئىي 1100 گرام چىقتى. جۇ يۈنلۈڭمۇ ئۆزىنىڭ تارازىسىغا سېلىپ بىر قېتىم قايتا ئۆلچەپ كۆردى. ئۇنىڭ ئۆلچەش نەتىجىسى ۋاڭ خوجايىننىڭكى بىلەن ئوپئوخشاش چىقتى.

بۇ جەرياندا ئىككى تەرەپتىن ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. ئەمما كەيپىياتنىڭ جىددىيە-لىكىنى سېزىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

كېپەك ئالتۇن ئۆلچىنىپ بولدى، لېكىن ئالتۇن يەنىلا ۋاڭ خوجايىننىڭ قولىدا ئىدى. شۇ ئەسنادا ۋاڭ لى ئاچقۇچنى چىقىرىپ بىخەتەرلىك ئىشكاپىنى ئاچتى-دە، ئىچىدىن قارا چامادان‍نى ئېلىپ جۇ يۈنلۈڭغا ئىككى قوللاپ بەردى. جۇ خوجايىن چامادان‍نى ئېچىپ پۇۋلەپ قويدى ۋە ئىچىدىن ئون باغلام پۇلنى سانىۋېلىپ ئىككى قاتار قىلىپ تىزدى. ئاندىن چامادان‍دىن يەنە بىر تىزىق پۇلنى ئېلىپ پېچىتىنى بۇزۇپ، يېرىمىنى مۇھاپىزەتچىسىگە ساناشقا بەردى، مۇھاپىزەتچىسى ساناپ بولغاندىن كېيىن بۇ پۇلنى بايىقى ئون باغلام پۇلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇنى ۋاڭ خوجا-يىننىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

ۋاڭ لىنمۇ ئالتۇننى جۇ يۈنلۈڭنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

ئايال پۇل ساناشقا باشلىدى، جۇ يۈنلۈڭ ئالتۇنلارنى يېنىغا سېلىۋالدى.

ئالتۇنلار قولغا كىردى، شۇ ئەسنادا جۇ يۈنلۈڭنىڭ شوپۇرى كىرىپ كەلدى، جۇ يۈنلۈڭ مۇھاپىزەتچىسىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ۋاڭ خوجايىن ساناپ بولۇنغان پۇلنى يىغىش-تۇرۇۋاتاتتى — بۇ چاغدا گەمە ئىچىدىكى كەيپىيات يەنىلا خېلى ياخشى ئىدى.

تۇساتتىن جۇ يۈنلۈڭنىڭ شوپۇرى قوينىدىن تاپانچىسنى چىقىرىپ:

— ھەممىڭ قىمىرلاشما، مەن ئەتكەسچىلەر-نى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

ۋاڭ خوجايىن بىلەن جۇ خوجايىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئىككى خوجايىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئازراق قىمىرلىغاندەك قىلىۋىدى، شوپۇر تاپانچىسنىڭ ئېغىزىنى شۇئان ئۇلارغا توغرىلىدى. ھېچكىم قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى، ھەممەيلەن شوپۇرنىڭ بۇيرۇقىغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇندى.

— ھەممىڭ قولۇڭنى بېشىڭغا قويۇش، سەن، سەن، قولۇڭنى بېشىڭغا قويۇپ، تامغا قاراپ تىك تۇرۇش! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شوپۇر.

ھەممەيلەن ياۋاشلىق بىلەن سەپ بولۇپ تۇرۇشتى.

شوپۇر كويزىنى چىقىرىپ ئاۋۋال ۋاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خوجايىننىڭ قولىغا سالدى، كېيىن جۇ خوجايىن بىلەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسىنى بىرلەشتۈرۈپ كويزىلىدى. ئاندىن پۇل قاچىلانغان چامادان ۋە ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئەتكەسچىلەرنى ئالدىغا سېلىپ ۋاڭ لىننىڭ گەمىسىدىن چىقتى.

سىرتتا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىنى شوپۇر ئالليۇرۇن ئىشىك ئالدىغا ئەكىلىپ قويغانىدى.

جىنايەتچىلەر ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن ماشىنا كان رايونىدىن چىقىپ كەتتى. ۋاڭ خوجايىننىڭ مۇھاپىزەتچىسى ۋە ھېلىقى ئايال تېخىچە نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغانىدى.

كۆزەتخانا ئىچىدىكى چىراغ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى، قاماقخانىنىڭ كارىدورىغا بارىدىغان ئىشىكى چىڭ تاقاقلىق ئىدى، ئۇدۇلدىكى تامدا ھاۋادان بولۇپ، ھاۋادانغا ئورنىتىلغان تۆمۈر رېشاتكا ئارىلىقىدىن بىرنەچچە يۇلتۇز كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋاڭ لىننىڭ گەمىسىدە سودىدا پۈتۈشكەن ھەر ئىككى خوجايىن ئەمدىلىكتە بىر كامىرغا قامالدى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تەكەببۇرانە قىياپىتى ۋە سالاپەتلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئالتۇن قولدىن كەتتى، پۇلدىن، ئايالدىن، قول ئاستىدىكىلەردىن ئايرىلدى، بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەرگە خاس تەكەببۇرلۇقتىن مەھرۇم بولدى، كەلگۈسىدە شەرقتىكى ئەيش-ئىشرەت دۇنياسى — شاڭخەيگە قايتىپ كېتىش شېرىن چۈشىمۇ بەربات بولدى.

بۇ ئىككى خوجايىن دەسلەپتە بىر كامىردا ياتتى.

— سىلەرنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرىڭلار ھەققەتەن يامانكەن، مەن ياللىۋالغان شوپۇرۇمنىڭ ساقچى ئىكەنلىكى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، — دېدى جۇ خوجايىن.

— سىزغۇ سىرتتىن كەلگەن ئادەم، بىز چېغىمىزدا ئۇزاقتىن بۇيان ھەپىلىشىپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ ئۇلارنى ئوڭاي بايقىۋالالمايمىز، — دېدى ۋاڭ خوجايىن.

— بۇ قېتىم تۈگەشكەندەك قىلىمىز.

— ئاناڭنى، گاڭگىراپلا قالدۇق، كېيىن تەقدىرىمىزگە تەن بەرمەي نېمە ئىلاج.

يەتتە كۈندىن كېيىن جۇيۇنلۇڭ سوراق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋاڭ لىن قامالغان كامىرغا قايتا كەلمىدى.

## ئالتىنچى باب

### مۇشكۈل ئەھۋالدىكى ئەزمەت

دەريا بويىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ دەنچاڭ-دىن:

— ئاشۇ ئالتۇن خوجايىنلىرىغا ئىچ ئاغرىتقان چاغلىرىڭىزمۇ بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدۇم.

— بەزىدە مەن ئاشۇنداق ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قالىمەن، لېكىن سىز ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىنكى بىچارىلەرچە تۇرقىنىلا قارىماڭ، بۇ ئۇلارنىڭ «ئۆلۈك بېلىق» بولۇۋالغىنى، ھاياتلىق ئۈچۈن ئازراق سۇ بولسىلا ئۇلار قېنىغا پاتماي كېتىدۇ، بۇلار تولىمۇ مەككار بىرنېمىلەر، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى پۇل بىلەن ئالتۇندا، ئالتۇن ئۈچۈن ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايدۇ، — دېدى ئۇ.

ئۇ يەنە:

— ئەمەلىيەتتە بۇ جەڭ، قانۇننى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش، قانۇن دېگەن يۈز-خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، — دېدى.

ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىش بىر پەۋقۇلئاددە جەڭ بولۇپ، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئالدىدا ئەمەلىيەتتە، جىنايەتچىلەرنى بويسۇندۇرۇش بىلەن جىنايەتچىلەرنى مەيلىگە قويۇپ بېرىشتەك ئىككى مەسىلە مەۋجۇت ئىدى.

دەنچاڭ كەسپىي مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ئادەم. ئۇ ئادەملەرچىلىكنى بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېسسىياتقا باي بولۇپ سەپداشلىرىغا، خىزمەتكە، دوستلىرىغا، ئائىلىسىگە ۋە خوتۇن-باللىرىغا بولغان مۇھەببىتى تولىمۇ چوڭقۇر، لېكىن ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە ئۇ قەيسەر ئىرادىگە ئىگە

بولغاندىلا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتىنى بىر ياققا قايرىپ قويغاندىلا، ئاندىن ھەر بىر كۈرەشتە باشتىن-ئاخىر مەردانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۇ.

دەنچاڭنىڭ مەغلۇپ بولغان چاغلىرىمۇ بولغان، ئۇنىڭ جاسارىتى، ئەقىل-پاراستى، تەجرىبىسى ئۇنى ھەر قېتىملىق مۇشكۇلاتلاردىن قۇتۇلۇپ ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، لېكىن ئۇنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش جىنايەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئالدىدا، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان چاغلىرى بولغان، شۇنداق، دۇنيادا ئەزەلدىن يېڭىلمەس قوماندان بولغان ئەمەس.

بىز دەنچاڭدىن ئۆزى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى يولۇققان دىشۋارچىلىقلار ھەتتا ئوڭۇشسىزلىقلار توغرۇلۇق مەخسۇس بىرنەرسە يازساق بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى سورىۋىدۇق، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— بولمايدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىدىن سەممىيلىكى، كۆلكىسىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ھەققىي ئەزىمەت باتۇرلارغا خاس خىسلەت، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.

## ئۇلار ئالىيالارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلىنىپ قالدى

قارىماققا ئەھۋال ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. دەنچاڭ مۇ فامىلىلىك ئايال ئەتكەسچى بوتۇڭنىڭ ئالتۇنلىرىغا خېرىدار ئىزدەۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشتى.

دەنچاڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك شياۋۋاڭ، داچياۋ ئىككىسىنى ئېلىپ ئەتكەسچى سودىگەر سياقىدا ياسىنىپ، ماشىنا بىلەن مۇ خوجايىنىڭ كان نۇقتىسىنى نىشانلاپ يولغا چىقتى.

بۇ ئالتۇن كان نۇقتىسى چوڭ كانلاردىن ئەمەس ئىدى، ئەھۋال ئوخشاشمىغانلىقتىن دەنچاڭ شياۋۋاڭغا ماشىنىنى كان رايونىغا يېقىن يول ئۈستىدە توختىتىشقا بۇيرۇدى. ئۇچەيلەن ئالتۇن چايقاش رايونىغا پىيادە كىرگەندىن كېيىن، دەنچاڭ داچياۋنى تەق

بولۇپ تۇر دەپ شۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى شياۋۋاڭنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ مۇ خوجايىن بىلەن كۆرۈشتى.

ئىككى تەرەپ بىرپەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇ خوجايىن بىر قارارغا كەلدى بولغاي:

— ئىشنىڭ ئوڭغا تارتمىغىنىنى قارىماسىلەر، سىلەر سەل بالدۇر كېلىپ قاپسىلەر، قولۇمدا ئاران 150 گراملا قاتتىق مال بار. ھازىرچە مۇشۇنچىلىك سودا قىلىپ تۇرايلى، كېيىن پۇرسەت بولسا بىر ئىش قىلارمىز، — دېدى.

— 150 گرام بەكلا ئاز، — دېدى دەنچاڭ.

— قولۇمدا بارى مۇشۇنچىلىكلا، — دېدى مۇ خوجايىن.

مۇ خوجايىننىڭ گېپىنىڭ راست-يالغانلىقىغا بىرنېمە دەپ بولمايتتى. ئۇ راستىنلا دەنچاڭلارغا ئىشەنمەيۋاتاتتى، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىپ سىر بەرمەيۋاتاتتى. دەنچاڭ ئۇنى بىر پەس قىستاپ باققان بولسىمۇ لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. مۇ فامىلىلىك بۇ نۆۋەت پەقەت مۇشۇنچىلىكلا ساتىدىغانلىقىنى دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

دەنچاڭ ئىچىدە ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى، ئۇ، بۇ يەرگە مۇ خوجايىندىن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن 500-600 گرام ئالتۇنغا ئېرىشىمەن دېگەن ئىشەنچ بىلەن كەلگەنىدى. ئەمدى بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بۇ مۇ باندىت ئىشتىرلىگەنسېرى شۇنچە قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىۋاتاتتى. 150 گرام بولسىمۇ مەيلى، ئاۋۋال پۈتۈشۈپ ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنى چاڭگالغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، مۇ خوجايىننى ئېلىپ كېتىپ ئاندىن بىرنېمە دېمەيمىزمۇ، دەپ ئويلىدى دەنچاڭ.

شۇنداقتىمۇ مۇ خوجايىن يەنىلا خېلى ئەزمىلىك قىلغاندىن كېيىن ئاندىن كېپەك ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇلار كونا ئۇسۇلدا ئىش كۆردى — نەق سودا قىلىشتى.

شۇ ئەسنادا شياۋۋاڭ يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىدى.

لېكىن دەنچاڭلارنىڭ بۇ قېتىم يولۇققىنى ۋاڭ لىن بولماستىن، تولىمۇ ھىيلىگەر مۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خوجايىن ئىدى. ئۇ شياۋۋاڭنىڭ قولىدىكى تاپانچىغا پەسەنتمۇ قىلىپ قويماي: «كېلىڭلار!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى-دە، ئارقىدىنلا ھېچنېمىگە قارىماي ئېتىلىپ بېرىپ ئۈستەلدىكى ئالتۇن ۋە پۇلغا چاڭگال سالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلار شياۋۋاڭ بىلەن دەنچاڭنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە دەرۋازىدىن سەككىز-توققۇز ئايال ۋارقىراپ-جارقىراپ ئېتىلىپ كىرىشتى. ئۇلار بىر توپ سارالڭ كىشىلەردەك گەمگە يوپۇرۇلۇپ كىرىپلا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپمۇ قويماستىن ئۇلارغا ئېتىلدى. مۇ باندىت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈستەلدىكى ئالتۇن ۋە نەق پۇلنى ئېلىپلا سىرتقا قاراپ قاچتى.

شياۋۋاڭ ئۈن چىقىرىپ ئاگاھلاندۇردى.

ھازازۇل خوتۇنلاردەك بۇ بىر توپ ئايال ئۈن ئاۋازىدىن بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى-يۇ، ئاندىن تېخىمۇ غالجىرلاشقان ھالدا دەنچاڭ بىلەن شياۋۋاڭنى قاتمۇ-قات ئورىۋېلىپ، ئۇلارنى قۇچاقلاپ تۇتىۋالغان پېتى تاتىلاشقا، چىشلەشكە باشلىدى، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ قولىدىكى تاپانچىسىغا يېپىشتى.

بۇ ئاياللار ئالدىدا دەنچاڭ ۋە شياۋۋاڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئاياللار كۆپ ئىدى، بۇ ئاياللارنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغاچقا، دەنچاڭلار ئۇلارغا قارىسىغا ئوق چىقىرالمىدى. مۇ خوجايىن پاتپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئاللىبۇرۇن غىپپىدە تىكىۋەتكەنىدى.

دەنچاڭ-بامائەت خەۋپسىزلىك خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان بۇنداق قاتتىق ئار-نومۇسقا ئۇچراپ باقمىغانىدى. بۇ بىر توپ ئايال غالجىرلاشقان چىشى يىرتقۇچلاردەك بۇ ئىككىسىنى تالاۋاتاتتى. شاپىلاق، سېپىسىق خەينىڭ چەمى، مۇشت، پەشۋا يامغۇردەك ياغاتتى. ئاياللار ئۇ ئىككىسىنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋېلىپ ئىچىدىكى ئوقلارنى بىرىنىمۇ قويماي چىقىرىۋېلىشتى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوخشاش مەسىلىگە يولۇققانىدى، ئۇلارنىڭ قولىدا تاپانچا بولغان بىلەن پەقەتلا ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇشقىلا بولاتتى، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ بىر توپ ئايالغا ئۇ... چىقىرىپ ئۇلارنى يارىلاندۇرۇشقا زادى بولمايتتى.

بۇ ئاياللار ئالتۇن ئەتكەسچىلىرى ئەمەس ئىدى، ئۇلار ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئالتۇن ئەتكەسچىسىنىڭ قول چوماقلىرىلا ئىدى، خالاس.

لېكىن شۇ تاپتا دەنچاڭنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ چاتاق ئىدى، ئاياللار ھەرقانداق شەكىلدە ئۇلارنى بىر ياقلىق قىلالايتتى.

ئىككىسى يارىلاندى، ئۇلارنىڭ باش، يۈزلىرىدىن قان ئېقىۋاتاتتى، ئۇلار ئاياللارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلانغانىدى.

ماسلىشىش ئۈچۈن سىرتتا قالغان داچياۋ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلدى-دە، بۇياققا قاراپ يۈگۈردى. رەقىبلەر تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ دېگەندەك، ئۇ ئالتۇن ۋە نەق پۇلنى كۆتۈرۈپ قېچىپ چىققان مۇ خوجايىن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. داچياۋ تاپانچىسىنى تەڭلەپ ئۇنى قىستاپ كەلدى، مۇ خوجايىن بولسا ئالتۇن بىلەن پۇلنى يەنىلا چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى.

ئىككى تەرەپ ئارىسىدا مۇنداق غەلىتە تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنىدى: كىچىك ئۆيدىكى ئاياللار قولىدىكى تاپانچا بىلەن دەنچاڭ ۋە شياۋۋاڭنى كونترول قىلىۋالغانىدى، ئۆينىڭ سىرتىدا بولسا داچياۋ تاپانچا ئارقىلىق مۇ خوجايىننى تىزگىنلەپ تۇراتتى، پۇلنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغان مۇ خوجايىن بولسا ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، ئالتۇنلىرىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمايتتى.

ئىككى تەرەپ سۈلھ تۈزدى، ئەمەلىيەتتە داچياۋ ئۆزى ئەسىرگە ئالغان مۇ خوجايىن بىلەن سۈلھ تۈزگەنىدى.

— سىلەر تاغدىن چۈشۈپ كەتسەڭلارلا ئاندىن مەن ئادەملىرىڭلارنى قويۇۋېتىمەن، بۇ بىرىنچى شەرتىم، — دېدى مۇ خوجايىن، — ئىككىنچى شەرتىم، ئالتۇننى ئېلىپ كەتسەڭلار بولمايدۇ، ئالتۇن بىلەن پۇلنى ماڭا قالدۇرۇپ كېتىسىلەر، — تاپانچا ئالدىدىكى مۇ خوجايىن يەنىلا ھىماتچىم بار دەپ غەم تارتمايۋاتاتتى.

داچياۋ سەپداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ شەرتلىرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر

بولدى.

ئىش مانا مۇشۇنداق/ ھەل قىلىندى، دەنچاك بىلەن شياۋۋاڭ ئوقسىز تاپانچىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئۆيدىن چىقتى. تاپانچىدىكى ئوقلارنى ئاياللار پۇتۇنلەي چىقىرىۋەتكەنىدى. دەنچاك بىلەن شياۋۋاڭ بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۆزىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ ئۆزى بىر خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ دېگەن خىلۋەت جايدىكى ئالتۇن كان نۇقتىسى، قارشى تەرەپتىكىلەر ئىسىم-فامىلىسىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان كىشىلەر توپى. مۇ خوجايىنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، بۇگۇن ئۇ ئۆزىنى مۇ خوجايىن دەپ ئاتىۋالغان گەپ، ئەتىلا ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالسا ئۇنى ھەرگىزمۇ ئىزدەپ تاپالمايسىز.

## يەتتىنچى باب

### يېمىۈك — ئوۋچى ۋە بىر كېچە

مەن دائىم دەنچاك بىلەن بىللە بېرىپ، مەيلى تاغدا ياكى تاشيول ياقىسىدىكى يول كۆرسەتكۈچ يېنىدا بولسۇن، دەنچاڭلارنىڭ ئەتكەسچىلەر بىلەن قانداق ئېلىشقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

دەنچاك بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قوشۇلمىدى.

— سىلەرمۇ ھەر كۈنى مۇشۇنداق خەتەر ئىچىدە يۈرسىلەرغۇ؟ سىلەرگە خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ — دېدىم مەن.

ئۇ كۈلدى، ئۇ كۈلگەندە تېخىمۇ ئاق كۆڭۈل، تېخىمۇ سەممىي كۆرۈنەتتى.

— ئادەتلىنىپ قاپتىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەكتە، — دېدى ئۇ.

— بىز دوست بولۇپ قالدۇق، شۇنداقمۇ؟ بىزنىڭ ئارىمىزدا يوشۇرغىدەك سىر يوق. شۇنداق بولغاندىكىن بىز بىللە بارساق بولمىدىغاندۇ؟ سىز مېنىڭ بۇ قېتىم زىيارەت قىلىشىمغا ياردەم بېرەرسىز؟ — دېدىم مەن.

— مۇنداق بولسۇن، ۋەزىپە چىققاندا سىز بىز بىلەن بىرىڭ، — دېدى دەنچاك.

بىز شۇنداق كېلىشتۇق.

ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولۇپ، دەنچاڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كەڭ زېمىنىغا تارقالغانىدى. ئۇلارغا دائىم ۋەزىپە چىقىپلا تۇراتتى، شۇنداقلا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە سىرتقا چىقاتتى. دەنچاڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەپداشلىرى مەشىق قىلىپ پىشقان، كۈچلۈك، مۇستەقىل جەڭ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يىگىتلەر ئىدى. بەزى چوڭ ۋە مۇرەككەپ، شۇنداقلا ناھايىتى خەتەرلىك دېلولارغا دەنچاك ئۆزى ئاتلىناتتى.

بۇ نۆۋەت دەنچاك ئۈرۈمچىگە ماڭدى.

### ئۈرۈمچىگە كەلگەن جاۋ خوجايىن

جاۋ جوجايىن قول ئىشارىسى بىلەن بىر تاكسى توسۇپ تاكسى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى كاتتا بىر مېھمانخانىغا كىردى. ياتاق تىزىملاتقاندا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ كىنىشكىدىكى ئىسمى جاۋ زىبىڭ بولۇپ شاڭخەيدىن كەلگەنلىكى يېزىلغانىدى. ئەمما ئۇ گۇەنشى تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. جۇڭگودا كۆچمەن ئاھالە بەكمۇ كۆپ، شىنجاڭدىكى يەرلىكلەر، شىنجاڭغا ئىچكىرىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. شۇغىنىسى ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق كەچۈرمىشلىرى بار-دە!

شۇ ئەسنادا داچياۋ مۇشۇ مېھمانخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر كىچىك مېھمانخانىغا كېلىپ ياتاققا تىزىملىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سالاھىيىتى ئۈرۈمچىدىكى بىر شىركەتنىڭ مال ساتقۇچىسى ئىدى. بۇ ئىككىسى قىلچە ئالاقىسى يوق كىشىلەردەك ئىدى.

بۇ بىر تۈزۈم ئىدى. ھەرقانداق ئاشكارا سورۇندا ئىككىسى ئۇچرىشىپ قالسىمۇ ھەتتا كوچىلاردا دوقۇرۇشۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بىر-بىرىنى تونۇماسقا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشى، بىر-بىرىنىڭ ئىشىغا كاشىلا قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.

جاۋ خوجايىن بىر قارا چامادان كۆتۈرۈۋال-غان بولۇپ، ئۇ مۇلازىمەت پوكىيدىن قىممەتلىك بۇيۇملارنى ساقلايدىغان بىر ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچى-نى ئالدى-دە، ھېلىقى قارا چامادانى ئىشكاپقا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويدى، كېيىن سېلىنغان يەنە بىر قول چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە مۇلازىمەتچىنىڭ كەينىدىن 4-قەۋەتكە چىقتى.

ئۇ ياتاققا كىرىپلا دېرىزە پەردىسىنى ئېچىپ سىرتقا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، يەنە پەردىنى يېپىپ قويۇپ، ياتاق ئىچىگە سەپسالدى. ياتاق ئۇبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى، مۇنچا، ياتاق ئۆي ۋە قوبۇلخانىسى بار ئىدى. پولغا قېلىن گىلەم سېلىنغان، كارىۋاتقا گۈللۈك ياپقۇچ يېپىلغانىدى، قوبۇلخانىغا تامنى چۆرىدەپ كرېسلولار قويۇلغانىدى.

داچياۋ چۈشكەن ياتاق تولىمۇ ئاددىي ئىدى. ئۇمۇ بىر ياتاقنى يالغۇز ئېلىۋالغانىدى. ئۇ ئىشىكنى يېپىپ ئۇياق-بۇياققا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ جاۋخوجايىننىڭ تېلېفون بېرىشىنى كۈتتى.

ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ سومكىسىدىكى سىمسىز تېلېفونى جىرىڭلىدى، بۇ تېلېفوننى جاۋ خوجايىننىڭ بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— ۋەي، 02 مۇ؟ مەن 01، ھەممىنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدىڭىزمۇ؟ بولدۇ، بولدۇ، سىز ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، ياتاقتا تازىلىق ئۆيى بارمىكەن؟ ئاۋۋال يۇيۇنۇپ بىرەر نەرسە يەۋېلىڭ، بىز چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە يولغا چىقىمىز.

داچياۋ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۇندىمىدى. نەگە بېرىپ يۇيۇنىدۇ، تازىلىق ئۆيىمۇ بار، لېكىن ئىسسىق سۇ چەكلىك تۇرسا، يۇيۇنىمەن دېسە كەچ سائەت سەككىزگىچە ساقلاش كېرەك.

ئەمەلىيەتتە جاۋ زىبىگمۇ ئارام ئالمىدى، ئۇ ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىغا تېلېفون بېرىپ شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى تەپسىلىي سوراپ باقتى. تېلېفون ئالغان خېنىم سەۋرسىزلىك بىلەن:

— سىز زادى نەگە بارما[illegible] دەپ سورىۋىدى، جاۋ خوجايىن: — مەن [illegible] ئىدارىسىدىن. بۇ بىرنەچچە كۈن [illegible] ساياھەت ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالاتتۇق، — دېدى جاۋابەن.

يەنە نېمە قىلىش كېرەك؟ جاۋ خوجايىن ئالدىغا شاڭخەينىڭ بىر خەرىتىسىنى يېيىۋېلىپ شاڭخەينىڭ شەكلى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدى. كۆڭلىدە بولسا ئۇ بىنالارنىڭ قانداق شەكىلدىكى كاتتا بىنا-سارايلار-دىن ئىكەنلىكىنى، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىدا قانداق شەكىلدىكى پاراخوتنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، خۇاڭپۇ كۆۋرۈكىنى، پۇدۇڭ تەرەققىيات رايونىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى، ھەي، نېمىلەرنى دېيەلەيدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ، بۇلار بىلەن تونۇشۇپ قويغاننىڭ نېمە زىيىنى بار، دېگۈدەك گەپنىڭ بولغىنى ياخشى-دە!

جاۋ زىبىگنىڭ بۇ قېتىم ئېھتىيات قىلىشى، ئۆزىنى بۇنچىۋالا قاتتىق نىقابلىۋېلىشىنىڭ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار ئىدى. چۈنكى ئۇ بىر ئالاھىدە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇ قولغا چۈشكەن ئەتكەسچىلەرنىڭ ئىقرارىدىن ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ بىر مەخپىي ئۇچرىشىش ئورنىنى بىلىپ قالغانىدى. بۇ مەخپىي ئۇچرىشىش ئورنىنىڭ مۇھىم ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئېلىم-سېتىم پونكىتى بولۇشى، بۇنىڭ ئارقىسىدا تەشكىلىي پۇختا بولغان بىر ئالتۇن ئەتكەسچى-لىك گۇرۇھىنىڭ بارلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. جاۋ زىبىگ ھەرە ئۇۋۇسى — ئەتكەسچىلەر ئۇۋۇسىنى چۇۋۇشقا كەلگەنىدى. ئەتكەسچىلەر ئۇۋۇسى چۇۋۇۋېتىلسە ئۇلارنىڭ بىر چوڭ قان تومۇرى كېسىۋېتىلگەندەك ئىش بولاتتى. مۇبادا ئىشنى بۇزۇپ قويسا، ھەرىلەردىنمۇ نەچچە ھەسسە زەھەرلىك بولغان ئەتكەسچىلەر ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

جاۋ زىبىگ ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «قارا جەمئىيەت» بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئىشنى ناھايىتى خەتەرلىك دەپ مۆلچەرلىگەنىدى-لا ئەمەس، بالا-قازانىڭ ئالدىنى ئالالايتتى، ئۇ، بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلەتتى.

(داۋامى كېلەر ساندا)

# بوۋاي ۋە توغراق

(ھېكايە)

**پەخىردىن مۇسا**

يىراقلاردىن قارىسا بومبا ساقال بوۋايغىلا ئوخشاپ كېتىدىغان يالغۇز توغراق بۇ قۇمساڭغۇ تۇپراقتا خۇددى مۇشۇ ماكاننى قوغداۋاتقان قاراۋۇلدەك، يەنە بىر قاراشتا ئۆز زېمىنىنىڭ خوجايىنىدەك زەبەردەس قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۈۋىلىنىپ چىگدىلىپ كەتكەن قات-قات غازاڭلىرى ۋە قازان قاتلىمىسىدەك بىر-بىرىگە جىپسىلاشقان قېلىن قوۋزاقلار نەچچە ئادەمنىڭمۇ غولىچى يەتمەيدىغان بۇ چوڭ توغراقنىڭ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يىللىق تارىخقا، بەلكى نۇرغۇن ئەسىرلىك كەچۈرمىشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى دېرەكلەپ تۇراتتى.

ئەنە شۇ يەردە بىر بوۋاي توغراققا يۆلەنگىنچە سايداپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ئۇنى خۇددى توغراقنىڭ بىر قىسمىدەك كۆرسىتەتتى. بوۋاي بۇ توغراققا بەكمۇ ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. چۈنكى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە توغراق ئۆز غولىدىكى كاللىنىڭ كۆزىدەك كاۋاكچىلاردىن بوۋايغا بۇلاققا ئوخشاش سۇ ئاتا قىلاتتى.

توغراق بىلەن بوۋاي ياشاۋاتقان بۇ زېمىننى كىشىلەر «قاقساي» دەپ ئاتايتتى. دېمىسىمۇ بۇ يەردە ئاشۇ بىر تۈپ زەبەردەس توغراقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نە سۇ، نە بىر ھاياتلىق نىشانى كۆزگە چېلىقمايتتى. ئەمما بۇ يالغۇز توغراقنىڭ بورۇندىنلا ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئاندا-ساندا ئۇچۇپ ئۆتىدىغان، ئەمما بۇ يەردە توختىماي قاياقلارغىدۇر كېتىپ قالىدىغان قاغا، تورغايلارنى دېمىگەندە، ھېچبىر ئىنسان بۇ ماكانغا يولىمايتتى. چۈنكى كىشىلەر ئاشۇ يالغۇز توغراقنى «جىنلىق توغراق» دېيىشەتتى.

ئىيۇن، ئىيۇل ئايلىرىدا بۇ زېمىن گويا يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان ئوت-لاۋا ئېقىنىدا قالغاندەك چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىزىپ كېتەتتى. بوۋاي توغراقنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە تېرىغان بىر پارچە ئېتىزدىكى بۇغدايلىقىدا تېرىسى مومدەك قارىداپ، قاقتەك قورۇلغان ھالدا ئورما ئوراتتى...

— بۇ يىل ھاۋاغا نېمە بولغاندۇ؟

— تاڭەي! بەزىدە گۈركىرەپ بوران چىقىپ كېتىۋاتقان، «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ بولغىچە يەنە مۇشۇنداق تىنجىق ئىسسىق بولۇۋاتقان. تازىمۇ بىر...

قاراسۇ ئۆستەڭگى بويىدىكى كۆجۈم مەھەللە كىشىلىرى خۇددى كۆڭلىكى بىراۋلار تەرىپىدىن تالاپەتكە ئۇچرىغان ھەرىلەردەك ئەنە شۇنداق غۇدۇرىشاتتى. چىدىغۇسىز تومۇز ئاپتىپى ھەققەتەنمۇ ئۇلارنىڭ ھەپىلىسىنى قويمايتتى.

شۇنداق ۋاژ-ۋۇژ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، مەھەللىدىكىلەرگە تونۇش بولغان ئەمما ئەزەلدىن بۇ مەھەللىدە ئولتۇراقلىشىپ باقمىغان، چاچ-ساقىلى قاردەك ئاق، ئۆڭكى قارامۇتۇق، شالاڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر ئورا كۆزلىرىدىن سۇرلۇك نۇر چاقنايدىغان، قاۋۇل، ساغلام بەدەن بىر بوۋاي

چىرايىغا رەڭداش هالدا قارىداپ كەتكەن چوڭ بىر بوغماق قاپاقنى ئۆشنىسىگە ئارتقىنىچە ئۇشتۇمتۇت بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇ بەزىدە كىشلەرنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيال سۇرۇپ كېتەتتى ۋە ئارقىدىنلا ئۇلارغا بىر-بىرلەپ قارىۋېتىپ، ئاندىن ئاستا قەدەم بىلەن كېتىپ قالاتتى. كىشلەر بولسا ئۇزلىرى «ساراڭ» دەپ ئاتايدىغان بۇ بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن هاڭۋاققىنىچە قاراپ قالاتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توغراقنىڭ بىرەر غولى ياكى يىلتىزى كېسىۋېتىلسە، ئۇ يىغلارمىش. يالغۇز توغراقنىڭ كاۋاكچىلىرىدىن چىققان سۇ بەلكىم ئۇنىڭ يىشىدۇر...

بىر كۈنى تازا چىڭقى چۈش ۋاقتىدا بوۋاي بوغماق قاپىقنى توغراقنىڭ سۇ تامچىۋاتقان كاۋاكچىسى ئاستىغا ئېسىپ قويۇپ، قاپاقنىڭ سۇغا توشۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىچە ئۈيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى: چۈشىدە بوۋاي چەكسىز كەتكەن ياپيېشىل توغراقزارلىق ئارىسىدا يۈرەتتى. توغراقلار ئۇيان-بۇيان ئىغاڭلىغىنىچە بوۋايغا سالام بېرەتتى. ئۇنى كۆرگەن ياۋا ئات، ياۋا تۆگە، ياۋا ئۆچكە، ياۋا كالا، قاڭشارلىق بۆكەنلەر دۈپۈرلەپ قېشىغا كېلىشەتتى؛ يىلپىز، بۆغا، ئېيار كېيىك، تايغان، چوڭ كەسلەنچۈكلەرمۇ سەكرەپ-ئوينىغاچ يۈرەتتى؛ تورۇق تېكە، كۆكمەك، ئۇلا، بۇركۇت، توشقان، جەرەن، ئېيىق، ئېلىك، تۈلكە، بۆرىلەرمۇ قىن-قىنىغا پاتماي ھەر خىل قىلىق چىقىرىشاتتى. «ياھ! نېمىدېگەن كۆپ ھايۋانلار بۇ؟» دەپ سۆزلەپ كەتتى بوۋاي ئۆز-ئۆزىگە.

بىر چاغدا ئۇ توغراقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپئايدىڭ بىر يەرگە چىقىپ قالدى. ئۇ كۈچلۈك نۇر جىلۋىسىدە قاماشقان كۆزلىرىنى قولى بىلەن ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان كۆز يەتكۈسىز كەڭرى بىر كۆل ئايان بولدى. شۇ چاغدا بوۋاي ئاتا-بوۋىسىنىڭ ۋاقتىغا، ئۆزىنىڭ باللىقىغا قايتقاندەك بولغانمىش. ئۇ ئۆزىنىڭ تەشنالىقتا چاڭقاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، دەم يېتىپ تۇرۇپ كۆلنىڭ سۈيىدىن قانغىچە ئىچتى. بوۋاي ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆزىنىڭ 18 ياشلىق قىران يىگىتتەك تېتىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ قانلىرى تومۇرلىرىدا كۆۋەجىدى-دە، كۆلنى بويلاپ يۈگۈردى... ئۇ قانچىلىك ۋاقىت يۈگۈرگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. لېكىن ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يۈگۈردى. بىر چاغدا ئەتراپقا قاراپ ئۇ ئۆزى دەم يېتىپ تۇرۇپ كۆل سۈيىنى ئىچكەن جايغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. بوۋاي ئىچىدە كۆلنىڭ كەڭلىكىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ كۆلنىڭ كەڭلىكى ئاز بولغاندىمۇ 3مىڭ چاقىرىم كەلگۈدەك» دەپ پىچىرلىدى.

بوۋاي بۇ يەردىكى چەكسىز توغراقزارلىقتىن، تۈرلۈك-تۈمەن ھايۋانات، ئۇچار-قۇشلاردىن ھەمدە دېڭىزدەك مەيىن داۋالغۇپ تۇرغان كۆلدىن پەخىرلەنگىنىچە قايسىدۇر بىر ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا قاياقتىندۇر بىر ياۋا تۆگۆز نەرە تارتىپ كەلگىنىچە ئۇسسۇپ توغراقلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا باشلىدى، ئۇدۇل كەلگەن ھايۋانلارنى بىرلا ئۇسسۇپ جېنىدىن جۇدا قىلدى! پەقەت ھايۋانلار ئىچىدىكى بۆرىلا ياۋا تۆگۆزغا قەھىر بىلەن ئېتىلىپ، جان تىكىپ ئېلىشاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ياۋا تۆگۆزلار بىردىنلا كۆپىيىپ، توغراقلار ئارقا-ئارقىدىن يىقىلىشتى. كۆلنىڭ سۈيىمۇ توغراقلارنىڭ يىقىلىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى ئازلاپ قالدى... غەزىپى قايناپ تاشقان بوۋاي غىلىپىدىن شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، شىردەك ھۆركىرىگىنىچە ئۇيغىنىپ كەتتى.

ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىدىكى قاقاسلىقنى، يالغۇز توغراقنى كۆردى-دە، چوڭقۇر بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن توغراققا ئېسىقلىق تۇرغان بوغماق قاپىقىغا قارىدى. سۇ قاپاققا توشۇپ سىرتقا ئاقماقتا ئىدى.

قارا سۇ ئۆستىڭى مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ

ئاغزىدا ۋەھىملىك خەۋەر تارقالدى:

— ئاسماندىكى بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يەنە بىر چوڭ يۇلتۇزغا سوقۇلارمىش! ئەگەر ئۇ سوقۇلسا نەچچە مىڭ توننىلىق ئېغىرلىقتىكى يۇلتۇز پارچىلىرى يەر شارىغا چۈشۈپ قاتتىق يەر تەۋرەپ كېتىدىكەن.

— يەر تەۋرەيدۇلا ئەمەس، پۈتكۈل جانلىق بىراقلا تۈگىشىدىكەن دېگىنە!

— ھەي، خالايىق، — بۇ بىر كەكە ساقال ئادەمنىڭ ئاۋازى ئىدى، — ئۇ يۇلتۇزچۇ يەر-زېمىندىنمۇ چوڭمىش. قاراپ تۇرۇڭلار، ئەمدى قىيامەت يېتىپ كېلىدۇ. ناشۈكۈر بەندىلەر جازاسىنى تارتىدۇ!

— ئاللا ئۆزى بار، ھالال ياشىغان بىزدەك بەندىلىرىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، بالا-قازادىن ساقلار خۇدايىم! — دېدى مايلشاڭغۇ ئاق شاپاق دوپپىلىق بىر كىرا-كەش، توكۇر ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە.

— ئۇ يۇلتۇز قاچان سوقۇلار؟! — دەپ سورىدى ئىككى بالىنى يېتىلىۋالغان بىر تۇل خوتۇن ئەندىشە ئىچىدە، — بىزغۇ مەيلى، مۇشۇ بالىلىرىمىز...

— ئىش قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا سوقۇلىدۇ، چوڭ-كىچىك ھەممە يوقىلىدۇ، — دېدى ھېلىقى كەكە ساقال دانىشمەنلىك بىلەن.

— تەقسىر، ئېغىزىغا كەلگەننى دەۋەرمەيلى.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بوم ئاۋازدىن ھەممە كىشى چۆچۈپ ئالاڭلاپ قاراشتى. توپنىڭ ئارقىسىدا بوغماق قاپىقىنى ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان بوۋاي كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى.

— سىلى دەۋاتقان ئىشلارنى قەيەردىن ئۇقتىلا؟ — دەپ سورىدى بوۋاي كەكە ساقال-دىن.

— خەقتىن ئاڭلىغان، — بوۋايىنى مەنسىت-مىگەندەك ئېرەنسىزلا جاۋاب بەردى كەكە ساقال.

— مەن گېزىتتىن كۆرگەن، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ.

ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئېلېكتر چىرىغىدەك پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى بوۋايىنىڭ ئاغزىغا مەركەزلەشتى. ھېچكىمنىڭ بۇ بوۋايىنىڭ گېزىت ئوقۇشىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— يۇلتۇزلار سوقۇلىدۇ، — دېدى بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن، — لېكىن ئۇنىڭ زېمىنغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.

كىشىلەر بوۋايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز يېنىك تىن ئېلىشتى. بوۋاي سۇ قاچىلانغان بوغماق قاپىقنى كۆتۈرگىنىچە توپ ئارىسىدىن ئۈن-تىنسىز كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قاپىقىدىكى سۇنىڭ چولتۇكلىغان ئاۋازى خېلىغىچە كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇردى.

مەھەللىدە ئاندا-ساندا پەيدا بولۇپ قالىدىغان بۇ جىمغۇر بوۋايىنىڭ نەدە تۇرۇپ، نەگە بارىدىغانلىقى كىشىلەرگە ئېنىق ئە-مەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەھىملىك خەۋەرگە بەرگەن تەبىرى مەھەللىدىكىلەر-نى بوۋاي توغرىسىدا تۈنجى قېتىم بەس-مۇ-نازىرە قىلىشقا سەۋەبچى بولدى.

— بۇ بوۋاي راست ساراڭمىدۇ؟

— ساقتەك تۇرىدۇ جۇمۇ، بولمىسا ھېلىقىدەك سۆزلەرنى قىلالايتتىمۇ ئۇ.

— شۇنى دېمەمسىلەر، ئۇ راستىنلا ساراڭ بولسا قىلىقلىرىمۇ باشقىچە بولار ئىدى؟

— ياق، ئۇ ئەسلىدىنلا ساراڭ. ساراڭ بولمىسا بىر قاپاقتىكى سۇنى ئۆشنىسىگە ئارتىۋېلىپ بىكاردىن بىكار پايپاسلاپ يۈرەمدۇ.

— ۋۇي راست، ئۇ يا تىلەمچىلىك قىلمىسا، يا بۇ يەردە بىزدەك دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلمىسا، كۈننى قانداقمۇ ئۆتكۈ-زىدىغاندۇ؟

— ساراڭ دېگەن كۆرگەنلا نەرسىنى يەۋېرىدۇ. شۇنىمۇ چۈشەنمەمسىلەر؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھا-ھا-ھا...

— ھى-ھى-ھى...

نەچچە كۈندىن كېيىن يۇلتۇزلارنىڭ سوقۇلغانلىقى، ئەمما يەر شارىغا ھېچقانداق ئەكس تەسىرى بولمىغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك خەۋەرلەر تارقىلىپ، مەھەللىدىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم بوۋاي ۋە ئۇنىڭ سۆزى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى...

بوغماق قاپاق كۆتۈرۈۋالغان بوۋاي ئاسمانپەلەك بىنالار قەد كۆتۈرگەن قايناق شەھەر ئىچىدە پەيدا بولدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمايتتى. شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ بىرەرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىيالمىغانلىقىدىن بوۋاي ئۆكۈنۈپمۇ قوياتتى. ئەمما ئۇ قانداقلىقى ئىشتا بولمىسۇن چەكسىز سەۋرچان ئىدى. بىر چاغدا ئۇ بەش قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۆزىگە غەزەپ ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئىشىك باقارنى كۆردى.

— بالام...

— ھە! يەنە شۇ قاپاقتىكى سۇنىڭ دەۋاسىمۇ، — دەپ بوۋاينىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى ئىشىك باقار، — ماڭسىلا، ماڭسىلا، سىلى ئەڭ ياخشىسى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ئوبدانراق داۋالانسىلا!

— بالام، مەن ئۆمرۈمدە ئاغرىپ باققان بەندە ئەمەس. نېرۋاممۇ جايىدا. مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ ماڭا يول قويسىڭىز. مەن بىرەر تەتقىقاتچى بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ. بۇنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز.

— بولدى، سۆزلەۋەرمىسىلە. سىلىنىڭ بۇ قاپاقتىكى سۇلىرىدەك سۇ ئېرىق-ئۆستەڭلىرىمىزدە تولۇپ يېتىپتۇ! ياخشىسى ئۇنى ئۆزلىرى ئىچىۋالسىلا. بۇ يەردىكىلەرنىڭ سۇلىرىنى تەتقىق قىلىدىغانغا چولىسى يوق.

— سىز خاتالىشىۋاتىسىز...

— كەتسىلە دەيمەن! ھېلى بىكار ساقچى چاقىرىپ...

بوۋاي ھەسرەتلىك تىنىۋەتتى. كۆزلىرىدە سوغۇق بىر نۇر ئەكس ئەتتى. «ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتكەن-ھە!» ئۇ بىنانىڭ كىرىش ئىشىكى ئۈستىگە ئېسىلغان ۋىۋىسكىدىكى «مىللىي تىبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنى» دېگەن خەتلەرگە بىرپەس تىكىلىپ قالدى-دە، ئۇشتۇمتۇت نېمىندۇر ئېسىگە ئالغاندەك شاققىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ تېز-تېز مېڭىپ كەتتى. ئىشىك باقار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىيىقىدا كۈلگىنىچە «ساراڭ قېرى...» دەپ غۇدۇڭشۇپ قالدى.

قاراسۇ ئۈستىكى مەھەللىسىدە ئۆلۈم-يېتىم كۆپىيىپ كەتتى. «ياشقىمۇ ئۆلۈم، قېرىغىمۇ ئۆلۈم» دېگەن شۇمىكىن، ياشلارمۇ، قېرىلارمۇ بەزىلىرى كېسەل سەۋەبىدىن، بەزىلىرى ساپساق تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا بىرلىرى «ھاراقنى كۆپ ئىچىپ ئۆلۈۋاتىدۇ» دېيىشسە، يەنە بىرلىرى «يېقىندىن بۇيان ئىچىدىغان سۇيىمىز بۇلغىنىپ كەتتى. يەۋاتقان ھەر خىل يېمەكلىكلىرىمىزمۇ ساختا ھەم ناچارلىشىپ كەتتى» دېيىشەتتى.

ئارىدىن قانچە كۈن، قانچە ئاي ئۆتكىنى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس، «مىللىي تىبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنى»غا بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. خەت سالغۇچىنىڭ ئادرېسى تەتقىقاتچىلارغا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. ئادرېس مۇنداق يېزىلغانىدى: «قاقسايدىكى توغراق ۋە بوۋايدىن». تەتقىقاتچىلار قىزىقىش ئىچىدە خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى.

ئۇشبۇ مەكتۇبدىن شۇ نەرسە ئايان

بولغايكى، مەن سىلەرنىڭ تەتقىقات ئورنىڭلارغا 73 قېتىم باردىم. مەن بىلەن بىرگە ياشاپ كېلىۋاتقان يالغۇز توغراقنىڭ سۈيىدىن ھەر قېتىمدا بىر قاپاق ئېلىپ بارىمەن. ئەمما ئىشىك باقارىڭلار مېنى ھۇزۇرىڭلارغا كىرگۈزمىدى. مەن بۇ يىل ساق 171 ياشقا كىردىم. ھاياتىمدا بىرەر قېتىم ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر ئۆمۈر ئاشۇ توغراقنىڭ كاۋاكچىلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇنى ئىچىپ كەلدىم. ئاتا-بوۋىلىرىمىزدا «توغراق سۈيىنى ئىچكەن ئادەم قېرىمايدۇ» دېگەن گەپ بولىدىغان. بۇ سۆز ساغلام بولىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، دېگەننى بىلدۈرسە كېرەك. شۇ ۋەجىدىنمىكىن مەن تا بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلدىم. بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ تولىمۇ كېچىكىپ يادىمغا كەلگەنلىكىدىن ئۆكۈنىمەن. بۇ سۆز كاللامغا كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ توغراقنىڭ سۈيىنى تەجرىبە قىلىپ بېقىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ئىزدەشكە باشلىغانىدىم.

ئەپسۇس، قوبۇلىڭلارغا مۇيەسسەر بولالمىدىم. شۇڭا بىر تەلىپىم: مالال كەلمىسە قاقسايغا كېلىپ ئاشۇ خاسىيەتلىك توغراقنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ كېتىپ بىر تەكشۈرۈپ باقساڭلار ئىكەن. ئالىمادىس ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى بەرھەق بولۇپ چىقسا، بۇنىڭ ئىنسانىيەتكە يەتكۈزىدىغان پايدىسى زىيادە بولغاي.

خەير، ئاللا سىلەرگە يار بولغاي!»

نەچچە كۈن ئۆتمەيلا قاقسايدىكى يالغۇز توغراق تۈۋىدە بىرنەچچە ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان خېلى كۆپ گېزىتلەرنى كۆرۈپ بىر-بىرىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراشتى. ئۇلار يەنە ھېلىقى خەتتە تىلغا ئېلىنغان بوغماق قاپاقنىڭ توغراق شېخىغا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى، لېكىن بوۋاينى بۇ ئەتراپتا ئۇچرىتالمىدى.

ئۇلار چوڭ بىر ئەينەك بوتۇلكىغا توغراق سۈيىدىن تولدۇرۇپ، بوۋاينىڭ سۇ قاچىلاقلىق تۇرغان قاپىقىنى بىللە ئېلىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي بىر مۇخبىر بۇ ھەقتە گېزىتكە خەۋەر بەردى. خەۋەردە بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى ئاجايىپ سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغان بولۇپ، ئاخىرىدا: «خاسىيەتلىك توغراقنىڭ سۇ تەركىبى ھازىر جىددىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بوۋاينىڭ ئېيتقىنى ھەقىقەتەن توغرا بولۇپ چىقسا، ئىنسانلار ئاجايىپ بىر مۆجىزىگە ئېرىشكەن بولىدۇ!» دېيىلگەنىدى.

گېزىت خەۋىرى تارقىلىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، قاقسايدىكى يالغۇز توغراقنىڭ ئەتراپى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلىغان قاراسۇ ئۈستىڭى مەھەللىسىدىكىلەر كۆچۈنۈپلا بۇ يەرگە كېلىشتى. بىر قىسىم ئادەملەر توغراقنىڭ شىمالىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدا بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغان بىر پارچە ئېگىزلىكنى كۆرۈپ قالدى. قانداق قىلىپ بۇ قاغجىراق زېمىندا بۇغداي تېرىپ ئۆستۈرۈلگەنلىكىگە ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئەقلى يەتمىدى... مىغىلدىغان كىشىلەر توپى توغراقنى قورشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ-قىستاشقانلىرىچە چېلەك، كورىلىرىنى توغراقنىڭ كاۋاكچىلىرى ئېغىزىغا تۇتۇشاتتى. سۇ تامچىلاپ چۈشمەكتە ئىدى...

بىر چاغدا كىملەردۇر چوڭ-چوڭ ئايپالتىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئادەملەر توپىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— خالايىق، نېرى تۇرۇڭلار! تامچە سۇغا قاراپ ئىش پۈتمەيدۇ. پالتا بىلەن توغراقنىڭ غولىنى راسا چانايلى ياكى بۇ توغراقنى كېسىپ تاشلايلى. ئۇ چاغدا سۇ دېگەن ئېتىلىپ چىقىدۇ-تېخى... ھە، قېنى

تومۇرىغا، تومۇرىغا چاپايلى!

بىرەر سائەتلىك قىزغىن ئەمگەكتىن كېيىن، توغراق غولىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قىلىچلانغان باتۇرنىڭ بەدىنىدەك چاپما ئىغىزلىرىغا تولۇپ كەتتى. كىشىلەر كۆردىكى، توغراقنىڭ چېپىلغان يېرىدىنمۇ، كاۋاكچىلىرىدىنمۇ سۇ چىقمىدى. ئادەملەرنىڭ كۆزى قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ شاپائەتچىسىگە تىكىلگەندەك توغراققا ئىلتىجا بىلەن مۆلدۈرلەپ قارايتتى. زارىقىشلىق كۈتۈش ئىچىدە نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئاز-تولا سۇغا ئېرىشكەنلەردىن بەزىلىرى بولسا خۇددى باشقىلاردىن قىزغانغاندەك، سۇلىرىنى يىراقلا ئىچىپ تۈگىتىۋېتىشتى. شۇنداق قىلىپ توغراقتىن پەقەتلا سۇ چىقمىدى. بەزى مويسىپىتلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن قوي، خوراز دېگەندەك نەرسىلەر ئۆلتۈرۈلۈپ توغراقنىڭ تۈۋىگە قان قىلىشقان بولسىمۇ، يەنىلا سۇ چىقمىدى.

ئادەملەر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاستا-ئاستا تارقاشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ يەردىن خېلى يىراقلاشقاندىن كېيىن بىردىنلا بوۋاينى ئەسلەپ قېلىشتى. «بوۋاي زادى نەگە كەتكەندۇ؟... ياكى ئۇ بىر ئەۋلىيامىدۇ؟... ئۆلۈپقۇ كەتمىگەندۇ؟ ھەي! ئۇ بولغان بولسىمۇ...» كىشىلەر بۇرۇلۇپ توغراققا قاراشتى. خۇددى بومبا ساقال بوۋايغىلا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ يالغۇز توغراق يىراقتىن ئۇلارغا راستتىنلا ھېلىقى بوۋايدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئارىدىن كىمدۇر بىرى: «بۇ ئەسلىدىلا بىر جىنلىق توغراق ئىدى. ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلەرمۇ چو... ئاشۇ بوۋايدەك ساراڭ بولۇپ قالىدۇ» دەپ ۋارقىرىدى. شۇئان ئادەملەر توپى ئۆرە-تۆپە بولۇشتى. توغراق سۈيىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاز بىر قىسىم ئادەملەر سەل ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن، سۇلىرىنى چاڭقاق تۇپراققا تۆكۈۋېتىشتى. كىشىلەر ئەمدى ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق مەخلۇق قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئالدى-كەينىگە قارىماي بەدەر قېچىشماقتا ئىدى...

نەچچە كىلومېتىر يىراقلىققا ئۇزاپ كەتكەن ئادەملەر بىردىنلا غايىبتىن بۇيرۇق كەلگەندەك تەڭلا كەينىگە بۇرۇلۇپ يەنە توغراققا قاراشتى. يىراقتىكى توغراق ئەمدى بىر پۈتۈن بوۋايغا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. زەبەردەس بوۋاينىڭ بومبا ساقاللىرى قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك تاۋلىناتتى. كىشىلەر «جىن!»، «ساراڭ...» دېگەنلىرىچە بىر-بىرىنى دەسسەپ-چەيلەپ قېچىشقا باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن توزىغان شورلۇق توپا-چاڭ ئىچىدە ھەممە غايىب بولدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، توغراق سۈيى تۆكۈلگەن ھېلىقى يەرلەردىن كىچىككىنە يېشىل بىخلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى ھېچكىم بىلمەي قېلىشتى.

# «بوۋاي ۋە توغراق» ھەققىدە

(ئوبزور)

## ئەسقەر ياسىن

بۇ ھېكايىدىن ئالدى بىلەن كۆرىدىغىنىمىز زامان، ماكان چەكلىمىسىدىن خالىي ئۇلۇغۋار روھقا، ئادەتتىكىچە قىياپەتتە ئىگە بوۋاي ۋە توغراق.

شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، يەخرىدىن مۇسانىڭ «بوۋاي ۋە توغراق» ھېكايىسى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرىمىزغا چەكسىز كەڭلىك ئاتا قىلىدىغان ياخشى ھېكايە. ئاپتورنىڭ ئەسەردە ئەستايىدىل ھەم

سەممىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغىنى بوۋاي
ۋە توغراقنىڭ خىسلەتلىك ئۇزۇن تارىخى ۋە
سېھرىي كۈچى. شۇنداقلا ئۇنىڭ كىشىلەر
تۇيغۇسىنىڭ سىرتىدا قالغان ئەبەدىيلىكى.

« نەچچە ئادەمنىڭ قۇلچى يەتمەيدىغان
چوڭ توغراق. ئۇزۇن يىللىق تارىخقا، بەلكى
نۇرغۇن ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە »، « توغراق-
نىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بوۋاي ».
بوۋاي توغراقنى چىن كۆڭلىدىن ئۇلۇغلايدۇ.
ئۇنى ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ.
توغراق كالىنىڭ كۆزىدەك كاۋاكچىلىرىدىن
بۇلاقتا ئوخشاش سۇ، بەلكى ھاياتلىق سۈيى
ئاتا قىلىدۇ. بوۋاي شۇ توغراق ئەتراپىدا
ياشايدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ...

ھېكايىدىكى رېئاللىق ئەپسانىۋى رېئاللىق
ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭدا چاقناپ تۇرغان
چوڭقۇر مەنىلىك ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇر، بۈگۈن
ھەققىدىكى ئەندىشىلىك ئويلىنىشلار بىر قاتار
كۆرۈنۈشلەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بىز ئۇيغۇرلاردا توغراق ھەققىدە خىلمۇخىل
گۈزەل رىۋايەتلەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە
چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى بىلەن
قورشالغان جەزىرىلەردە ئەنە شۇ توغراق
ھەيۋەت بىلەن قەد كېرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ
چىدامچانلىقى، كۈچلۈكلىكى، ئۇزۇن ۋاقىت
ئۆمۈر كۆرەلەيدىغانلىقى تىللاردا داستان.
ئاپتور ئەنە شۇ خىل ئالاھىدىلىكلەردىن
ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. ئادەتتىكى
كۆز بىلەن قارىغاندا ئاپتور نوقۇل توغراق
بايلىقىنىڭ يوقىلىشىغا ئۆكۈنگەندەك، نارازى
بولغاندەك بىلىنىدۇ. بۇنداق قارىغىنىمىزدا
خاتالاشقان بولىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئاپتور
توغراق ۋە بوۋايىنى سىمۋوللاشتۇرۇش ئارقىلىق
خىرەلەشكەن مىللىي ئېڭىمىز، خارابلىشىۋاتقان
روھىيىتىمىز ھەققىدىكى شىكايىتىنى ئىپادىلەپ
بەرگەن.

ھېكايە رېئاللىقىدا توغراق ئادەملەر تەرىپىدىن
كېسىلىدۇ. توغراقتىن چىقىۋاتقان سۇ توختايدۇ.
ھاياتلىق شەربىتى دەپسەندە قىلىنىدۇ. بوۋايمۇ
كۆزدىن غايىب بولىدۇ. بىراق كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغى-
نى توغراق سۈيى تۆكۈلگەن يەردىن سان-ساناقسىز
بىخلار ئۈنۈپ چىقىدۇ.

كۆپ كىشىلەر ھازىرقى زاماندىكى
ئىلگىرىلەشنىڭ قايسى تەرىپىدە، قانداق
يۆنىلىشتە كېتىپ بارغانلىقىنى تەسەۋۋۇر
قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. بىراق « بوۋاي » ئۇنداق
ئەمەس. ئۇ ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى
تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتىدەك
سېھىرلىك توغراق ئەتراپىدا ھەممىنى ئۆز
تەپەككۇرىغا، ھەرىكىتىگە مۇجەسسەملەشتۈرى-
دۇ.

ئەسەردە گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك،
ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك غۇۋا ئىپادىلىنى-
دۇ. لېكىن ئاپتورنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتى
بۇلارنى ئىپادىلەش ئەمەس، بەلكى
ئادەملىكىمىز، ئەنئەنىمىز، يۈكسەكلىككە
بولغان تونۇشىمىز ھەققىدىكى قايغۇلۇق
ئىزدىنىشتۇر. ئېھتىمال، روھىيىتىمىز، مىللىي
ئېڭىمىز خارابلىققا يۈز تۇتقاندۇ... بىراق
ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ گۈزەل ھېكايىسىنىڭ ئاخىرقى
قىسمىدا بۇ خىل گۇماننى جىددىي تۈردە
رەت قىلىپ تاشلايدۇ.

ئادەملەشكەن توغراق ۋە توغراققا
ئايلانغان بوۋاي بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالماي-
دۇ؟ كېلەچەككە قانداق يۈزلىنىشىمىز
ھەققىدە ئىختىيارسىز تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە
ئۈندىمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە، كىتابخانلار بۇ
ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن خىلمۇخىل
تۇيغۇلارغا كېلىشى، خىلمۇخىل مەسىلىلەرنى
ئويلاپ يېشىشى تەبىئىي.

( « بوستان » ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 1-، 2-قوشما
سانىدىن ئېلىندى).

www.uyghurkitap.com



# سىماس ھېينى ئەسەرلىرىدىن

**مۇختار مەخسۇت تەرجىمىسى**

**مۇھەررىردىن:** كېيىنكى دەۋر مۇدېرنىستىك شائىرى ۋە نەسىرچىسى سىماس ھېينى ( Seamus Heaney ) 1939 - يىلى شىمالىي ئىرلاندىيىدىكى بىر دېھقان ھەم كاتولىك مۇرىتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961 - يىلى بېلفاست ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 1966 - يىلى نەشر قىلىنغان « ناتۇرالىستىنىڭ ئۆلۈمى » ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن بىردىنلا داڭق چىقارغان ۋە ئانا مەكتىپىدە ئىنگلىز ئەدەبىياتى لېكتورى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ « زۇلمەتكە تۇتاشقان ئىشىك » ، « قەھرىتان قىشنى ئۆتكۈزۈش » ، « شىمال » ، « ئېتىز ئىشلىرى » قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ئېلان قىلىنىپ، كۆپ خىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەم يېتىزدىن كېيىنكى ئەڭ بۈيۈك ئىرلاندىيە شائىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ھېينى ئۆز تەجرىبىسىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، جەمئىيەت ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئىجادىيىتىدە سەھرا تەبىئىتىنى مەنبە قىلغان ھاياتىي كۈچنى ئىنگلىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ماھارەتلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ساددا، سەمىمىي، ئەمما چوڭقۇر مەنىلەرگە تويۇنغان شېئىرلىرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى. بۇ شېئىرلار روشەن يەرلىك تۈس ۋە مىللىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. « ئۇنىڭ ئەسەرلىرى لىرىك، نەپىس گۈزەللىككە ۋە ئېتىكىلىق چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى مۆجىزىلەر ۋە كەچمىشلەرنى بىر پەللە يۇكسەلدۈرگەن » لىكى ئۈچۈن 1995 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ھېينى گەرچە ھازىر ھايات ياشاۋاتقان ئۈچ چوڭ دۇنياۋى شائىر (ئۇنىڭ ئىككىسى بروتوۋسكىي ۋە دېرېك ۋالكوت) نىڭ بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى جۇڭگو كىتابخانلىرىغا تېخى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغىنى يوق. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان قىسمەن شېئىرلىرى ئىچىدىن بىرنەچچىنى ھەم ئۇنىڭ بىر پارچە نەسرىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

### سۇ ئىگىكىدە

گۈگۈمدىكى شەپەرەڭدەك لەپىلدەپ روھسىز،
ھەر سەھەردە سۇ ئالغىلى كېلەر بىر چوكان.
كۆك يۆتەلدەك چىڭقىلىدۇ ناسۇس تىنىمسىز،
سۇ توشقانچە چېلەكتىمۇ پەسلەيدۇ زۇۋان.

ئۇندا چوكان،
يەلپۈنىدۇ كۇلرەڭ كۆڭلىكى،
سىرى چۈشكەن چوقۇر بولۇپ ئاپئاق چېلىكى.
چاقىرغاندا ئۇنى شۇنچە يېقىمسىز ئۇنىڭ،
نالە قىلىپ ئىڭرىغاندەك سۇ چاقپىلىكى.

ئەسكە چۈشتى شۇ كېچىلەر،
تاغقا قونغان ئاي،
شولىسىدا جىمىرلايدۇ ئىستاكاندا چاي.
ئۇتلىغلى تەگكۈزدۈم لەۋ سوزۇپ بىناقەت،
ئىستاكانغا پۈتۈلمىش بىر ئۇتلۇق دالالەت؛
شۆۋرىلىدىم، شەپقەتچىنى ئۇنتۇما پەقەت.

## ئەگىشش

يەر ھەيدەيدۇ ئاتام قوشۇپ توروق ئات،
كۆبجۈپ چىققان بىلەكلىرى يەلكەندەك.
قوشنى سۆرەر تىرەجەپ ئۇ جانىۋار،
تاپ ياقىلاپ ئاتام ئېيتقان كۈي مۇڭ بەك.
چۇەرلىكتە قىل سىغمايدۇ، ساپاننىڭ
پولات تىغى يالتىرايدۇ ۋاشىلداپ،
يېشىل تۇپراق ئۆرىلىدۇ قايماقتەك،
قىر بېشىدا توختايدۇ ئات پۇشۇلداپ.

سىڭا كۆزنى قىسىپ ئاتام ئېيتىزغا
زەن سالىدۇ يېرىم قىيپاش ھالەتتە.
قايتار يەنە قارا تەرگە چۆمگەن ئات،
ئاغدۇرۇلغان يەر بىر كەشتە، ئەلۋەتتە!

مەن كېلىمەن چىڭ سوگدىشىپ ئاتامغا،
سەنتۈرۈلۈپ، چۆپلۈكلەرگە يىقىلىپ.
ھاپاش قىلىپ ئالار گاھى ئۇ مېنى،
بارىمىز تەڭ ئېگىز-تۆۋەن چايقىلىپ.

ئىنتىلەتتىم، تېزرەك كۈچكە تولسام دەپ،
بىر كۆزۈمنى قىسسام، يەرمۇ ئاغدۇرسام...
ئەپسۇس، ئۇنىڭ سايىسىلا بوپ قالدىم،
كاشكى، ئېتىز ئىشىغا بىر يارىسام.

بولۇمسىزمەن، پالاكەتمەن، دائىما،
يىقىلىمەن نالە-پەرياد كۆتۈرۈپ.
ئەمدى دادام يۈرەر ماڭا ئەگىشىپ،
مەن يىقىلسام ئۇمۇ نەگىلا مۆدۈرۈپ.

## شېئىر بۇلىقىم

بالىلىقتا، ئۇلار مېنى كەتكۈزەلمىگەن
چېلەك ھەم سۇ ناسۇسى بار قۇدۇق يېنىدىن.
مەن سۆيەتتىم قاپقاراڭغۇ قۇدۇقنى —
ئۇندا بەنت قىلىنغان قۇياشنى، چىمەنلەرنى،
شەبنەم قونغان مۇخلارنى
سەبى دىلىمدىن.
ئەسكى شالدا يېپىلغان ئاغزى
خىشتا قوپۇرۇلغان كونا قۇدۇقنىڭ.
ئارقاندا تاشلانغان چېلەك ساداسى
بېرەتتى مەن ئۈچۈن ئاجايىپ لەززەت.
تىرەن ئىدى قۇدۇق شۇ قەدەر،
كۆرەلمەيتتىڭ سايەڭنى پەقەت.

گاھى قۇدۇقلاردىن قايتاتتى سادا
پاك كۈيلىرى تەگكەش بوپ ساڭا.
گاھلىرى ۋەھىملىك ھەم سۇرلۇك.
چاتقاللىقتىن چاشقان چىقىپ تالاي رەت
تىرىك قىيامەتنى كۆرسەتكەن ماڭا.

پاتقاق كېچىپ، يىلتىزلارغا چام سېلىپ
تەلمۈرەتتىم بۇلاقتىكى ساھىبجامالغا
ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرى
ياش كۆڭۈلنى سالاتتى مىڭ خىيالغا.
شېئىر يازاتتىم
ئۆز-ئۆزۈمنى تونۇۋالاي دەپ،
سادا بەرسە قاپقارا تۈن دەپ.

## شارقىراتما

ئېرىقلار غەرق بولار ئۆز ئېقىشىغا،
توختاۋسىز سىرغىپ چۈشكەن شۇ نېپىز شايە
چىپپىدە توختىدى، بولۇپ مىڭ پارە.

گاھىدا شىددەتتە ئاقىدۇ، گاھى
بىردىنلا تىنىقسىز قالىدۇ توختاپ.
يىقىلغان شوخ بالا گوياكى دولقۇن،
«ئادالەت!» دەپ ئۈنلۈك ئاڭلاتقان خىتاب.

گويا ئۇ مۇز داۋان — تەتۈر ئېسىلغان،
دەم تارتىپ پۈركۈيدۇ ئۇنى بىر ئوپقان.
نىگاھىم شۇ بۈيۈك ۋەزمىن بىلەن تەڭ
مىڭ گەزلىك چوققىدىن يىقىلار دەم-دەم،
ئەسلەرگە نەقىشلەپ سۆكۈتسىز غەليان.

## باھار مەرسىيىسى

قەھرىتان قىش
مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ
بوغۇزىغا سۇ پومپىسىنىڭ
يېتىۋالدى تۈگۈلۈپ.

تۆمۈرلەردە مۇز قاتتى،
تۇتقۇلارمۇ كەتتى ئېگىلىپ.
كۆلا ئېشىپ پاخالدىن
تۇرۇبىغا يۆگىدۇق مەھكەم.
يەنە
سۇ پومپىسىنى چۆرىدەپ
ئوت يېقىلدى دەممۇ-دەم.

سوۋۇدى.
ئېچىۋەتتۇق قاپقىسىنى.
گىرۋىكىدە تارام-تارام نەم.
ئۇ كەلدى ھەم.

## سۇدىكى پەرىزات

كېسىپ تاشلاپ چاتقاللارنى، لاتقىلارنى ھەم
راۋان قىلدى ئېقىنىمنىڭ يوللىرىنى.
تېنىم پاكلاپ، ئاڭا ئېتىلدىم شۇ دەم.

تۇرۇپ قالدى، كۆرۈپ تۇغما سىياقىمنى
سۈزۈك ئېقىن ئاقار شۇنچە بىپەرۋا.
ئۇ ياندىشىپ ماڭدى ماڭا بولۇپ ھەمرا.

ئەگىپ-ئەگىپ قايىندىم، ئويناقشىدىم،
تارام-تارام ئېرىق گىرەلەشكەن شۇ جايدا
مېنى تارتىپ ئالغىچە ئۇ ئۆز قويىنغا.

ئېرىقلىرىنى باغاشلاپ يامرىدىم پەۋەس،
سۆيگۈم بىلەن يىلتىزلىرىغا كەتتىم سىڭىپ،
مىس رەڭ دانلىرىغا چىڭ يامىشىپ.
بىلسەڭەر مېنىڭ خۇشال كۈتكىنىمنى
پەقەت قالار زەررىچە نەپ مەندىن ئاڭا.

ئىزدەيدۇ ئۇ مېنى چەكسىز ۋە چەكسىز،
قاچقان تەنلىرىدىن هارارەتسىز تەرلەر
ئاھ، ئىنسانلار، مېھرىڭنى ئەتمە ئۇنىڭدىن تەرك

## يوق ئىكەن بىزنىڭ يايلىقىمىز

يوق ئىكەن بىزنىڭ يايلىقىمىز،
كۆكۈمدا تىلىپ تاشلاپ زور قۇياشنى
نىگاھلار تۇشمۇ-تۇشتىن ئورۇن بەردى
كۆرۈپ ئۇيۇقتىكى يامراشنى.
ھامان كۆلچەككە تاشلانغان سىڭا قارىچۇق.
قاشالانغان تۇپرىقىمىز يوق بىزنىڭ.
تاڭ بىلەن زاۋالنىڭ ئارىسىدا
قاتماقتا تەنلىرى ساسلىقىمىزنىڭ.
كولىۋالدى لاتقىلارنىڭ تېگىدىن
ئىسكىلىتىنى
مۆڭگۈزلۈك ئېرلاندىيە بۇغىسىنىڭ
دەسسەتسەڭ ئوخشايدۇ باداڭ سىۋەتكە —
بامبۇك بىلەن توقۇلغان.
يۈز يىل مۇقەددەم
لاي ئاستىغا چۆككەن سارماي
كولىۋالساڭ ئاپئاق يەنىلا
ئۆز پېتى، يوقاتمىغان تەم.
قارايغان ياغ بۇ تۇپراقنىڭ ئۆزى،
ئاياغلار ئاستىدا ئېرىمەكتە.
مىليون يىللار ئاڭا باقمىغان
ئاخىرقى تەبىرىنى كۈتمەكتە.
ئۇلار مەڭگۈ كۆمۈر قازمايدۇ بۇندا،
بەھەيۋەت قارىغايلارنىڭ شاخلىرى
يۇمشاپ، لۆمۈلدەپ تۇرىدۇ سۇدا.
بوز يەر ئاچقۇچىلىرىمىز بىزنىڭ
تەكتىنى توختاۋسىز بارار قېدىرىپ.
ئېچىلغاندا ئۇنىڭ ھەر قاتلىمى
ئىنسان ياشىغانلىقى تۇرار بىلىنىپ.

كۆزلىرىگە بۇ ساسلىقنىڭ
سىڭىپ كېتەمدىغاندۇ ئۇلۇغ ئوكيان.
ئەملەشكەن ئوتتۇرىسى چوڭقۇر، بەك چوڭقۇر،
تەكتىگە يېتىپ بولماس ھېچقاچان.

# تىلغا سىغدۇرۇلغان ھېسسىيات

«ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى يېڭىلىنىش» دېگەن بۇ چوڭ تېما ئۈستىدە گەپ بولغاندا، مەن بىر خىل ئەنسىزلىك ھېس قىلىمەن. گەرچە مەن ئۆزۈمنى يېڭى زېمىن ئاچتىم، دەپ قارىسامۇ، بۇرۇن قىلغانلىرىمنى ئەسلىگىنىمدە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كونا يەرنى ئۆزگەرتىشلا بولغانلىقىنى بايقاپ قالىمەن. مەن بۇ يەردە ئاشۇ زېمىنگە كىرىشتىكى يولۇمنى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

مەن سىلەرگە شۇ نەرسىنى ئېيتىشقا ھوقۇقلۇقمەنكى؛ شېئىر — سېھرىيەتنى ئىگىلەش دېمەكتۇر. شېئىر — ئۆز-ئۆزىنى ئاشكارىلاش ھەم مەدەنىيەتنىڭ ئۆز-ئۆزىگە قايتىشى دېمەكتۇر. شېئىر — ئۆزلۈكسىزلىك تىرادىتسىيىسىگە، قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىق پۇرىقىغا ھەم ھەقىقىلىق تۇيغۇسىغا ئىگە. ئۇ يەرگە كۆمۈلگەن فارفور پارچىلىرى كۆمۈلگەن شەھەر تەرىپىدىن غايىب قىلىنمايدىغان مۇھىملىقتا ئىگە. شېئىر — بىر خىل قېزىش، يەنى تاشقا ئايلانغان گىيالارنى ئىزدەش يولىدىكى قېزىش دېمەكتۇر.

«قېزىش»نى مەن تۇنجى قېتىم يازغان تىلغا ھېسسىيات سىغدۇرۇلغان شېئىرىم دەپ قارايمەن. گەرچە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى مىسراسىدىن قازغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە پەخەس بولۇش ئىستىكى ئەمەس، بەلكى قوراللىق قاراقچىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان ھەيۋىسى چىقىپ تۇرسىمۇ، بۇ شېئىرنىڭ رېتىمى ۋە ساداسى يەنىلا مېنى خۇشال قىلىدۇ. مەن بۇ شېئىرنى 1964-يىلى يازدا، يەنى شېئىر بىلەن يۈزەكى تونۇشۇپ ئاللاھەزەل ئىككى يىلدىن كېيىن يازغان. خۇددى پېترىك كاۋانا ئېيتقاندەك، بىر ئادەمنىڭ شېئىر بىلەن تونۇشۇشى شۇنداقلا شېئىرنى بايقىشى ئۇنىڭ ھاياتى دېمەكتۇر. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى تۇنجى قېتىم سۆزلەرنى تىزىپ قويۇش بىلەنلا قالماستىن، رېئال تۇرمۇشقا ئىچكىرىلەپ كىردىم، دەپ ھېس قىلغانىدىم. ئۇ ئىشلارنىڭ پاكىتىمۇ، كۆرۈنۈشىمۇ چىنلىقتا ئىگە، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن نام پەيدا قىلغان خۇشاللىق ماڭا بىر خىل پەرۋاسىزلىق ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغانىدى. مەن باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانداق قاراشتا بولۇشىغا پەرۋا قىلمايمەن. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ خۇددى مەن سىنچىلاپ كۆزەتمەكچى بولغان قىياپەت ۋە پىكىردە نامايان بولۇپ، مېنى ھەيران قالدۇردى.

مۇزلىغان ياغىچۇنىڭ بىخسىغان ھىدى،
نەملەشكەن كۆمۈرنىڭ شاراقلاشلىرى،
كۈچ بىلەن چېپىلغان گۈرجەكنىڭ تىغى،
ھايات يىلتىزىنىڭ كېسىلگەن دېغى.

ئويغىنار بۇرجىدا خىياللىرىمنىڭ،
ئۇلارنى دوراشقا ئامالىم يوقتۇر،
ئەپسۇسكى، مېنىڭدە گۈرجەك يوق تېخى.

ئارىسىدا بارماقلىرىمنىڭ
تۇرار قىسقىلىق يوغان بىر قەلەم
مەن ئۇنىڭ بىلەن قازىمەن.

باياتىن ئېيتقىنىمدەك، مەن ئۇنى ئون يىل ئىلگىرى يازغان. ئۇنى قېزىپ چىققان دېسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى مەن نەچچە يىللار ئىلگىرىلا قەلبىمگە يوشۇرۇنغان ئاشۇ نەرسىنى ئاخىر تونۇپ يەتكەنىدىم. قەلەم بىلەن گۈرجەكنىڭ سېلىشتۇرمىسى بۇ تېمىنىڭ ئاددىي يادروسى، بۇنى بەئەينى ماقال شەكلىدىكى ئاددىي ساۋات خاراكتېرلىك تېما دېسىمۇ بولىدۇ. بۇ شېئىردا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنى پەقەت ئەقىل بېخىلىرىنىڭ شاكال تاشلىشى، ئەسەرنىڭ جەزىبىلىك تەرىپى شۇ يەردىكى، مەن يېزىۋاتقان چاغدا كۆڭۈل قاتلىرىمدىكى ئاشۇ ماقال شەكلىدىكى قۇرۇلمىنى قىلچە ھېس قىلمىغانىدىم، ھەمدە بۇ شېئىرنىڭ نەچچە يىللاردىن كېيىن ئوي-پىكرىمگە قايتىپ كېلىپ، يەنە بىر خىل قېزىشقا تەمسىل بولۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلمىغانىدىم.

مەن «قېزىش»نىڭ مۇھىملىقىنى ئارتۇقچە تەكىتلىمەكچى ئەمەسمەن، ئۇنىڭ غايەت زور ھەم قوپال ياسالغان قازغۇچى شېئىرىي ماشىنا ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. مەن بۇ تېمىنى پەۋقۇلئاددە ئەۋزەللىككە ئىگە دەپ قارىمايمەن. لېكىن ئۇ «بىر خىل كۈي ۋە ئاھاڭ ئىزدەش»نىڭ تىمسالى سۈپىتىدە بىزگە يەنىلا قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ.

كۈينى ئىزدەپ تاپتۇق دېگەنلىك — ئۆز ھېسسىياتىمىزنى ئۆز تىلىمىزغا سىغدۇرۇدۇق، تىلىمىزدا ئۇنىڭغا بولغان تۇيغۇمىز ئىپادىلەندى، دېگەنلىكتۇر. مېنىڭ قارىشىمچە ئۇ ھەتتا بىر ئوخشىتىشمۇ بولماي قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى بىر شېئىردىكى كۈي ۋە كەيپىيات شائىرنىڭ تەبىئىي كەيپىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ تەبىئىي كەيپىيات ۋە كۈي دەل شائىر ئۆزى ئاڭلىغان، ئۆزى يېزىۋاتقان مىسرالاردىكى ئەڭ مۇۋاپىق جارچىنىڭ ساداسىدىن ئىبارەتتۇر. مەن ئۆز مەقسىتىمنى تېخىمۇ تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن تېمىدىن ئازراق چەتنىمەكچىمەن.

سولژېنىتسىن «بىرىنچى قېتىم دەۋر قىلىش» ناملىق پروزىسىدا سوۋېت پائالىيىتىنى موسكۋا شەھەر ئەتراپىدىكى بىر تۈرمىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ستالىن ئوتتۇرىغا قويغان قۇرۇلۇشتا ئىشلەيدىغان مەجبۇرىي ئەكىلىنگەن يۇقىرى تېخنىكىغا ئىگە مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى تېلېفوننى مەخپىي تىڭشاش ئۈسكۈنىسى كەشىپ قىلىش بولىدۇ. لېكىن بۇ مەخپىي تىڭشىغۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاۋاز ۋە خەۋەرلەرنى ئاددىي ھالدا خاتىرىلەش بولماستىن، بەلكى سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ ئاساسىي ئاھاڭ شەكلىنى پەرقلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاددىي تىل بىلەن بايان قىلغاندا، ئۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاۋازىدىكى ئۆزگىچىلىكنى بايقىيالايدۇ، مەيلى كىشىلەر ئاۋازىنى قانچىكى نىقابلاپ، سۆزىنى قانچىكى ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى خاتىرىلىنىپ قالىدۇ. بۇ بىر ئاۋازنى بارماق ئىزىغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى خاتىرىلەپ، پەرقلەندۈرۈش توغرىسىدىكى خىيال ئىدى.

ھازىر ئەدەبىياتتىكى تەلىم-تەربىيە خۇددى مەن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەندەك، سېنىڭ قۇلىقىڭنى شېئىرلارنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەخپىي تىڭشايدىغان قۇرۇلما قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ماۋزۇسى ۋە يېزىلغان ۋاقتى چىقىرىۋېتىلگەن بىر شېئىر سۆز ئىشلىتىش، ئوخشىتىش ھەمدە رىتىم قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئەنگلىيە شېئىرىيىتىنىڭ بۇ خىل مەخپىي ساقچى تۈزۈمى — ئۇسلۇبنى بىر خىل بەلگە دەپ قارايدىغان ئىدىيە ئاساسىغا قۇرۇلغان. لېكىن مەن شائىر سۆز قىلغاندىكى ئاھاڭ كەيپىياتىنىڭ يادروسى بىلەن شېئىردىكى ئاھاڭ كەيپىياتىنىڭ يادروسى ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭ ئىپتىدائىي ئاھاڭ كەيپىياتى بىلەن ئۆزى بايقىغان ئۇسلۇب ئوتتۇرىسىدا

مەلۇم باغلىنىش بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، سىنىڭ تۈيغۇڭغا تەبىئىي ماس كېلىدىغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنى بايقىيالىشىڭ، سۆللىرىنچىنىڭ تېخنىك مۇتەخەسسىلىرى كونترول قىلماقچى بولغان ئىستىخىيىلىك سەزگۈرلۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈڭگە باغلىق.

ئۇنداقتا سەن ئۇنى قانداق بايقايسەن؟ راستىنى ئېيتقاندا، سەن ئۇنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان، سەن باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئاۋازىدىن بىرەر نەرسىنى ئاڭلاپ قالسەن، ئۇ سىنىڭ قۇلىقىڭغا كىرىپ، ئورتاق سادا پەيدا قىلىدىغان نېرۋىلىرىڭگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىنىڭ پۈتكۈل نېرۋا سىستېماڭ ئاجايىپ شادلىنىپ «ۋاھ، ئاشۇ سۆزنى، ئاشۇ خىل شەكىلدە مەن قىلسام بولماماتتى؟» دېگەن ئىنكاسنى قايتۇرىدۇ. ئاشۇ يازغۇچى ئەمەلىيەتتە ساڭا قانداقتۇر مۇھىم گەپلەرنى قىلغان بولىدۇ، سەن ئاشۇ گەپلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدۇڭ ۋە تەجرىبەڭنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى پەيدا قىلغان ھەقىقىي ئورتاق سادا ئىكەنلىكىنى تەبىئىي ھالدا ھېس قىلىسەن. لېكىن

سەن يازغۇچى بولۇش سۆيگۈڭ بىلەن باسقان تۇنجى قەدىمىڭدە قۇلىقىڭغا كىرگەن ئاشۇ سادالارنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تەقلىد قىلىسەن.

ماڭا مۇشۇ خىل شەكىلدە تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچى مىلىر خوفگېنس بولدى. ئۇنىۋېرسىتېتنىكى چاغلىرىمدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇساملا بىر نەرسە يازغۇم كېلىپ كېتەتتى. شۇ مەزگىلدە مەن تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرەتتىم، قەلىمىمدىن ئېقىپ چىققىنى دەل ئېقىپ كىرگەن نەرسە بولدى. يەنى ئۆزگىرىشچان باش قاپىيەدىكى ئاھاڭدارلىق ۋە پەتكۈزۈۋاتقان كۆيى دەل خوفگېنسنىڭ تىپىك سەكرەتمە مۇزىكىدارلىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى...

دەرۋەقە مەن ئۆزۈمنى بىر ئاھاڭ تېپىپ بولالىدىم دېيەلمەيمەن، لېكىن مەن بىر خىل ئويۇننى بايقاپ قالدىم. ئۇنىڭ بىر خىل سۆز ئويۇنى ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. مەن ھەتتا ئۇنىڭ ئاستىغا ئۆز ئىسمىمنى يېزىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن.

مەن كەسپىي سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولغان تۇنجى تۇيغۇغا ئىگە بولۇۋاتىمەن، مۇنداق ياكى ئۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخ ۋە تىلسىماتلارنىڭ توشۇغۇچىسى بولغان تىل مېنى مەھلىيا قىلىشقا باشلىدى. بەلكىم خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇشى مۇمكىن، ئاپامنىڭ بۇرۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار جەدۋىلىنى ۋە ئېنگلىز تىلىدىكى مەنبەلەرگە ئىگە قاپىيداش لاتىنچە سۆز يىلتىزى جەدۋىلىنى يادلاپ بەرگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق يادىمدا. مەن

ھەتتا ئۇنىڭدىن خۇددى تېكىستلەشتۈرۈلگەن ئۆزلىرىنى ئاڭلىغاندەك ھۇزۇرلىناتتىم. مانا بۇ پاكىت ئاشۇ ... لەرنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئۈستىدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان تىل نېگىزى سۈپىتىدە مېنىڭ ئاڭلاش سېزىمىمغا ئاساس سالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇنداق ئاساس سېلىش تامامەن ئاڭسىز رەۋىشتە بولغان، لېكىن شېئىرىيەت ئاڭلىق ھالدا تىلنى مەركەز قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇنداق نەتىجىگە سەن شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشەلەيسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن شېئىردىكى پۈتۈن-پۈتۈن كۇپلېتلارنى ۋە سۆزلەرنىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىنى يادلىۋېلىشىڭ كېرەك...

... ئۇنىۋېرسىتېتتا مەن ھەممە نەرسىدىن يىراقلاشتىم، شېئىرلارنى ئۇنلۇك دېكلاماتسىيە قىلدىم ھەمدە ئەدەبىي ژۇرناللارغا ئانچە قاملاشمىغان ماقالىلەرنى يېزىپ تۇردۇم. لېكىن مېنىڭ ئىچكى دۇنيارىمدا ھېچ نەرسە يۈز بەرمىدى. تەجرىبىمۇ چۈشىنىشمۇ بولمىدى، ماھارەت ۋە ھۈنەر دېگەنلەردىن ھېچقانچە ھاسىلات بولمىدى.

مەن ماھارەت بىلەن ھۈنەرنى ئوخشاشمايدۇ، دەپ قارايمەن. ھۈنەرنى سەن باشقا شېئىرلاردىن ئۆگىنەلەيسەن. چۈنكى ھۈنەر دېگەن — قۇراشتۇرۇشتىكى ئۇستىلىق دېمەكتۇر. ئۇ ھېسسىيات ۋە شەخسلىككە بېقىنماستىن جارى بولۇۋېرىدۇ. ئۇ چاقچاق بىر تىلنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش رولىنى قانداق ساقلاپ قېلىشنى ئۆگىتىدۇ؛ ئۇ ساپ ئاھاڭغا يېتىش بىلەن قانائەتلىنىدۇ، لېكىن ئاھاڭ ئىچىدىكى كۆيگە يېتەلمەيدۇ. ھۈنەر ئۆگىنىش خۇددى شېئىر قۇدۇقى ئىچىدە چىغىرىقنى پىرقىرىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش دېمەكتۇر. كۆپىنچە ھاللاردا سەن يېڭىدىن ئۆگەنگەن ۋاقتىڭدا چېلەكنى قۇدۇقنىڭ يېرىمىغىلا چۈشۈرۈپ، قۇرۇق ھاۋانىلا تارتىپ چىقىسەن. سەن ھەقىقىي بىرنەرسىگە تەقلىد قىلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىغىرىق ئارغامچىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت چىڭ تارتىلغانلىقىنى ئىختىيارسىز ھېس قىلغىنىڭدىلا، سېنى ئۆزلۈكسىز جەلپ قىلىدىغان ئاشۇ قۇدۇق سۈيىگە راسا چىلىشىسەن-دە. سەن ئۆزۈڭنىڭ كۆلچىكىدە ئەرەختەن-پەرەختەن بولىسەن. پەقەت شۇ چاغدىلا سەن «ئىشقا يارايدىغان» بولۇپ قالىسەن.

بۇ نۇقتىغا كەلگەندە، ماھارەت ئۈستىگە گەپ قىلىش ھۈنەر ئۈستىدە گەپ قىلغانغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ. ماھارەت — خۇددى مەن تەبىر بېرىپ ئۆتكىنىمدەك، شائىرنىڭ تىلنى بىر تەرەپ قىلىش شەكلى ۋە تۇراق، رېتىم، تىل قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەم ئۆز-ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى چۈشەنچىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقلا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى بىلىش چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقىپ، سىرلىق شەيئىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى بايقىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ماھارەت سىنىڭ ھېسسىي كەيپىياتىڭ بىلەن ئىدىيەڭنىڭ تۈپ ئەندىزە تامغىسىنى شېئىر مىسرالىرىڭنىڭ سۈپىتىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ

ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ ئارقىلىق تەجرىبىنىڭ ئەھمىيىتىنى شەكىل تەۋەلىكى ئىچىگە كىرگۈزۈشتىكى بىر پۈتۈن ئىجادىي ئىزچىللىق. يېتسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ماھارەت دېمەكلىك «ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرغاندىكى بىر يۈرۈش تاسادىپىي ئىشلارنى مەلۇم پىكىرگە، مەلۇم مەقسەتكە ئىگە گۈزەل نەرسىگە ئايلاندۇرۇش» تىن ئىبارەتتۇر.

مېنىڭ قارىشىمچە، ماھارەت — بىرەر سۆز، بىرەر ئىماگ (ھېسسىي ئوبراز) ياكى بىرەر ئەسلىمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھاياجىنىنى دەۋر قىلغان ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنى تەدرىجىي ھالدا روشەن نامايان قىلىپ بېرىش ۋاسىتىسى دېمەكتۇر. بۇنداق روشەنلەشتۈرۈشتە مۇنازىرە قىلىش، چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز، ئۇنىڭ ئەسلى ۋۇجۇدىدا گارمونىك بولغان، ئۆز-ئۆزىنى ئاۋۇندۇرىدىغان يوشۇرۇن كۈچ مەۋجۇت. بىخلىنىۋاتقان ھاياجانغا شارائىت كېرەك. خوفگېنسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، مۇئەييەن شارائىتتا، ئۇ «ئۆز-ئۆزىنى ئاۋۇتۇپ، ئۆز مەيلى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، قىلغان-ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمدىن ئىبارەتتۇر، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن تۆرەلگەن، دەپ جار سالىدۇ.» ماھارەت تۈنجى يالترىشىدا ھەم ئۇنىڭ ھەقىقىي نۇرلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مەن سۆزلەرنى ماھارەتلىك تاللاش مەركىزىي تېمىغا قان ۋە گۆش ئاتا قىلىدۇ، دېگەندىلا چىڭ تۇرماقچى ئەمەسمەن، بۇ ئانچە مۇھىم بولمىغان مەسىلە. بىر شېئىر ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۇقسانىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۆلگەن تۆرەلمىنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. مۇھىم ھەرىكەت تىل ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن ئىلگىرى بولىدۇ. فروستى مۇنداق دەيدۇ: «بىر پارچە شېئىر دەسلەپتە خۇددى بوغۇزۇڭدىكى بەلغەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ بىر خىل يۇرتىنى سېغىنىش كەيپىياتى ۋە سېغىنىش كېسەللىدۇر. ئۇ ئىدىيىنى بايقايدۇ، ئىدىيە تىلنى بايقايدۇ». ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماھارەت بىلەن «بوغۇزدىكى بەلغەم» نىڭ «ئىدىيە» نى بايقاش پائالىيىتىدىكى مۇناسىۋەت، «ئىدىيە» نىڭ «تىل» نى بايقاش مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ نازۇك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىرىنچى خىل مۇناسىۋەت رەم سېلىش، قىياس قىلىش. ئويغىتىش رولىغا ئىگە بولسا، كېيىنكى مۇناسىۋەت قۇراشتۇرۇش ۋە ھۈنەر — سەنئەت تەرەپتىكى رولغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئەنئەنىلىرىمىزدە تەگرى تېپىشماق ئارقىلىق سۆزلەيدۇ، ۋەھىيلىرىنى نىقابلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەيئىلەرگە بولغان كۆزىتىشنى ئەپچىللىك بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. شېئىرىيەت ئەمەلىيىتىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا سىقاپلاش ئەھۋالى، مۇقىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رەڭ ئۆزگەرتىدىغان پەيتلىرى بولىدۇ. بۇ پەيتتە «بوغۇزدىكى بەلغەم» يېڭى ئىدىيە ئاملى ئىچىدە قوغدىنىش رەڭگىنى تېپىۋالىدۇ...

مەن ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمىغا «زۇلمەتكە تۇتىشىدىغان ئىشىك» دېگەن ئىسىمنى قويغان چېغىمدا، پىكورا ئارقىلىق مۇشۇ خىل شېئىرىي كۆز قاراشنى ئىپادىلەشنى، ئۇنى دەپنە قىلىنغان ھېسسىيات ئالىمىگە كىرىشنىڭ شۇنداقلا ئىشىكتىن چىقىپ مۇشۇ خىل تۇرمۇشنى ئىزدەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشنى كۆزدە تۇتقانىدىم. تىلنىڭ ئۆزى ئىشىك دېمەكتۇر. «زۇلمەتكە تۇتىشىدىغان ئىشىك» تىكى نۇرغۇن شېئىرلار ئۆزۈممۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل كۈچتىن ھاسىل بولغان. مەن ئۈچۈن ئۇ مەلۇم تىل ۋە مەنزىرە ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن كۈچ ئىدى، خالاس. مەسىلەن، «سۇدىكى پەرىزات» دېگەن شېئىرىم بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ئالدى بىلەن مېنى جەلپ قىلغىنى تىل سادىسىنىڭ قاراڭغۇ كۆلچىكى بولدى. مۇبادا بىزنىڭ ئاڭلاش سېزىمىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرى بىر سوزۇق ئاۋۇشنى پەرقلەندۈرگىدەك گارمونىك ماس ھالەتكە يېتىپ، ئەڭ ئىپتىدائىيلىق بىلەن مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرەلىگەندە، «سۇدىكى پەرىزات» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا بىر پارچە شېئىر بولالايدۇ. Unda — دېڭىز دولقۇنى، Undine — سۇ ئىچىدىكى پەرىزات دېگەن بولىدۇ. Undine دېگەن ئاھاڭ تەكرارلانغاندا، ئۇنىڭ رىتىمى دولقۇننىڭ ئۆرلىشى ۋە پەسىيىشى، سۇ ۋە قىز، دېڭىز دولقۇنى ۋە تاشقىن، تېشىش ۋە قۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش مەنە قاتلاملىرىنى ئاڭلىتىدۇ. لېكىن ئۇ ناھايىتى قەدىمكى ئىككى مەنىلىك سۆز بولۇپ، قايسىبىر لۇغەتتىن ئۇنىڭ تېخىمۇ ئېنىق تەبىرىنى كۆرگەنىدىم. Undine سۇدا ياشايدىغان بىر خىل شەيتان بولۇپ، ئۇ ئادىمىزاتقا ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئادەم بىلەن توي قىلىپ، بىر باللىق بولۇشى كېرەك ئىكەن. مۇشۇ مەنە بويىچە بوغۇزۇمدىكى بەلغەم — چىرايلىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قۇلىقىمدا جاراڭلاۋاتقان «Undine» دېگەن سادا بىر ئىدىيىگە، يەنى باشقا ئىماگلارنى ئويغىتىدىغان ماگنىت مەيدانىغا ئۆزگەردى. ئاندىن بۇ ئىماگلار ئاشۇ ئەپسانىنى ئاڭلىق يۇسۇندا چۈشىنىش، ئۇنى جىنسىي توقۇنۇشنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشكەن، ئادىمىيلەشكەن ئۇنۇمى ئاساسىدا چۈشىنىش بولۇپ يىغىنچاقلاندى. سۇدىكى پەرىزاتتىن ئىبارەت بۇ ھارارەتسىز قىز تەن سۆيگۈسىنىڭ تەجرىبىسى ئارقىلىق لۇغەتتىكى ئاتالمىش روھقا ئىگە بولدى.

بىر قېتىم مەن بۇ شېئىرنى مۇناستىردا دېكلاماتسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بۇ يېزا ئىگىلىكى توغرىسىدىكى ئەپسانە، ئۇنىڭدا ئېرىقلار ئۈستەڭگە ئايلانغان، ئۇرۇق بىلەن سۇ ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت يۈز بەرگەن چاغدا، بەگباش سۇنىڭ كۆندۈرۈلگەنلىكى ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ئىگە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان، دەپ چۈشەندۈردۈم. بۇ چۈشەندۈرۈش بەلكىم باشقا چۈشەندۈرۈشلەرگە ئوخشاش ياخشى بولسا كېرەك. مەن شېئىردىكى كېڭىيىپ بارىدىغان مەنە قاتلاملىرىنىڭ مۇمكىنقەدەر ئۆزگىرىشچان، مۇقىمسىز بولۇشىنى ياقتۇرىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئاملىلىرىنىڭ ئىمكانقەدەر مۇقىم، تۇراقلىق بولۇشىنىمۇ ياقتۇرىمەن. تىلمۇ ئوخشاشلا ساڭا ئاشۇ ئىككى تەرەپتىكى يولنى بەخش ئېتەلەيدۇ. ئۇلار ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرىنى ئوقۇيدىغان يول ئۈستىدە تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈپ تۇرىدۇ، ھەممە كەينىگە بۇرۇلۇپ شائىرغا ئۆزلىرىنى ئىشلىتىدىغان نىشانغا قاراپ كۆزىنى قىسىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇنىڭ كەينىدە بىر يۈرۈش سىمۋولىزملىق نەزەرىيە بار. بۇ نەزەرىيە رامبونىڭ تاۋۇشلارنى رەڭگە، شېئىرنى ئاۋازغا تەققاس قىلىدىغان كۆز قارىشىدىن باشلىنىپ، يېتسنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىنى «زومگەر ئىماگ» قا ئوخشىتىدىغان قارىشىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئىماگىزمنىڭ ئۇسلۇب ئۆلچەملىرى بىلەن سىمۋولىزمنىڭ ئىستېتىك پرىنسىپى ئوخشاش

جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، يەنى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر خىل ئىماگنى — « مۇئەييەن دەقىقىدىكى ئىدراك بىلەن ھېسسىياتنىڭ يۇغۇرۇلمىسى » نى ئىپادىلەيدۇ. مېنىڭچە، ئېلىيوت بىلەن پېتىرنى مەركەز قىلغان ئەنئەنىۋى ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز.

لېكىن ئەمەلىيەت جەريانىدا سەن ئۆزۈڭنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئۆزۈڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك دەپ قارىغان شېئىرىڭنى داۋاملاشتۇرىسەن. ئۆزۈڭنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ياشاۋېرىسەن، بۇنداق ياشاشتا مەلۇم مۇقىملاشقان نەزەرىيىگە ئەمەس، بەلكى مەلۇم قانائەتلىنەرلىك پەيتلەرگە بولغان ئىشەنچكە تايىنىسەن. ھالبۇكى، سېنىڭ تويغۇڭدا بۇ پەيتلەر داۋاملىق كېڭىيىپ بارىدۇ. سەن ئىشكىڭنى قېقىپ كىرگەن بىر شېئىرنىڭ دەللى ئارقىلىق، كېيىنكى شېئىرنىڭ ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغان تەھدىتىنى ھېس قىلىسەن. ئەڭ گۈزەل مىنۇتلار دەل سېنىڭ پىكىرلىرىڭ چېقىلىپ پارتلاش ھالقىمىغا يەتكەن، سۆز ۋە ئىماگلار ئۆزلىرىنىڭ نورمال ھالىتىدىن قاڭقىپ چىقىپ قايىنامغا تاشلانغان ۋاقىت بولىدۇ. بىر قېتىم مەن ئەنە شۇنداق پەيتكە دۇچ كەلدىم. ئۇخلاش ئالدىدا « يوق ئىكەن بىرنىڭ يايلىقىمىز » دېگەن مىسرا بىردىنلا كاللامغا كىرىپ قالدى-دە، ئاخىرى « ساسلىق » دېگەن شېئىر پۈتۈپ چىقتى.

مەن ساسلىق ھەققىدە بىر پارچە شېئىر يېزىشنى خېلى بۇرۇن ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئۇ ماڭا پەۋقۇلئاددە تەسەللى بەخش ئېتىدىغان بىر مەنزىرە ئىدى. بۇ مەنزىرە ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمنى باللىق دەۋرلىرىمدە باشلانغان دېسەممۇ بولىدۇ. مەن تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا كىشىلەر يېقىن ئەتراپتىكى ساسلىقتىن بىر بۇغىنىڭ ئىسكىلىتىنى تېپىۋالدى. بىرنەچچە قوشنام ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ ئەگرى-بۈگرى رەسىمىنى كېزىتتە ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساسلىقنى مۇشۇ مەنزىرە توغرىسىدىكى ئەسلىمە دەپ قاراشقا، ياكى ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن، ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن بارلىق مەنزىرىنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا باشلىدىم. ئەمەلىيەتتە سىز دۆلەتلىك مۇزېيغا بېرىپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئىرلاندىيىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ماددىي مىراسلىرىنىڭ زور كۆپ قىسمىنىڭ « ساسلىقتا بايقالغان » لىقىنى چۈشىنىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلىمە مېنى شېئىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەۋەللۇت نېسۋىسى بىلەن تەمىنلىگەچكە، مەندە ئەسلىمە بىلەن ساسلىق ھەمدە مىللىي ئېڭىمىز ئوتتۇرىسىدا ماسلىق يارىتىشتىن ئىبارەت سىناپ كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلدى. شۇنداق قىلىپ « يوق ئىكەن بىزنىڭ يايلىقىمىز » دېگەن مىسرادىن كېيىن ئەسلىمىلەر پۈتۈنلەي ئەركىنگە ئۆتتى — بىراق، بىزنىڭ ساسلىقىمىز بار ئىدى.

ئەينى چاغدا مەن بېلغاستتىكى ئايال پادىشاھ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۆتۈۋاتاتتىم. مەن ئامېرىكىنىڭ چۈشەنچىسىدە مۇھىم ئەپسانە دەپ قارالغان چېگرا ۋە غەربىي رايون ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان. شۇڭا مەن ساسلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ — ياق، ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇپ دېسەك، مۇۋاپىقراق بولار — ئۇنى ئىرلاندىيە ئەپسانىسى دەپ قارىدىم. شۇ كۈنى كېچىسى قاتتىق ھاياجان مېنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلدى، ئەتىگىنى شېئىرنى مەن تېزلا يېزىپ پۈتتۈردۈم.

بۇ شېئىرنى يازغان ۋاقىتتىكى ھاياجان خۇددى « قېزىش » نى يازغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش ئىختىيارسىز ھەم ئاڭسىز ھالەتتە بولدى. مەن ئەسلىمە توغرىسىدىكى بۇ شېئىرنى پەيدا قىلغان نەرسىنىڭ خاتىرەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان نەرسە ئىكەنلىكىگە، ئۆزۈمنىڭ بۇ شېئىرنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇنى شېئىر بىلەن باغلاشتۇرغان نەرسە ئىكەنلىكىگە، يەنى، موپىسپىت كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ ساسلىققا كىرگىنىمىزگە قارىتا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. مەن ئۆزىمىزنىڭ قەدىمكى تاپشۇرۇقلىرىمىزدا ساسلىققا پېتىپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا ئۇلار ساسلىقنىڭ تېگى يوق، دەيدۇ (بىزمۇ ئۇلارغا ئىشەندۇق). ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئۇنى ئوغرىلاپ كېلىپ، شېئىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسراسىغا قويۇشۇم، ئۇلارنىڭ خىيالىغا، ياكى مېنىڭمۇ خىيالىمغا كەلمىگەنىدى...

مەن ماقالىنىڭ بېشىدا شېئىرنى سېھرىيەتنى ئىگىلەش بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆز-ئۆزىگە قايتىشى دەپ قاراش كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ئىرلاندىيىدە ئاشۇ تۇپەيلىدىن يېتىم ۋە نۇرغۇن كىشىلەر بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈشنى ئەھمىيەتلىك ئۇچراشتۇرۇش ئارقىلىق، بۈگۈنگە تەبىر بېرىدىغان ۋە بۈگۈننى چۈشەندۈرىدىغان سىناق قايىنىمىغا كىرىپ قالدى. مەن بۇ خىل تىرىشچانلىقنى نۆۋەتتىكى شارائىتتا يېڭىلاشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن. بىراق، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىز ئېزىپ قالدۇق، ماھارەت ئالمىدىن ئايرىلىپ ئەنئەنە دۇنياسىغا كىرىپ قالدۇق، شېئىر يېزىش باشقا گەپ، ستىغان دىدراسىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ تېخى تەۋەللۇت بولمىغان ۋىجدانىنى بەرپا قىلىش باشقا گەپ. ھالبۇكى، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىسىم ۋە مەجبۇرىيەت تەۋەككۇلچىلىك بىلەن شائىرلىق يولىغا ماڭغان كىشىلەرنىڭ بېشىغا چۈشمەكتە.

(« 20-ئەسىر چەت ئەل مۇھىم شائىرلىرى شۇنداق دېگەن » ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن قىسمەن قىسقارتىلىپ ئېلىندى)

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

### ئۇيغۇر مەتبۇئات ئۇچۇرلىرى

△يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىر قىسىم شائىر-يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچى. بۇ كىتابلار مۇنۇلار:

①يازغۇچى توختى ئايۇپنىڭ «تەڭرىنىڭ ھۆكمى» ناملىق رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمى. روماندا ئۇيغۇرلارنىڭ 50-، 60-يىللاردىكى تۇرمۇش رېئاللىقى تەسىرلىك، قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئائىلىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى دوستانىلىق، ۋاپادارلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك نامايەن قىلىنغان.

②«ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانمىلار». ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەر. بۇ كىتابقا ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئەڭ نادىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە زور مەنىۋى ئوزۇق بېرەلەيدۇ.

③«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن تاللانمىلار» چۆچەكلەر پۈتكۈل يازما ئەدەبىياتىمىز، جۈملىدىن پروزىمىزنىڭ مەنبەسى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنغان 16 قىسىملىق ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ ئەڭ نادىرلىرىنى تاللاپ نەشر قىلماقچى.

△چەرچەن ناھىيىلىك ياشلار سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، ياش يازغۇچى تۇرسۇن ئەبەي، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سىلكىنىش پەيدا قىلالايدىغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشىنى ۋە ھەقىقىي مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشنى كۆزدە تۇتۇپ، 1995-يىلى ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ، «ئالتۇنتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تەسىس قىلغانىدى ھەمدە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1995-يىللىق «بوستان» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىن تۆت پارچە ئەسەر ئەڭ مۇنەۋۋەر باھالىنىپ، بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «راۋاقلار» ناملىق چاتما شېئىرى.
(2) تۇرسۇن مەخمۇتنىڭ «سەۋدايى چۈش» ناملىق ھېكايىسى.
(3) پەخرىدىن مۇسانىڭ «بوۋاي ۋە توغراق» ناملىق ھېكايىسى.
(4) تاھىر ھامۇتنىڭ «ياز، بىر سۈيقەست» ناملىق شېئىرى.

### جۇڭگو يازغۇچىلىرى قارىشىدا

△يېقىندا، جاڭ ئەيلىڭنىڭ 1940-يىلى ئېلان قىلىنغان تۇنجى ئەسىرى «تالانت ئىگىسىنىڭ چۈشى» جاڭ ئەيلىڭ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن بايقالدى. ئەدەبىي تارىخچى، شاڭخەي خۇادۇڭ سىفەن داشۆنىڭ پروفېسسورى چېن زىشەن ئەپەندى ئۇنىڭ 1936-يىلى ئېلان قىلىنغان ھېكايىلىرىنى، شۇنداقلا 1932-يىلى ئېلان قىلىنغان ھېكايىسى «بەختسىز ئايال»نى بايقاپ، ئۇنى ئەدەبىياتىمىزدىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەم ئۇچرايدىغان مول ھوسۇللۇق تالانت ئىگىسى دەپ باھا بەردى. 1932-يىلى بالىق كەبىلىك «بەختسىز ئايال» نى يازغان ۋاقتتا ئەمدىلا تولۇقسىزنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇيتتى. ئە[illegible] ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان بىر يېتىم قىزنىڭ ئۆزى مۇستەقىل ھالدا تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇقى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، يېتىم قىزنىڭ بالىلىق تۇرمۇشىغا بولغان ئىنتىلىشى، سېغىنىشى، ساپ مۇھەببىتى ئۆتكۈر تىل بىلەن تەسۋىرلىنىپ، يېتىم قىزنىڭ كەلگۈسىگە، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشى ياخشى ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

△مەشھۇر ئەدىب مارىك تۋېننىڭ 1885-يىلى يېزىلغان «ھېكلىبېر رىپېننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنىپ، بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن يازغۇچىنىڭ شۇ ۋاقىتتا تېخى ئېلان قىلىنماي قالغان بىر باب ئورىگىنالى باشقىلار تەرىپىدىن بايقالغان. ئورىگىنالنىڭ قىممىتى بىر مىليون

## چەت ئەل يازغۇچىلىرى ئارىسىدا

فونتسترلىڭغا يارايدۇ. يېقىندا «نيۇ-يورككىلقلار» ژۇرنىلى بۇ بىر باب ئورىگىنالنى رەتلەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات سەھنىسىدە خېلى زور تەسىر قوزغىدى. ئەدەبىي ئوبزورچىلار مۇنداق دەپ قاراشتى: «بۇ ئەسەر شېكسپىرنىڭ داڭلىق ئەسىرى < ھاملىت > بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە».

بۇ بۆلەك بايقالغاندىن كېيىن ئالىملار ئارىسىدا ئىككى خىل ئوخشاشمىغان ئىنكاس پەيدا بولدى. بىر خىل پىكىردىكىلەر ئاپتور ئۆز ۋاقتىدا بۇ بۆلەكنىڭ مەزمۇنىنى ئارتۇقچە دەپ قاراپ چىقىرىپ تاشلىغان، دەپ قارىدى. يەنە بىر پىكىردىكىلەر، بۇ بۆلەك ئىنتايىن قىممەتلىك، چۈنكى ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن «ھېكلىبېر رىپېننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق ئەسەرنى ئوقۇغانلار تېخىمۇ مول مەزمۇننى بايقىغان. ئالدىنقى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرگەن، دەپ قارىدى.


《天尔塔格》文学双月刊
1996 年　第 3 期

Tangritag TwoMonthly Literature
journal In Uygur Language

«تەڭرىتاغ»
1996-يىل 3-سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路 16 号
电话：2818897，2819490 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司（782信箱）
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-83

零售价：2.20 元
پارچە سېتىلىشى: 2.20 يۈەن



دىرېكتور: ئابدۇرېشىت مەجىت




ئاقيار تائام مەركىزى شايار ناھىيىسى ۋە قوشنا ناھىيىلەر ئىچىدىكى رېستورانلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇيغۇرچە ئالاھىدىلىككە ئىگە رېستوران بولۇپ، بىر چوڭ زال ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى ئالتە ئايرىم خانىلاردىن تەركىب تاپقان. ھەر خىل چاي ۋە يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈشكە باب كېلىدۇ.

**ئادرېسى: شايار ناھىيە تېرەك كوچا**

تېلېفون: **8322114**، **8322994** (**0997**)

ISSN 1004-1745
05



بىر قىسىم رېستوران خادىملىرى



رېستوراننىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشلىرى

